

(سوۋېت) چىنگىز ئايتماتوۋ

# ئاق پاراخوت



(چوچەككە تەقلىت)

دىلبەر ياقۇپ
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەزىزجان مەخسۇت
ئىسمائىل ئىبراھىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: خوجا ئابدۇللا ئوسمان

مىللەتلەر نەشرىياتى

كتابخانه شخصی
مترجم مهدی أبو أصل

# (1)

ئۇنىڭ ئىككى ھىكايىسى بار. بىرسى ئۇزۇننىڭكى، ئۇنىڭ مەز-
مۇنىنى ھىچكىم بىلمەيدۇ. يەنە بىرسى بوۋىسى سۆزلەپ بەرگەن
ھىكايە. كېيىن، بۇ ئىككى ھىكايە ئىز-دېرەكسىز يوقالدى. نىمە
ئۈچۈن؟ بىزنىڭ سۆزلەيدىغىنىمىزمۇ دەل مۇشۇ.

بۇ بالا بۇ يىل 7 ياشقا كىردى، قوساق يېشى بويىچە ھىساپلىغاندا
8 ياشقا كىردى.

دەسلەپتە، بىر سومكا سېتىۋالدى. بۇ بېغىنىڭ ئاستىدا پاقىراپ
تۇرىدىغان مىتال قۇلۇپى بار، سۇنئى خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن سومكا
ئىدى. قىسقىسى، ئۇ ئادەتتىكىدىن باشقىچىرەك لېكىن يەنە مەك-
تەپكە بارغاندا ئىشلىتىدىغان ئەڭ ئاددى سومكا ئىدى. ۋەقەنىڭ
ھەممىسى مۇشۇنىڭدىن باشلىنىدۇ.

بۇ سومكىنى بوۋىسى ئۇنىڭغا كوچمە دۇكاندىن ئېلىپ بەرگەن.
كوچمە دۇكان چارۋىچىلار ئېھتىياجلىق بولغانماللارنى ئېلىپ،
تاغلىق رايوندا ئارىلاپ يۈرىدۇ، بەزىدە سان-تاش جىلغىسىدىكى
ئورمان قاراۋۇلخانىسىغىمۇ مال ساتقىلى كېلىدۇ.

كېيىش مەنئى قىلىنغان تاغلىق رايون ئورمانلىغى بۇ يەردىكى
ئورمان قاراۋۇلخانىسىدىن تارتىپ تار جىلغا ۋە يانباغىرلارنى بويلاپ

يۇقۇرىغىچە سوزۇلىدۇ. ئورمان قاراۋۇلخانىسى تۇرۇشلۇق جايدا ھەممىسى بولۇپ 3 ئۆيلۈك كىشى بار. شۇنداق بولسىمۇ، كوچمە دۇكان گايى-گايىدا ئورمان قاراۋۇللىرىنى يوقلاپ كېلىپ قالىدۇ.

ئۈچ ئۆيلۈك كىشى ئارىسىدىكى بۇ بىردىن-بىر ئوغۇل بالا ھەمىشە كوچمە دۇكاننى بىرىنچى بولۇپ بايقايدۇ.

"كەلدى!—ئۇ ۋاقىرىغىنىچە ھەربىر ئۆيلۈكنىڭ ئىشىك-دەرىزىلىرىگە قاراپ يۈگۈرەيدۇ.—ماشىنا دۇكان كەلدى."

ماشىنا چاقلىرىنىڭ بېسىشىدىن ھاسىل بولغان يول تار جىلغا، دەريا ياقىسىنى بويلاپ، تاش پارچىلىرى، ئازگاللاردىن ئوتۇپ، ئىسسىق كول بويىدىن بۇ يەرگىچە سوزۇلغان. ماشىنىنى بۇ يولدا ھەيدەپ مېڭىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. قاراۋۇل تېغىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، كوچمە دۇكان جىلغا-جىرالارنىڭ ئاستىدىن يانتۇلۇققا چىقىپ، ئۇ يەردىن ھەم تىك ھەم سىلىق يانتۇلۇقنى بويلاپ، ئورمان قاراۋۇللىرىنىڭ هويلىسىغا قاراپ ئاستا-ئاستا يېقىنلاپ كېلىدۇ. قاراۋۇل تېغى يېقىنلا يەردە. ياز كۈنلىرى، بۇ ئوغۇل بالا كۈندە دىگۈدەك تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ دۇربۇن بىلەن كولگە قارايدۇ. تاغ ئۈستىدە تۇرسا، يولدىكى ھەممە نەرسە—پىيادىلەرمۇ، ئاتلىقلارمۇ ئوپ-ئوچۇق كورۇنىدۇ. ماشىنىمۇ كورۇنىدۇ. ئەلۋەتتە.

بۇ قېتىم (تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بولغان ئىش) بالا كولچەكتە يۇيۇنۇۋېتىپ، ماشىنىنىڭ توپا توزىتىپ يانتۇلۇقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كوردى. كولچەك دەريا بويىدىكى سايلىقتا بولۇپ، بالىنىڭ بوۋىسى ئۇنى تاش بىلەن قوپۇرۇپ ياساپ بەرگەن. بۇ كولچەك بولمىغان بولسا، كىم بىلىدۇ، بۇ بالا ئاللىبۇرۇنلا ھاياتىدىن ئايرىلغان بولاتتى. مومىسىنىڭ ئېيتىشىچە، دەريا سۈيى ئاللىبۇرۇن ئۇنى ئېقىتىپ ئىسسىق

كولـگە ئېلىپ بارغان، ئۇ بولـسا كولـدىكى بېلىقـلارغا ۋە تۇرلۇك سۇ ئوسۇملۇكلىرىگە ھەمرا بولغان بولاتتى. بەلكى ھېچـكىممۇ ئۇنى ئىزلىمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەسرەت چەكمەيتتى، چۈنكى ھېچكىمـ نىڭـمۇ سـۇغا شۇڭغۇپ چۈشۈپ، ھېچكىمنىڭ جىسـمدى ئېھتىياجـلىق بولمىغان بىر بالىنى تېپىپ چىقىشى ھاجەتسىز ئىدى. بۇنـداق ئىش ھازىـرچە تېـخى بولـمىدى، لېكىن بۇ ئىش ھەقىقەتەن بولىدىغان بولسا، كىم بىلىدۇ، مومىسى راستلا ئۇنى قۇتقۇزماي قاراپ تۇرامدۇ تېخى. بالا ئۇنىڭ ئور نەۋرىسى بولغان بولسـىدى، ئەلۋەتـتە ئىش باشـقىچە بولغان بولاتـتى، لېـكىن دەل مومايـىنىڭ ئېيتقىنىـدەك، بالا يات بالا ئىدى. ئۇنى قاچانغىچە باققىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرگىنى بىلەن، يات دىگەن ھامىنى يات. يات ئادەم...... ئەگەر ئۇ يات ئادەم بولۇشنى خالىمـىسا، ئۇ چاغدا قانـداق بولىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتەي يات ئادەم دەپ قارىلىشى كېرەك ئىكەن؟ بەلـكىم، يات ئادەم ئۇ ئەمەس، بەلكى دەل مومىسىنىڭ ئۆزىدۇ!

لېكىن بۇ مەسىلە ئۈستىدە كېيىن توختـىلىمەن، ھەنە بوۋىسىنىڭ كولچىگى ئۈستىدىمۇ كېيىن توختىلىمەن......

شۇنداق قىلىپ، شۇ چاغدا ئۇ تاغدىن چۈشۈپ يولنى بويلاپ توپا توزىتىپ كېلىۋاتقان ماشىنا دۇكاننى يىراقتىن كوردى. بۇ دورەم بوۋىسىنىڭ چوقۇم ئۇزىگە بىر سومكا ئېلىپ بېرىدىغانلىقىـنى پەملەپ، ئۇنىڭ قەلبى شاتلىققا تولدى. ئۇ دەرھال سۇدىن چىقىپ، ئىـنچىكە پاچاقلىرىنى ئۇزىتىپ، تېزلىك بىلەن ئىشتىنىنى كىيدى، بەدەنلىرى ھول بولغاچقا، توڭلاپ كوكىرىپ كەتكەن ئىـدى (چۈنكى دەريانىڭ سۇيى مۇزدەك ئىدى)، ئۇ كوپچىلىككە دۇكاننىڭ كەلگەنلىكىنى بىرىنچى بولۇپ خەۋەر قىلىش ئۈچۈن، چىغىر يولنى بويـلاپ ھويلىـغا قاراپ

چاپتى.

بالا ئۇچقاندەك يۈگۈرەيتتى، ئۇششاق چاتقاللاردىن ئاتلاپ ئۆتەتتى. يولنى قورام تاشلار توسقاندا، سەكرەپ ئۆتەلمىسە، ئايلىنىپ ئۆتەتتى. مەيلى چاتقاللاردىن ياكى قورام تاشلار يېنىدىن ئۆتكەندە بولسۇن، ئۇلارنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىغى، ھەتتا پۇتلاشتۇرۇپ يىقىتىۋېتىدىغانلىغىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇ بىر سېكۇنتنىمۇ زايا قىلماي يۈگۈرەيتتى. "ماشىنا دۇكان كەلدى. مەن سەل تۇرۇپ كېلىمەن." — ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، يولدىكى "ياتقان توگە" (ئۇ يېرىمى توپىغا كۆمۈلۈپ قالغان دۈمچەك بىر گىل رەڭ گىرانىت تاشنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى)گە قاراپ ۋاقىرايتتى. ئادەتتىكى كۈنلەردە بالا بۇ يەردىن ئۆتكەندە ھەمىشە "توگە" نىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇپ قوياتتى. ھامان خوجايىن قىياپىتىدە، بوۋىسى ئۆزىنىڭ كالتە قۇيرۇقلۇق ئاختا ئېتىنى ئۇرۇپ قويغاندەك، ئۇنى ئۇرۇپ قوياتتى-دە، پەرۋاسىزلىق بىلەن: مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇر، مېنىڭ ئازراق ئىشىم چىقىپ قالدى، دەيتتى. ئۇنىڭ يەنە بىر "ئىگەر" تېشى (ئۈستىدە يېرىم ئاق، يېرىم قارا چېكىتلەر بولغان، ئوتتۇرىسى ئويمان تاش) بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرسا بەئەينى ئاتقا مىنگەنگە ئوخشايتتى. يەنە بىر "بورە" تاش (ئاقۇش قوڭۇر رەڭلىك كەلگەن، توم بويۇن، قوپال ماڭلايلىق، تۇرقى بورىگە بەكمۇ ئوخشايدىغان تاش) بار ئىدى. ئۇ دائىم ئاستا ئومىلەپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ھەممىدىن بەك ياقتۇرىدىغىنى "تانكا" (دەريا سۈيى يالاپ تۇرىدىغان، دەريا قىرغىقىدا قەد كۆتىرىپ تۇرغان چوڭ تاش) ئىدى. قاراپ تۇرۇڭلار، "تانكا" قىرغاقتىن ئوقتەك چۈشۈشى بىلەنلا، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىدىن بۇژغۇنلار

چاچرايدۇ. كىنولاردا تانكا مانا مۇشۇنداق ھەركەت قىلىدۇ: قىرغاقتىن سۇغا ئۇقتەك چۈشىدۇ-دە، مېڭىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ كورگەن كىنولىرى ناھايىتى ئاز ئىدى، شۇڭا كورگەن نەرسىلىرىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلايتتى. بوۋىسى گايىدا ئۇنى تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى سوۋخوزغا تەۋە نەسىللىك چارۋا فېرمىسىنىڭ كىنوخانىسىغا كىنو كورگىلى ئېلىپ باراتتى. شۇڭا، "تانكا"نىڭ قىرغاقتا دەريادىن ئوتۈشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدىغانلىقى ئۇنىڭ ئېسىدە قالغان ئىدى. يەنە باشقا تاشلار — مەسىلەن، "زىيانلىق" ياكى "ئاقكوڭۇل" تاشلار، ھەتتا "ھىلىگەر" ۋە "كالۋا" تاشلارمۇ بار ئىدى.

ئۇسۇملۈكلەر ئارىسىدىمۇ ئوخشاشلا "سۇيۇملۇك"، "باتۇر"، "قورقۇنچاق"، "ياۋۇز" ۋە باشقا خىلمۇ-خىل ئۇسۇملۈكلەر بار. مەسىلەن، خوخا تىكەن ئاساسلىق دۇشمەن. ئۇ بىر كۈن ئىچىدە ھامان خوخىنى نەچچە ئون قېتىم قىرىپ تاشلايتتى. لېكىن بۇنداق جەڭنىڭ ئايىغى ئۇزۇلمەيتتى، — خوخا بولسا ھە دەپ ئوسۇپ، ھەممە يەرنى قاپلاپ كېتەتتى. يەنە ئىدىرلاردا ھەشقىپىچەك بار، گەرچە ئۇلارمۇ ياۋا ئۇسۇملۈك بولسىمۇ، لېكىن ھەشقىپىچەك ئەڭ ئەقىللىق ۋە خۇشخۇي گۈل. ھەر كۈنى ئەتىگەندە، ئۇلار ھەممىدىن بەكرەك زوق بىلەن قۇياشنى كۈتۈۋالىدۇ. باشقا ئوت-چوپلەر ھېچنىمىنى بىلمەيدۇ: ئەتىگەن بولامدۇ، كەچ بولامدۇ، ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر. ھەشقىپىچەك بولسا ئازراق ئاپتاپنى كورسىلا كوزىنى ئېچىپ كولۇمسىرەيدۇ. دەسلەپ بىر كوزىنى، ئارقىدىن ئىككىنچى كوزىنى ئاچىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر بىرىگە ئۇلىشىپ گۈل بەرگلىرىنىڭ ھەممىسى ئېچىلىدۇ. ئاق، ھاۋارەڭ، ئاچ سوسۇن..... ئاستا كېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرساڭ، ئۇلارنى گويا ئويغانغاندىن كېيىن

شۋىرلىشىۋاتقاندەك ھىس قىلىسەن. ئۇششاق چۇمۇلىلەرمۇ بۇنى
بىلىدۇ. ئەتىگەندىلا ئۇلار ھەشقىپىچەكنىڭ ئۇستىدە چېپىپ يۈرۈشىدۇ،
قۇياش نۇرىدا كوزلىرىنى چىمىلدىتىپ، گۈللەرنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق
سالىدۇ. چۈشىنى ئېيتىپ بېرىۋاتقاندۇ، بەلكىم!

كۈندۈزى، ئادەتتە چۈش ۋاقتلىرى، ئۇ بالا كوپ غوللۇق شىرال
دەرىخى ئۇسىدىغان ئورمانلىققا كىرىشىنى ياخشى كورەتتى. شىرال
دەرىخى يوغان ھەم ئېگىز ئۇسىدۇ، چېچەكلىمىگىنى بىلەن، ئۇنىڭدىن
گۈپۈلدەپ خۇشپۇراق كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ دەرەخلەر باشقا ئوسۇملۇك-
لەرنى ئۇزىگە يېقىن يولاتمايدۇ، توپ-توپ ئۇسىدىغان بولغاچقا،
بەئەينى كىچىك ئارالغا ئوخشايدۇ. شىرال دەرىخى سادىق دوست.
ئەگەر سەن بىرەرسىدىن ئازار يەپ، راسا يىغلاپ قوسىغىڭنى بوشى-
تىۋالماقچى بولساڭ ھەم باشقىلارنى كورۇپ قالمىسۇن دىسەڭ، بۇ
دەرەخلىققە كىرسەڭ بولىدۇ. شىرال ئورمانلىغىدىن قارىغايلىقنىڭ-
كىدەك پۇراق كېلىپ تۇرىدۇ. ئورمانلىقنىڭ ئىچى ھەم دىمىق، ھەم
جىمجىت. لېكىن مۇھىمى، دەرەخلەر ئاسماننى توسۇۋالمايدۇ.
ئوڭدىڭغا يېتىپ، كوك ئاسمانغا قانغىچە قارىيالايسەن. دەسلەپتە كوز
ياشلىرىڭ توسۇۋېلىپ ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمەيسەن. بىر پەستىن
كېيىن، بۇلۇتلار ئۇزۇپ كېلىپ، تەسەۋۋۇرۇڭدىكى ھەممە نەرسىنى
شەكىللەندۇرىدۇ. بۇلۇت بارام بولۇۋاتقانلىغىنى بىلىدۇ، سىنىڭ
بارلىق كىشىلەرنى چوچۇتكەن ھالدا: بالا يۇتۇپ كەتتى، ئۇنى نەدىنمۇ
تاپارمىز، دىگۈزۈپ، ھېچكىم تاپالمايدىغان يىراق جايلارغا كەتكۈڭ
كېلىدۇ..... بۇنداق ئىشلارنىڭ سادىر بولماسلىغى، سىنىڭ بۇ يەردىن
ئايرىلماي، تىنچىقىنا يېتىپ بولۇتلارنىڭ ئۇزگىرىشىنى تاماشا قىلى-
شىڭ ئۇچۇن، بولۇتلار سىنىڭ تەسەۋۋۇرۇڭ بويىچە خىلمۇ-خىل

ئاجايىپ كورۈنۈشلەرنى پەيدا قىلىش ئارقىلىق سىنى بەزلەيدۇ.
ئۇيمۇ-ئوخشاش كورۈنىدىغان بولۇتلاردىن مۇرەككەپ ۋە خىلمۇ-
خىل قىياپەتلەرنى كورەلەيسەن. بولۇتلارنىڭ نىملەرنى شەكىللەن-
دۈرۈۋاتقانلىغىغا پۈتۈن دىققىتىڭ بىلەن قاراپ تۇرىسەن.
شىرال ئورمانلىغى جىمجىت. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرەخلەر ئاسماننى
توسۇۋالمايدۇ. بۇ ئورمانلىقتىن ئىسسىق قارىغايلىق ھىدى كېلىپ
تۇرىدۇ......
ئۇ يەنە ئوت-چۆپكە دائىر نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدۇ. ئۇ سايدىكى
ئوتلۇقتا ئۆسكەن، كۆمۈشتەك پاقىراپ تۇرىدىغان چىغلارغا ئازار
بەرمەيدۇ. بۇ چىغلارنىڭ باشلىرى يېنىك، ئوزىمۇ غەلىتىلا. ئۇلارنىڭ
يىپەككە ئوخشاش يۇمشاق چىچەكلىرى شامالسىز ياشىيالمايدۇ. ئۇلار
دائىم شامالنى كۈتۈپ تۇرىدۇ: شامال قايسى تەرەپكە چىقسا، ئۇلار
شۇ تەرەپكە ئېگىلىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇيرۇقىا بوي سۇنغاندەك، ھەممى-
سى بىرلىكتە ئىگىلىدۇ. قارا يامغۇر ياغىدىغان بولسا، ئۇلار يوشۇ-
رۇنىدىغان جاي تاپالماي، ئۇ ياق-بۇ ياققا ئىغاڭلىشىپ، يىقىلىشىپ،
يەرگە چاپلىشىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ پۈتى بولىدىغان بولسا، تىكىۋەتكەن
بولار ئىدى، بەلكىم......لېكىن ئۇلار خۇپسەنلىك قىلىدۇ. يامغۇر
توختىشى بىلەنلا، شاللاق چىغلار يەنە قايتىدىن شامالدا ئىغاڭلاشقا
باشلايدۇ—شامال قايسى تەرەپكە چىقسا، شۇ تەرەپكە ئېگىلىدۇ......
بالىنىڭ ھەمراسى يوق، ئۇ ئەتىدىن-كەچكىچە مۇشۇ ساددا تەبى-
مۇھىتتا ياشايدۇ. كوچمە دۇكاننى كورگەندىلا ئۇ بۇلارنىڭ ھەممى-
سىنى ئۇنتۇيدۇ، ھىچنەرسىگە قارىماي ئۇنىڭغا قاراپ چاپىدۇ. بۇ كوچمە
دۇكانغا گەپ سىغامدۇ، بۇ قانداقتۇ تاش، ئوت-چۆپ
ئەمەستە، بۇ كوچمە دۇكاندا نىملەر يوق دەيسىز!

بالا يۇگۈرۈپ ئۆيــگە كەلگەن چاغــدا، كوچمە دۇكان ئۆيىنىڭ كەينىدىن ھويلىغا كىرگەن ئىدى. ئورمان قاراۋۇلخانىسىدىكى ئۆيلەر دەرياغا قاراپ تۇرــدۇ، ئالــدى تەرەپ ئۇدۇل دەريا قىرغىــقىغا تۇتىشىدىغان ۋە سەل يانتۇلىشىپ بارىدىغان پەس يولغا ئايلانىغان، دەريانىڭ ئۇ قېتىدا بولــسا، دەريا سۈيــى يالاپ تۇرىدىــغان تىــك قىــرغاقــتىن تارتىپ تاغ-ئىدىــرلارنى قاپلــغان ئورمان لوڭقىــدە چوقچىيىپ تۇرىدۇ، شۇڭا، ئورمان قاراۋۇلخانىــسىغا بارىدىــغان يول پەقەت بىرلا — ئۆيىنىڭ كەينىدىن ئايلىنىپ كېلىــش كېرەك. بالا ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ خەۋەر قىلمىغان بولــسا، كوچمە دۇكانىــنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتــتى.

بۇ چاغدا، ئەر كىشىلەر ئۆيدە يوق ئىدى. ئۇلار سەھەردىلا ئۆز ئىشلىرىغا كەتكەن. ئاياللارلا ئۆي ئىشلــرى بىلەن بەنــت ئىــدى. بالا ھەر بىر ئۆيلۈكنىڭ ئىشىگىگە كېلىپ:

— كەلدى! كەلدى! كوچمە دۇكان كەلدى! — دەپ چۇقىرىدى.

ئاياللار قوزغىلــپ كېتىشتى، تىقــپ قويــغان پۇللىرىنى ئىزلەپ تېپىشىپ، بىر بىرىدىن قېلىشماي ئۆيلىرىــدىن يۈگۈرۈپ چىقىشتى. ھەتتا مومىسىمۇ بالــنى:

— قاراڭلار، ئۇنىڭ كوزى نىمىدىگەن ئوتكۇر! — دەپ ماختاپ قويدى.

بالا كوچمە دۇكاننى خۇددى ئۆزى ئېلىپ كەلگەندەك بەك خوش بولۇپ كەتــتى. ئۇ ئۇلارغا بۇ خــوش خەۋەرنى يەتــكۈزەلىگەنلىكــى ئۈچۈن ئۆزىنى بەختلىــك ھــس قىلــدى، شۇنداقــلا، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ھويلىغا قاراپ يۈگۈرۈپ، ئۇلار بىلەن بىللە يوپۇقــلۇق يۈك ماشىنىسىنىڭ ئېچىقلىق ئىشىگى ئالدىدا قىستىشىپ تۇرغانلىغى ئۈچۈنمۇ

ئۇزىنى بەختلىك ھىس قىلدى. لېكىن دۇكاننىڭ ئىشىگى ئالدىغا بېرىپلا، ئاياللار ئۇنى ئىبدىن چىقىرىۋەتتى. ئۇلار ئۇنى ئەسلەپ نىمە قىلىدۇ، ياڭزىمۇ-ياڭزا ماللار ئۇلارنىڭ كوزلىرىنى قاماشتۇرۇ-ۋەتتى-دە. ئاياللار ھەممىسى بولۇپ 3 كىشى يەنى بالىنىڭ مومىسى، بېكەي ھاماچىسى (بالىنىڭ ئاپىسىنىڭ ئاچىسى، ئۇرمان قاراۋۇلخانى-سىدىكى ئەڭ مۇھىم شەخس بولغان ئۇرمان نازارەتچىسى ئاروزقۇل-نىڭ ئايىلى) ۋە ياردەمچى ئىشچى سېيدەخمەتنىڭ ئايىلى گۇلجامال ئىسىملىك چوكان (ئۇ كىچىك قىزىنى كوتىرىۋالغان) ئىدى. بارى-يوقى مۇشۇ 3 ئايال ئىدى. لېكىن ئۇلار ئالدىرىشىپ، نەرسە-كېرەك-لەرنى ئۇ يان-بۇ يان ئورۇپ، ئالدى-كەينىگە قاراپ شۇنچىلىك قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلدىكى، مال ساتقۇچى ئۇلاردىن تەرتىپ بويىچە بىر-بىرلەپ كېلىشنى، تەڭلا چۇرۇلداشماي بىر-بىردىن سوزلەشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

لېكىن مال ساتقۇچىنىڭ سوزى ئاياللارغا كار قىلمىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن ھەممە نەرسىنى قۇچاقلاپ ئالدىغا تارتىشتى، ئارقىدىن تاللاشقا كىرىشتى، ئاخىردا تاللىۋالغان نەرسىلىرىنى قايتۇرۇۋەتتى. ئۇلار تاللىۋالغان نەرسىلىرىنى بىر چەتكە قويۇپ، كېيىپ بېقىشاتتى، تالىشاتتى، گۇمان قىلىشاتتى. ئۇلار ئوخشاشلا بىر ئىشنى نەچچە ئون قېتىملاپ ياندۇرۇپ-ياندۇرۇپ سورىشاتتى. بۇنى ياقتۇرمايتتى، ئۇنى قىممەت كورەتتى، يەنە بىرسىنىڭ بولسا رەڭگىنى ياراتمايتتى..... ئوغۇل بالا بىر چەتتە قاراپ تۇرۇپ، زېرىكىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ دەسلەپتە مەلۇم ئالاھىدە شەيئىنى كورۇشكە ئىنتىزار بولغان قىزىقىشى يوقالدى، ئۇنىڭ كوچمە دۇكاننى كورگەندە پەيدا بولغان خوشاللىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

ئۇنىڭ نەزىرىدە، كوچىمە دۇكان تۈيۈقسىزلا تۈرلۈك ئەسكى-تۈسكىلەر بىلەن تولغان ئاددى ماشىنىغا ئايلىنىپ قالدى.

مال ساتقۇچىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى: بۇ خوتۇنلار ھېچنەرسە ئالمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇ نېمىشقىمۇ تاغ-داۋانلار-دىن ئېشىپ، شۇنچە يىراق يەردىن بۇ يەرگە كەلگەن بولغىيتتى؟

ئويلىغاندەك، خوتۇنلارنىڭ كوڭلى سوۋۇشقا باشلىدى، ھەتتا زېرىكىپ قېلىشتى. ئۇلار ھەم ئۆزئارا چۈشەندۈرۈشۈۋاتقاندەك، ھەم مال ساتقۇچىغا ئېيتىۋاتقاندەك قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئاقلىغىلى تۇردى. موماي بىرىنچى بولۇپ پۇلى يوقلۇقىدىن زارلاندى. پۇلۇڭ بولمىغاندىن كېيىن، مال ئالالمايسەن-دە. بېكەي ھاماچا ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز چوڭراق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا پېتىنالمايتتى. ئۇ دۇنيادىكى بارلىق ئاياللار ئىچىدە ئەڭ بەختسىز ئايال ئىدى، ئۇنىڭ بالىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاروزقۇل ھاراق ئىچىپ مەس بولغاندا دائىم ئۇنى ئۇراتتى، بوۋاي بۇنىڭدىن قاتتىق ئازاپلىناتتى: بېكەي نېملا دېگەن بىلەن ئۇنىڭ قىزى-دە. بۇ دورەم، بېكەي ئۇششاق-چۈششەك نەرسە ۋە 2 شىشە ۋوتكا سېتىۋالدى. بۇ بىكاردىن-بىكار پۇل بۇزغانلىق، بۇ بالايى-ئاپەتلا ئېلىپ كېلىدۇ، خالاس. موماي تاقەت قىلالمىدى.

—نېمىشقا ئۆزەڭگە ئۆزەڭ بالا تاپماقچى بولىسەن؟—مال ساتقۇچى ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ، پەس ئاۋازدا شىۋىرلىدى ئۇ.

—ئۆزەممۇ بىلىمەن—، بېكەي قىسقىلا سوز بىلەن ئۇنىڭ گېپىنى بولۇۋەتتى.

—ھەي قاپاقۋاش!—موماي ئىچى قارىلىق قىلىپ ئاستا غودۇڭ-شۇپ قويدى، مال ساتقۇچى بولمىغان بولسا، ئاللىبۇرۇنلا بېكەيگە

تەنبھ بەرگەن بولاتتى. ئۇلارنىللىشىمۇ قالغان ئىدى تېخى......

گۈلجامال ئىسىملىك چوكان پۇلنى ياندۇرۇۋالدى. ئۇ مال ساتقۇچىغا ئېرىنىڭ يېقىن ئارىدا شەھەرگە كىرىدىغانلىغىنى، شەھەردە پۇل لازىم بولىدىغانلىغىنى، شۇڭا پۇلنى خەجلىۋەتسە بولمايدىغانلىغىنى ئېيتقىلى تۇردى.

شۇ تەرىقىدە، ئۇلار كوچىمە دۇكاننىڭ يېنىدا قىستىلىشىپ يۈرۈپ، مال ساتقۇچىنىڭ دېگىنىدەك: "بىر ياماقلىق" مال ئېلىشىپ، ئۆز ئۆيلىرىگە مېڭىشتى. ھەي! مۇشۇمۇ تىجارەت بولدىمۇ؟ مال ساتقۇچى كېتىۋاتقان خوتۇنلارنىڭ ئارقىسىدىن بىرنى تۈكۈردى-دە، ئۇلار قالايمىقان قىلىۋەتكەن نەرسە-كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ، كەتمەكچى بولۇپ كەينىگە قاراپ ماڭدى. مۇشۇ چاغدىلا ئۇنىڭ كوزى بالىغا چۈشتى.

—نىمە قىلىپ تۇرىسەن، سالپاڭ قۇلاق؟—دەپ سورىدى ئۇ بالىدىن. بالىنىڭ قۇلاقلىرى دىڭگايغان، بويىنى ئىنچىكە، بېشى يوغان ئىدى،—بىرەر نەرسە ئالاي دەمسەن؟ ئالىدىغان بولساڭ تېزرەك بول، بولمىسا دۇكاننى تاقىۋېتىمەن. پۇلۇڭ بارمۇ؟

مال ساتقۇچى بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ مۇنداقلا سوراپ قويغان ئىدى، لېكىن بالا ئەدەپ بىلەن:

—يوق، ئاكا، پۇلۇم يوق،—دەپ بېشىنى چايقىدى.

—مېنىڭچە، سېنىڭ پۇلۇڭ بار،—دىدى مال ساتقۇچى يالغاندىن ئىشەنمىگەندەك بولۇۋېلىپ، ئاۋازىنى سوزۇپ،—بىلىپ قوي، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى باي، لېكىن ئەتەي كەمبەغەل قىياپەتكە كىرىۋالىسىلەر...... يانچۇغۇڭدىكى نىمە، پۇل ئەمەسمۇ؟

—پۇل ئەمەس، ئاكا—،دىدى بالا بايىقىدەكلا سەممى، ئەستايە-

دىل قىياپەتتە، ئۇ يەنە توشۇك يانچۇغىنى ئۆرۈپ كورسەتتى (يەنە بىر يانچۇغى تىكىۋېتىلگەن ئىدى).

— ئۇنداقتا پۇلۇڭ چۈشۈپ قاپتۇ-دە. يۈگۈرۈپ كەلگەن يولۇڭغا بېرىپ ئىزلەپ باق. تېپىلىدۇ.

ئۇلار بىر پەس جىم بولۇپ قېلىشتى.

— سەن كىمنىڭ بالىسى؟ — مال ساتقۇچى يەنە سورىغىلى تۇردى، — مومىن بوۋاينىڭ، شۇنداقمۇ؟

بالا بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇنىڭ نەۋرىسىغۇ دەيمەن؟

— هەئە، — دەپ يەنە بېشىنى لىڭشىتتى بالا.

— ئاپاڭ قەيەردە؟

بالا ئۈنچىقمىدى. ئۇ بۇ هەقتە سوزلەشنى خالىمايتتى.

— ئۇ سىلەر بىلەن پەقەت ئالاقە قىلمامدۇ؟ ئاپاڭنى بىلمەيسەن، راستمۇ؟

— بىلمەيمەن.

— داداڭنىچۇ؟ ئۇنىمۇ بىلمەمسەن؟

بالا زۇۋان سۈرمىدى.

— بۇ قانداق بولغىنى، ئاغىنە، هېچنىمىنى بىلمەيدىكەنسەنغۇ، — دەپ مال ساتقۇچى چاقچاق قىلىپ ئەيىپلىدى، — راستىنلا شۇنداق بولسا مەيلى. مە، ئالە! — ئۇ بىر چاڭگال كەمپىتنى بالىغا ئۇزاتتى، — خوش، كەتتىم، — دىدى.

بالا ئىزا تارتىپ قالدى.

— ئالە، ئال. ۋاقتىمغا كاشىلا قىلما. مەن كەتمىسەم بولمايدۇ.

بالا كەمپىتنى يانچۇغىغا سېلىپ، ماشىنىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ،

ئۇنى يولغىچە ئۇزىتىپ قويماقچى بولدى. ئۇ تەپسە تەۋرىمەيدىغان هورۇن پاخماق ئىت — بالتىكنى چاقىردى. ئاروزقۇل بۇ ئىتنى ئۇلتۇرۇۋېتىمەن دەپ تەھدىت سېلىپ تۇراتتى: ئۇ، بۇ ئىتنىڭ نىمىگە كېرىكى بار؟ دەيتتى. لېكىن بالىنىڭ بوۋىسى ئۇنىڭدىن بىر مەزگىل تەخىر قىلىپ تۇرۇشنى ئۆتۈنەتتى، بوۋاي قورۇقچى ئىتتىن بىرەرسىنى تاپقاندىن كېيىن بالتىكنى باشقا جايغا ئاپىرىۋەتمەكچى ئىدى. بالتىكنىڭ هىچنەرسە بىلەن كارى يوق ئىدى، قوسىغى تويسىلا ئۇخلايتتى، قوسىغى ئاچسا بىرەر نەرسە بېرەرمىكىن دەپ، كىشىلەرگە كوزلىرىنى مولدۇرلىتىپ قارايتتى، ئوز ئادەم بولامدۇ ياكى يات ئادەم بولامدۇ، ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە تاشلاپ بەرسىلا بولاتتى. بالتىك مانا مۇشۇنداق بىر ئەركەك ئىت ئىدى. لېكىن بەزىدە ئۇمۇ بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ، ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن چاپاتتى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئانچە ئۇزۇن يۈگۈرمەيتتى، بىرلا قوغلىۋەتسە، ئۇ قورقۇپ ئارقىسىغا بەدەر قاچاتتى. ئۇ ھەقىقەتەن بىر لاللما ئىت ئىدى. لېكىن نىملا بولمىسۇن، ئىت بىلەن بىللە يۈگۈرۈش يالغۇز يۈگۈرگەندىن مىڭ ياخشى ئىدى. مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، ئۇ بەربىر بىر ئىتتە.....

بالا مال ساتقۇچىغا بىلىندۈرمەي، بالتىككا ئاستىلا بىر تال كەمپىت تاشلاپ بەردى. "قۇلاق سال، — دىدى ئۇ ئىتقا، — بىزگە خېلى ئۇزۇن يۈگۈرەشكە توغرا كېلىدۇ." بالتىك يەنە كەمپىت بېرەرمىكىن دەپ ئاستا غىڭشىپ، قۇيرۇغىنى شىپاڭشىتىپ قويدى. لېكىن بالا ئۇنىڭغا كەمپىت بەرمەسلىك قارارىغا كەلدى: بۇنداق قىلسا باشقىلارنىڭ ئاچچىغى كەلمەمدۇ، كەمپىتنى ئىتقا تاشلاپ بەرسۇن دەپ بەرمىگەن تۇرسا.

مانا شۇ چاغدا، بالىنىڭ بوۋىسى كورۇندى. بوۋاي بالچىلىق مەيدانىغا بارغان ئىدى. بالچىلىق مەيدانىدىن بۇ تەرەپتە بولۇۋاتقان ئىشلارنى كورگىلى بولمايتتى، ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندە كوچمە دۇكان تېخى ماڭمىغان ئىدى. بولمىسا، بالا سومكىغا ئىگە بولالمىغان بولاتتى. بۇ كۇنى بالىنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى.

بەزى چاتاقچى كىشىلەر مومىن بوۋاينى "چېپىلغاق مومىن" دەپ ئاتىشاتتى، توت ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى تونۇيتتى، ئۇمۇ ھەممە ئادەمنى تونۇيتتى. مومىن بارلىق ئادەمگە، ھەتتا ئانچە تونۇشمايدىغان ئادەملەرگىمۇ ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، يەنە ھەرقانداق كىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا دائىم تەييار ئىدى، شۇڭلاشقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا "چېپىلغاق مومىن" دىگەن لەقەمنى قويۇشقان ئىدى. لېكىن ئالتۇننى ئۇشتۇمتۇت بىكارغا بېرىۋەتكەندە كىشىلەر ئۇنى قەدىرلىمەيدىغان بولۇپ قالغاندەك، ئۇنىڭ قىزغىن-لىغىنى ھېچكىم قەدىرلىمەيتتى. ھېچقانداق كىشى مومىنگە ئۇنىڭدەك ياشانغان كىشىلەرگە بىلدۇرۇشكە تېگىشلىك بولغان ھورمەتنى بىلدۇر-مەيتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن تەكەللۇپسىزلا ئالاقىلىشاتتى. ھەرقېتىم بۇغا ئەۋلاتلىرى ئىچىدىكى ئابرويلۇق بىرەر موتىۋەرنىڭ نەزىرسى بولغاندا (مومىن دەل بۇغا ئەۋلادى ئىدى، ئۇ بۇنىڭ بىلەن تولىمۇ پەخىرلىنەتتى، ئۇزى بىلەن بىر ئەۋلات كىشىلەر ئىچىدىكى ھەرقان-داق ئادەمنىڭ نەزىرسىنى قولدىن بەرمەيتتى)، كىشىلەر ئۇنى مال سويۇش، ئىسسىق مېھمانلارنى كۇتۇۋېلىش، ئۇلارنى ئاتتىن يولەپ چۇشۇرۇش، سىنچاي تۇتۇش، ھەتتا ئوتۇن يېرىش، سۇ توشۇش قاتارلىق ئىشلارغا سالاتتى. كاتتا نەزىرلەردە، تەرەپ-تەرەپتىن كېلىدىغان مېھمانلارنىڭ سانىغى يوق تۇرسا، قىلىدىغان ئىشلار ئاز

بولىدۇ دەمسىز؟ مومىننىڭ بېجىرىشكە ھاۋالە قىلىنغانلىكى ئىشلارنى ئۇ ھەم تېز، ھەم ياخشى ئورۇنلايتتى، بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇ ئىدىكى، ئۇ باشقىلارغا ئوخشاش ھورۇنلۇق قىلمايتتى. بىر قېتىم، ئايىر كەنتىدىكى چوكانلار ئولۇپ كەتكەن ئەجدادىنىڭ نەزىرىسىنى قىلغاندا، نۇرغۇن مېھمانلارنى كۈتۈۋالدۇ، ئۇلار مومىننىڭ ھەممە ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرگەنلىكىنى كورۇپ، ئىختىيارسىز ھەيران بولۇشۇپ:

"چېپىلغاق مومىن بولمىغان بولسا، قانداقمۇ قىلاتتۇق!" دېيىشىدۇ.

نەتىجىدە، نەۋرىسىنى ئېلىپ يىراق جايدىن يېتىپ كەلگەن بۇ بوۋاي چاي قايناتقۇچىغا ياردەمچى بولىدۇ، مۇشۇنداق ئورۇنغا چۇشۇرۇپ قويۇلسا ھەرقانداق ئادەمنىڭ جان-پېنى چىقمامدۇ؟ لېكىن مومىن بۇنداق ئىشلارغا پىسەنت قىلمايتتى.

چېپىلغاق مومىننىڭ مېھمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىغا ھېچكىم ھەيران بولمايتتى، ئۇ شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى، چۈنكى ئۇ ئەبدىل-ئەبەت چېپىلغاق مومىن-دە. ئۇزىنىڭ شورى، كىم ئۇنى كورگەنلا ئىشقا چېپىلسۇن دەپتۇ! مۇبادا بىرەرسى تەئەججۇپ بىلەن ئۇنىڭدىن: "ئاقساقال، نېمىشقا خوتۇن خەقلەرگە ئىش قىلىشىپ بېرىسىز؟ پۇتۇن كەنتتىكى يىگىتلەر ئولۇپ تۈگىگەنمۇ-يا؟" دەپ سورىسا، مومىن:

"ئولگەن كىشى مېنىڭ قېرىندىشىم (ئۇ بۇغا ئەۋلاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇزىنىڭ قېرىندىشى ھېساپلايتتى. ئەمەلىيەتتە باشقا مېھمانلارنىڭ ئولگۈچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يېقىن ئىدي). ئۇنىڭ نەزىرىسىدە مەن خىزمەت قىلمىسام، كىم خىزمەت

قىلىدۇ؟ بىز بۇغا ئەۋلاتلىرى ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادىمىز — مۈڭگۈز-لۈك بۇغا ئانىدىن تارتىپ قېرىنداش بولۇپ كەلگەن. ئەڭ ھۆرمەت-لىك بۇغا ئانىمىز بىزگە مەيلى ھايات ئادەم ياكى خاتىرىدىكى ئادەم بولسۇن، ئۇلارنى دوست تۇتۇشنى تاپىلىغان......" دەپ جاۋاپ بېرەتتى.

قاراڭلار، چېچىلغاق مومىن مانا مۇشۇنداق ئادەم!

چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن ئۇنى سەنلەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن چاقچاق-لىششقا بولاتتى، بۇنى بوۋاي ئېغىر ئالمايتتى؛ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىسىمۇ بۇنىڭدىن ئۇ قىلچە ئاغرىنمايتتى. بەزىلەرنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە ھۆرمەت قىلدۇرۇشقا مەجبۇرلاشنى بىلمەيدىغان ئادەمنى خەقلەر كەچۈرمەيدۇ دىگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن. ئۇ ئۇنداق قىلىشنى بىلمەيتتى.

مومىن قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىدى، ئۇ ياغاچچىلىق قىلالايتتى، ئات جابدۇقلىرىنى ياسىيالايتتى، مەڭگەن دۆۋىلىيە-لەيتتى. ئۇ ياش ۋاقتىدا كولخوزدا ئىشلىگەندە، مەڭگەننى شۇنچە-لىك ياخشى دۆۋىلەيتتىكى، قىش كەلگەندە ئۇنى چۇۋۇشقا كىشىنىڭ كۆزى قىيمايتتى. شاقىراپ ياققان يامغۇر، ئۆدەككە سۇ يۇقمىغاندەك، ئوت دۆۋىسى ئۈستىدىن سىرىلىپ چۈشۈپ كېتەتتى-دە، ئوتنىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتمەيتتى، قار چۈشكەندىن كېيىنكى ئوت دۆۋىسى كىشىگە ئىككى تەرىپى قىيپاش ئۆگزىنى ئەسلىتەتتى. ئۇرۇش مەزگىلىدە، مومىن ئەمگەكچى جەڭچى سۈپىتىدە ماگنىتوگورسكىدا تامچىلىق قىلىپ، ستاخانوۋچى بولغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئورمان قاراۋۇلخا-نىسىدا دەرەخ كەسكەن، ئورمانغا قارىغان. نامدا ياردەمچى ئىشچى دىيىلگىنى بىلەن، ئورمانغا ھەقىقى قارايدىغان كىشى مومىن ئىدى،

كۆيوغلى ئاروزقۇل كوپ ۋاقىتلاردا مېھماندارچىلىققا كېتەتتى. باشلىقلار ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قالغاندىلا، ئۇنىڭ ئۆزى باشلىقلارنى ئورمانلىققا باشلاپ باراتتى. ئۇلارنى ئوۋ ئوۋلاشقا تەكلىپ قىلاتتى، مۇشۇنداق چاغلاردىلا ئۇ بۇ يەرنىڭ خوجايىنى بولۇۋالاتتى...... مومىن يەنە مال-چارۋىلارغا قارايتتى، ھەسەل ھەرىسى باقاتتى، ئەتىدىن-كەچكىچە تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى ئالدىراشچىلىق ئىچىدە دېگۈدەكلا ئۆتكەن بولسىمۇ، باشقىلارنى ئۆزىگە ھۆرمەت قىلدۇرۇشنى ئۆگىنەلمىگەن ئىدى.

مومىننىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىمۇ مۇۋەپپەتلەرگە قىلچە ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭدا سالاپەتمۇ، كىبىرمۇ يوق ئىدى، ئۇ قىلچىمۇ سۈرلۈك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يۇمشاق ئىدى، ئۇنىڭ ياخشىلىق قىلىپ يامانلىق كۆرىدىغان ئالاھىدىلىكى بىر قاراشتىلا بىلىنىپ تۇراتتى. ھەرقانداق دەۋر كىشىگە: "يامان ئادەم بولساڭ بولغىنىكى، ئاقكۆڭۈل بولما! دۇرۇس، يامان ئادەم بولساڭ بول!" دەپ تەلىم بېرىدۇ، مومىن بولسا ئۆزىنىڭ قىلغىنىنى ئۆزى تارتىدىغان، ھېچقانداق ۋاقىتتا تۈزەلمەيدىغان بىر ياخشىچاق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەمىشە كۈلكە يېغىپ تۇراتتى، يۈزلىرىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن ئىدى، كۆزلىرى گويا: "قانداق؟ ماڭا بۇيرۇيدىغان بىرەر ئىشىڭىز بارمۇ؟ نېمە ئىشىڭىز بارلىقىنى ئېيتىپلا قويۇڭىز، دەرھال بىجا كەلتۈرىمەن......" دەۋاتقاندەك قاراپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ بۇرنى يۇمشاق، پاناق بولۇپ، قاڭشىرى يوق دېگۈدەكلا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بويىمۇ پاكار بولۇپ، ئوسمۇرلەردەكلا چاققان ئىدى.

ساقال-بۇرۇتلىرىنى ئېيتمايلا قويۇڭ. كۈلكىگە قالماقتىن باشقا

ئامال يوق. سىپ ـ سىلىق ئىگىگىنىڭ ئۈستىدە 2 ـ 3 تالىلا قىزغۇچ تۈك بار، ئۇنىڭدىكى ساقال ـ بۇرۇتنىڭ ھەممىسى شۇ.

كوپ ھاللاردا، ساقاللىرى قويۇق ئۆسكەن، ئۈستىگە كەڭ قايرىما ياقىلىق يوغان جۇۋا، بېشىغا كىگىز ئالپاق كىيگەن سالاپەتلىك بىر مويسىپىتنىڭ ئىگىرىگە كۆمۈش يالىتىلغان قاۋۇل ئاتقا مىنىپ كېتىۋاتقانلىغىنى كورىسىز، بۇنداق كىشىنى كورگەندە ئەھۋال تامامەن باشقىچە بولىدۇ. سىز چوقۇم بۇنداق كىشىنى دانىشمەن، ئەۋلىيا دەپ ھىساپلايسىز، بۇنداق كىشىلەرگە ئېگىلىپ تازىم قىلىشىڭىزمۇ ئۇقالىيسىزلانمايسىز، بۇنداق كىشىلەر ھەممىلا يەردە ھورمەتلىنىدۇ. مومىن بولسا تۇغۇلغىنىدىن تارتىپلا چېپىلغاق مومىن، خالاس. بەلكىم، ئۇنىڭ بىردىن ـ بىر ئارتۇقچىلىغى باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزىنىڭ ئابروينى تۆۋەنلىتىپ قويۇش (ئولتۇرۇشى جايىدا بولماي قىلىش، سوزى جايىدا بولماي قىلىش، جاۋاۋى جايىدا چىقماي قىلىش، كۈلكىسى جايىدا بولماي قىلىش......) تىن قورقماسلىق بولسا كېرەك. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مومىننىڭ ئۆزىمۇ ئويلاپ يەتمىگەنكى ئۇ ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدىغان بەختلىك كىشى. بىرمۇنچە كىشىلەر باركى، ئۇلارنى كېسەللىك سەۋەۋى بىلەن ئولىدى دىگەندىن كورە، تىزگىنلىيەلمەيدىغان، ئۆزلىرىنى مەڭگۇ قىينايدىغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرى تۈپەيلىدىن ئولدى دىگەن تۈزۈك. ئۇلار ئۆز- لىرىنى ئەسلىدىكى تۇرقىدىن قاۋۇلراق كورسىتىش كويىدىلا بولىدۇ. (باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئەقىللىق، سالاھىيەتلىك، چىرايلىق، يەنە كېلىپ سالاپەتلىك، ئادىل، كەسكىن دىيىشىنى كىممۇ خالىمى- سۇن؟......)

لېكىن مومىن ئۇنداق ئادەم ئەمەس. ئۇ غەلىتە ئادەم، كىشىلەر

ئۇنىڭغا غەلىتە ئادەمگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلدۇ.

مومىننىڭ ناھايىتى ئاچچىغىنى كەلتۈرىدىغان بىر ئىش بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. بىرقېتىم مەلۇم بىر كىشىنىڭ نەزىرىسىنى ئوتكۈزۈشكە تەرەددۇت قىلىنىۋاتقاندا، ئۇ مەسلىھەتلىشىشكە تەكلىپ قىلىنماي قالدى...... بۇ ئىشقا ئۇنىڭ ناھايىتى ئاچچىغى كەلدى، كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. ئۇزىنىڭ قالدۇرۇپ قويۇلغانلىقىغا ئەمەس، — بۇنداق يىغىندا ئۇ پەقەت كېلىپ ئولتۇرۇپ بېرەتتى، بەرىبىر ھېچقانداق نەرسىگە چىشى پاتمايتتى، — بەلكى قەدىمقى ئەنئەنىنىڭ بۇزۇپ تاشلانغانلىقىغا خاپا بولدى.

مومىننىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى ۋە غەم-قايغۇسى بار، ئۇ دائىم كېچىلەردە يىغلايدۇ. بۇنى يات ئادەملەر بىلمەيدۇ. لېكىن، ئۆيىدىكىلەر بىلىدۇ.

مومىن نەۋرىسىنىڭ كوچىمە دۇكان يېنىدا ھاڭۋېقىپ تۇرغانلىقىنى كورۇپلا، بالىنىڭ نىمىدىن بېشى قېتىپ تۇرغانلىقىنى دەرھال چۇشەندى. لېكىن مال ساتقۇچى مېھمان-دە، ئاۋال ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن، بوۋاي تېزلا ئاتتىن چۈشۈپ، مال ساتقۇچىغا ئىككى قولىنى ئۇزاتتى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خوجايىن! — ئۇ چاقچاق ئارىلاش سوزلىدى: — مال كارۋىنىڭ تېچ-ئامانمۇ؟ سودا-سېتىق ئىشلىرىڭ ئوڭۇشلۇقمۇ؟ — مومىن مال ساتقۇچىنىڭ قولىنى قىزغىن سىلكىدى، — ھەش-پەش دىگىچە بىرمۇنچە ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ، كورۇشمىگىلىمۇ خېلى ئۇزاق بولدى. ئامان بولغىن!

مال ساتقۇچى كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ ئەۋارە ئۇستىۋېشىغا كوز يۈگۈرتتى: يەنىلا ھېلىقى يىرتىق بىرزىنت ئۆتۈك، خوتۇنى تىكىپ

بەرگەن بوز ئىشتان، يىرتىق چاپان، كونا كىگىز قالپاق.
— كارۋانىغۇ ئامان-ئىسەن، — دېدى مال ساتقۇچى جاۋاپ بېرىپ، — يامان بولغىنى، سودىگەر مەھەللىگىلەرگە كەلسە، سىلەر ئورمانلىقتا، جىلغىدا قاچىسىلەر، ئۇنى ئاز دەپ، ئولۇش ئالدىدا جېنىنى ساقلىغاندەك، خوتۇنلىرىڭلارغا ھەر بىر تىيىننى چىڭ ساقلاشنى تاپىلايسىلەر. بۇ يەردە مال دېگەن تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتسىمۇ، ھېچكىمنىڭ بىرەر ياماق خەجلىگۇسى كەلمەيدۇ.
— ئەيىپكە بۇيرۇما، جىگىرىم، — مومىن سەل خىجىل بولۇپ ئۆزرەخالىق ئېيتتى، — سېنىڭ كېلىشىڭنى بىلگەن بولساق، ھەرگىزمۇ كېتىپ قالمىغان بولاتتۇق. پۇلنىڭ يوقلۇغى يوق. كۆزدە ياغيۇنى ساتقاندىن كېيىن......
— نېمە دېسەڭ دەۋەر! — مال ساتقۇچى ئۇنىڭ سوزىنى بولۇۋەتتى، — مەن دېگەن سەن خەقلەرنى بىلىمەن، ھەممىڭ پىخسىق باي! تاغدا تۇرۇۋسەن، يەر، قۇرۇق ئوت دېگەن قانچىلىك دېسەڭ شۇنچىلىك بار، توت ئەتراپىڭ ھەممىسى ئورمان، ئوچ كۈندىمۇ ئايلىنىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. يەنە مال، ھەسەل ھەرىسى بېقىشىسەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە بىر ياماق خەجلەشكىمۇ كوزۇڭلار قىيمايدۇ. بولدى، يىپەك تاشلىق يوتقاندىن بىرنى ئالغىن، كىيىم تىكىش ماشىنىسىدىنمۇ ئاران بىرسى قالدى......
— ۋاي خۇدايىم، مەندە نەدىمۇ ئۇنچىۋالا كوپ پۇل بولسۇن! — مومىن ئۆزىنى ئاقلىدى.
— ئوھۇ، سېنىڭ گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟ سەن ئوتۇپ كەتكەن پىششىق قېرىسەن! پۇلنى توپلاۋېرىپ نېمە قىلماقچى بولىسەن؟
— ئەزىبىرايى خۇدا، راستلا پۇل يوق، موڭگۇزلۇك بۇغا ئانىمىز

ئالدىدا قەسەم ئىچەي!

— بولدىلا، بۇ مەخمەلنى ئالغىن، ساڭا بىر ئىشتان چىقىدۇ.

— ئالغۇچىلىكىم بولسا، ئاللىبۇرۇن ئالغان بولاتتىم، مۇڭگۈزلۈك بۇغا ئانىمىز ئالدىدا قەسەم ئىچەي......

— ھەيىيي، ساڭا گەپ قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق ئىكەن، — مال ساتقۇچى قولىنى سىلكىپ قويىدى، — بۇ قېتىم كەلگىنىم بىكار كەتتى! ئاروز قۇل قەيەردە؟

— سەھەردىلا چىقىپ كەتكەن، ئاقسايغا بارسا كېرەك. چوپانلار بىلەن ئازراق ئىشى بار ئوخشايدۇ......

— ھە، مېھماندارچىلىققا كېتىپتۇ-دە، — مال ساتقۇچى گەپنىڭ تېگىگە يەتتى.

بىر دەملىك غەيرى تەبىي جىمجىتلىق ھوكۈم سۈردى.

— ئەيىپكە بۇيرۇما، جىگىرىم، — مومىن يەنە سوز باشلىدى، — خۇدا بۇيرۇسا، كۈزدە ياكيۇنى ساتقاندىن كېيىن......

— كۈز بولۇشقا خېلى بار تېخى!

— ئۇنداق بولسا، كەچۈرگىن، خۇدا ھەققى، مېنىڭ ئويۇمگە بېرىپ، بىر دەم ئولتۇرۇپ، چاي-پاي ئىچىپ كەتكىن.

— مەن چاي ئىچكىلى كەلگەن ئەمەس، — دەپ مال ساتقۇچى ئۇنىمىدى.

ئۇ يوپيۇقلۇق يۈك ماشىنىسىنىڭ ئىشىكىنى يېپىۋېتىپ، بوۋاينىڭ يېنىدا ئىتنىڭ قۇلغىنى تۇتۇپ، ماشىنىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشكە تەييار بولۇپ تۇرغان بالىغا بىر قارىۋېتىپ قوشۇپ قويىدى:

— بالىنىڭ مەكتەپكە كىرىدىغان ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭغا بىرەر سومكا بولسىمۇ ئېلىپ بەرسەڭ بولاتتى. قانچە ياشقا كىردى؟

مومىننىڭ كاللىسىدىن: تەرسا مال ساتقۇچىدىن ئازراق بىر نەرسە سېتىۋالماي قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ، نەۋرەمگە راستىنلا بىر سومكا كېرەك، بۇ يىل كۈزدە بالا مەكتەپكە بارىدۇ، دىگەن بىر پىكىر چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كەتتى.

— ھە، راست! — مومىن توۋلىۋەتتى، — نىمىشقا ئويلىمىدىمكىنە، 7 ياش؟ ياق، 8 ياشقا كىردى.....كەل، بۇ ياققا كەل! — ئۇ بۇرۇلۇپ نەۋرىسىنى چاقىردى.

بوۋاي بىر ھازاغىچە يانچۇغىنى ئاختۇرۇپ، ساقلاپ قويغان 5 رۇبلىلىق پۇلنى چىقاردى. پۇل ئۇزاققىچە يانچۇقتا تۇرغان بولسا كېرەك، پۇرلىشىپ كەتكەن ئىدى.

— ئال، سالپاڭ قۇلاق، — دەپ مال ساتقۇچى شەيتانلىق قىلىپ بالىغا كوزىنى قىسىپ قويدى-دە، سومكىنى بالىغا بەردى، — ئوبدان ئوقۇ. بىلىم ئوتكىلىدىن ئوتەلمىسەڭ، ئومۇر بويى بوۋاڭ بىلەن جىلـ غىدىن چىقالمايسەن.

— جەزمەن ئوتەلەيدۇ، ئۇنىڭ كاللىسى ئىشلەيدۇ، — دىدى مومىن قايتۇرۇلغان پۇلنى ساناۋېتىپ. ئارقىدىن ئوڭايسىزلانغان ھالدا يېڭى سومكىنى تۇتۇپ تۇرغان نەۋرىسىگە قاراپ قويۇپ، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى. — بۇ ئوبدان نەرسە. كۈزدە مەكتەپكە بارىسەن، — دىدى بوۋاي پەس ئاۋازدا.

بوۋىسى قوپال، كۈچلۈك قوللىرى بىلەن بالىنىڭ بېشىنى مېھـ رىۋانلارچە سىلىدى. بالا كىكىرتىكىگە تۇيۇقسىز بىر نەرسە قاپلاشـ قاندەك بولدى، ئۇ بوۋىسىنىڭ تولىمۇ جۇدەڭگۈ ئىكەنلىكىنى سېزىپ، كوڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. بوۋىسىنىڭ كىيىمىدىن چىققان ئالاھىدە پۇراق، ئۇچىسىدىن كېلىۋاتقان قۇرۇق ئوت پۇرىغى ۋە

ئەمگەكچىگە خاس تەر پۇرىغى بالىنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلدى. سادىق، ئىشەنچلىك بوۋا! ئۇ بۇ بالىنى دۇنيادا بىردىن-بىر ياخشى كۆرىدىغان كىشى بولسا كېرەك، ئۇ ھەم ئاقكۆڭۈل، ھەم غەلىتە، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى "چىپىلغاق مومىن" دەيدۇ...... بىراق، ئۇنىڭلىقتا نىمە بوپتۇ؟ مەيلى ئۇ قانداق بولسۇن، ئۇزىنىڭ مۇشۇنداق بىر بوۋىسىنىڭ بولغانلىغى ياخشى ئىش-دە.

بالا ئۇزىنىڭ مۇنچىۋالا خوشال بولۇپ كېتىشىنى ئۇزى-مۇ ئويلاپ باقمىغان ئىدى. ئىلگىرى ئۇ مەكتەپكە كىرىش توغرىسىدا ئويلاپمۇ باقمىغان. بۇرۇن، ئۇ باشقا باللارنىڭ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە سەن-كورسكى يېزىسىدىكى مەكتەپكە كېتىۋاتقانلىغىنى كورگەن ئىدى. ئۇ بوۋىسى بىلەن بىللە ئاتقا مىنىپ، ئۇ يەرگە بۇغا ئەۋلادىدىن بولغان بىرنەچچە ئابرويلۇق مويسىپىتنىڭ نەزىرىسىگە بارغان ئىدى.

سومكىغا ئىگە بولغاندىن تارتىپ، بالا سومكىنى قولىدىن چۇشۇرۇپ باقمىدى. ئۇ خوشاللىغىدىن قىن-قىنىغا پاتمىغان ھالدا، ئورمان قاراۋۇلخانىسىدىكى بارلىق ئائىلىلەرنى ئارىلاپ، ئۇزىنىڭ سومكىسىنى داڭلاپ چىقتى. ئاۋال مومىسىغا كورسەتتى: "قارا، بوۋام ئېلىپ بەردى!" ئارقىدىن بېكەي ھاماچىسىغا كورسەتتى. ھاماچىسىمۇ خوش بولۇپ، ئۇنى ماختاپ قويدى، تېخى.

بېكەي ھاماچىسىنىڭ خوشال كۇنلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئۇ ھەمىشە پەرىشان يۇرەتتى، ئۇنىڭ قەلبى ئوچمەنلىك بىلەن تولغان ئىدى. ئۇنى پالاكەت بېسىپلا تۇرغاچقا، جىيەنىدىن خەۋەر ئېلىشقىمۇ ھەپىلىسى يوق ئىدى. مومىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بالىسى بولغان بولسا، ئۇ باشقىچە بىر ئايال بولغان بولاتتى، ھەتتا ئۇنىڭ ئېرى ئاروزقۇلمۇ باشقىچە ئادەم بولغان بولاتتى، ئۇ چاغدا مومىن بوۋايمۇ

هازىرقىدەك بولماستىن، سوزسىز باشقىچە ئادەم بولغان بولاتتى. هازىر، بوۋىسىنىڭ 2 قىزى — بىكەي ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى يەنى بالىنىڭ ئاپىسى — بولسىمۇ، كوڭلى يەنىلا غەش ئىدى. بالىسى بولمىسا دەر- ۋەقە ياخشى ئەمەس. لېكىن بالىسىنىڭ بالىسى بولمىسا، ئەھۋال تېخىمۇ چاتاق. مومىسى مۇشۇنداق دېگەن ئىدى. تازىمۇ غەلىتە ئىش......

سومكىسىنى بىكەي هاماچىسىغا كورسىتىپ بولغاندىن كېيىن، بالا ياش گۇلجامالنىڭ ئويىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ كىچىك قىزىغا كورسەتتى. ئاندىن، ئۇ يەنە ئوتلاقنى كېسىپ ئوتۇپ، سېيدەخمەتنى ئىزلەپ كەتتى. ئۇ گىل رەڭ "توگە" تاشىنىڭ يېنىدىن يۇگۇرۇپ ئوتتى، بۇ تاپتا ئۇنىڭ "توگە"نىڭ دۇمبىسىگە ئۇرۇپ قويۇشقا چولىسى يوق ئىدى. ئۇ يەنە "ئىگەر"، "بورە"، "تانكا"نىڭ يېنىدىن ئوتۇپ، ئۇدۇل دەريانى بويلاپ چىغىر يولغا چىقتى، جىغانلىقتىن ئوتۇپ، ئوتى ئورۇلۇپ بولغان ئوتلاقنى بويلاپ مېڭىپ سېيدەخمەتنى تاپتى.

سېيدەخمەت بۇگۇن ئوزى يالغۇز ئىشلەۋاتاتتى. بالىنىڭ بوۋىسى ئوزىگە تەقسىم قىلىنغان يەرنىڭ ئوتىنى ئاللىقاچان ئورۇپ بولۇپ، ئاروزقۇلغا تېگىشلىك يەرنىڭكىنىمۇ ئورۇپ تۇگەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قۇرۇق ئوتلارنىمۇ توشۇپ بولغان ئىدى، مومىسى بىلەن بىكەي هاماچىسى قۇرۇق ئوتلارنى بىرىيەرگە يىغاتتى، بوۋىسى دوۋىلەيتتى، بالا بولسا بوۋىسىغا ياردەملىشىپ ئوتنى هارۋىغا بېسىشىپ بېرەتتى. ئۇلار ئوتنى كالا قوتىنىنىڭ يېنىغا 2 دوۋە قىلىپ دوۋىلىدى. بۇ ئوت دوۋىلىرى رەتلىك بولۇپ، تاغاق بىلەن تاراپ قويغاندەك ئىدى. بوۋىسى ئۇلارنى ئوبدان بېسىپ قويغاچقا، هەرقانداق قاتتىق يامغۇرمۇ ئوتۇپ كەتمەيتتى. ئىش شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىۋې-

رەتتى. ئاروزقۇل ئۇتنى ئۇزى ئۇرماي، قېيناتىسىغا ئىتتىرىپ قوياتتى، ئىمىلا دىگەن بىلەن، ئۇ باشلىق-دە. ئۇ دائىم بوۋايغا ۋە سېيدەخمەتكە: خالىسام، سىلەرنى هازىرلا بوشتىۋېتىمەن، دەيتتى. بىراق بۇ مەسىلىكتە دىگەن گەپ ئىدى. بوۋاينى هەيدىۋېتەلمەيتتى، بوۋاي كەتسە، ئىشنى كىم قىلىدۇ؟ بوۋاي بولماي باقسۇنچۇ قېنى! ئۇرمانلىقتىكى ئىشلار ئۇنداق ئاسان ئەمەس، بولۇپمۇ كۆز كۈنلىرى. بوۋاي، ئۇرمان دىگەن توزۇپ كېتىدىغان قوي پادىسى ئەمەس، لېكىن ئۇرمانغا سىڭدۈرىدىغان ئەجىر قوي پادىسىنىڭكىدىن ئاز بولمايدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوت ئاپەتى يۈز بېرىدىغان بولسا، ياكى كەلكۈن كەلسە، دەرەخ قېچىپ كېتەلمەيدۇ، يوتكىلەلمەيدۇ، نەدە ئۇسكەن بولسا، شۇ يەردە نابۇت بولىدۇ، شۇڭلاشقا، ئۇرمانغا قاراۋۇچى كىشى دەرەخلەرنىڭ نابۇت بولماسلىقىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك، دەيتتى. ئوخشاشلا، ئاروزقۇل سېيدەخمەتنىمۇ هەيدىۋەتمەيتتى، چۈنكى ئۇ ئىتائەتمەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭغا هەرقانچە تەنبىھ بەرسىمۇ، ئۇ گەپياندۇرمايتتى. بىراق، بۇ ئىتائەتمەن هەم ساغلام يىگىت قەۋەتلا هورۇن، ئۇيقۇچان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۇرمان قاراۋۇلى بولۇپ قالغان. بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە، كولخوزدا ئۇنىڭدەك يىگىتلەرنىڭ كوپىنچىسى ماشىنا، تىراكتۇر هەيدىيەلەيدىكەن. سېيدەخمەتچۇ، هەتتا ئۇزىنىڭ ياكيۇلۇغىنى ئوت بېسىپ كەتسىمۇ چاتىقى يوق يۇرىۋېرىدۇ، گۇلجامال نائىلاج بالىسىنى كوتىرىپ يۇرۇپ، سەيلىكتە ئىشلەيدۇ.

بۇ قېتىممۇ سېيدەخمەت ئوت ئورۇش ۋاقتىنى كېچىكتۇرۇپ قويدى. ئالدىنقى كۈنى بوۋايمۇ ئۇنىڭغا كايىپ: "بۇلتۇر قىش، مېنىڭ ساقا ئەمەس، ئات-ئۇلاققا ئىچىم ئاغرىپ، قورۇق ئوتتىن

بولۇپ بەرگەن ئىدىم. ئەگەر بۇ يىلمۇ مەن قىرىنىڭ ئۇتىنى كوز-لەۋاتقان بولساڭ، راستىڭنى ئېيت، مەن ساڭا ئورۇپ بېرەي“ دىدى. سېيدەخمەت بۇ سوزدىن تەسرلىنىپ، بۇگۈن تاڭ سەھەردىلا ئوت ئورۇشقا كىرىشكەن ئىدى.

ئارقىسدىن ئىتتىك-ئىتتىك كېلىۋاتقان ئاياق تاۋۇشىنى ئاڭلاپ، سېيدەخمەت ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، يېڭى بىلەن يۈزىنى سۈرتۈپ سورىدى:

— نىمىگە كەلدىڭ؟ بىرسى مېنى چاقىردىمۇ؟

— ياق، مېنىڭ سومكام بار. قارا، بوۋام ئېلىپ بەردى. يېقىندا مەكتەپكە بارىمەن.

— مۇشۇنچىلىك ئىشقا يۈگۈرۈپ كەلدىڭ؟ — سېيدەخمەت قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — مومىن بوۋاي مۇنداق، — دەپ ئۇ بارماقلىرىنى چىكىسى يېنىدا ئايلاندۇرۇپ قويدى، — سەنمۇ شۇنداق ئىكەنسەن! ئەكەل. سومكاڭنى كورۇپ باقاي، — ئۇ سومكىنىڭ قۇلۇپىنى سىناپ بېقىپ، ئىچى-تېشىنى بىر قۇر كورۇپ چىقىپ، ئۇنى بالىغا قايتۇرۇپ بەردى-دە، كۈلۈپ بېشىنى چايقىدى، — سەن قايسى مەكتەپكە بار-ماقچىسەن؟ سېنىڭ بارىدىغان مەكتىۋىڭ نەدە؟

— قايسى مەكتەپكە دىگىنىڭ نىمىسى؟ ئەلۋەتتە، دىخانچىلىق مەيدانىنىڭ مەكتىۋىگە بارىمەن-دە!

— ئۇنداق بولسا، جىلىسايغا بارىدىكەنسەن-دە؟ — دىدى سېيدەخ-مەت ھەيران بولۇپ، — تاغدىن ئوتۈپ ئۇ يەرگە بارغىچە بولغان ئارىلىق 5 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاز ئەمەس.

— بوۋام ئاتقا مىنگۈزۈپ ئاپىرىپ قويىمەن دەيدۇ.

— كۈندە ئاپىرىپ-ئەكېلىدۇ؟ بوۋاي خام خىيال قىپتۇ! ئۇنىڭ

ئۇزى بىرىپ ئوقۇغان بولسا تازا مۇۋاپىق بولاتتى، سەن بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرسا، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن بىللە قايتىپ كەلسەڭلار بولىۋېرىدۇ! — سېيدەخمەت ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلدى، ئۇ مومىن بوۋاي نەۋرىسى بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرغان كورۇنۇشىنى كوز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بەكمۇ كۈلكىلىك ھىس قىلدى.

بالا ئوڭايسىزلىنىپ شۈك بولۇپ قالدى.

— چاقچاق قىلدىم! — سېيدەخمەت چۈشەندۈردى.

سېيدەخمەت بالىنىڭ بۇرنىغا ئاستا چېكىپ قويۇپ، بوۋىسى كېيگۈزۈپ قويغان شەپكىنىڭ چىكىلىگىنى تارتىپ كوزىگە چۈشۈرۈپ قويدى. مومىن ئورمانچىلىق ئورگىنىدىن تارقاتقان شەپكىنى خىجىل بولۇپ كىيمەيتتى ("مەن قانچىلىك ئادەمتىم؟ يا باشلىق بولمىسام. ئۇزەمنىڭ قىرغىز قالپىغىمنى ھەرگىزمۇ باشقا باش كىيىمگە تېگىشمەيمەن" دەيتتى). ھەتتا ياز كۈنلىرىمۇ مومىن بېشىغا ۋاقتى ئوتۇپ كەتكەن ۋە چورىسىدىكى قارا تاۋار جىيەكلىرى ئوڭۇپ كەتكەن ئاق قالپاقنى كىيىپ يۈرەتتى. قىش كۈنلىرى، ئۇ قەدىمچە مالاخاي كىيەتتى. ئورمان ئىشچىلىرىنىڭ يېشىل شەپكىسىنى بولسا، ئۇ بۇرۇنلا نەۋرىسىگە كىيگۈزۈپ قويغان ئىدى.

بالا ئۇزى ئېلىپ كەلگەن خەۋەرنى سېيدەخمەتنىڭ مۇنداق مەسخىرە قىلغانلىقىغا ناھايىتى خاپا بولدى. ئۇ قاپىغىنى تۈرۈپ، شەپكىسىنى پىشانىسىگە سۈرۈپ قويدى. سېيدەخمەت ئۇنىڭ بۇرنىغا يەنە چېكىپ قويۇشقا تەمشەلگەندە، بالا بېشىنى بۇراپ ئاچچىقلاندى:

— ماڭغىنا نېرى!

— ۋاي-ۋۇي، نىمانچە ئاچچىقلايسەن! — دەپ سېيدەخمەت سوغاق كۈلۈپ قويدى، — خاپا بولما، سومكاڭ ناھايىتى بەلەن

ئىكەن، — ئۇ بالىنىڭ يەلكىسىگە ئاستا ئۇرۇپ قويىدى، — قېنى، ئەمىسە يولۇڭغا ماڭ. مەن ئىشلەيمەن!

سېيىدەخمەت ئالقىنىغا بىرنى تۈكۈرۈپ، ئۇغىغى بىلەن ئوت ئورۇشقا باشلىدى.

بالا ئۆيگە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى، ئۇ يەنە ھىلىقى چىغىر يول بىلەن ماڭدى، ھىلىقى تاشلارنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ھازىرچە تاشلار بىلەن ئويناشقا ۋاقتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ قىممەتلىك يېڭى سومكىسى بار.

بالا ئۆزى بىلەن پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى. لېكىن بۇ قېتىم ئۇ ئۆزى بىلەن ئەمەس، بەلكى سومكىسى بىلەن پاراڭلىشىشقا باش-لىدى: "سەن سېيىدەخمەتنىڭ گېپىگە ئىشەنمە، بوۋام ئۇنداق ئادەم ئەمەس. بوۋام بەك يۇۋاش، شۇڭا باشقىلار دائىم ئۇنى مەسخىرە قىلىدۇ. بەك يۇۋاش بولغانلىغى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ-دە. ئۇ ئىك-كىمىزنى باشلاپ مەكتەپكە ئېلىپ بارىدۇ. سەن مەكتەپنىڭ نەدىلىگىنى بىلەمسەن؟ ئانچە يىراقتا ئەمەس. ساڭا كۆرسىتىپ قوياي، قارا، قاراۋۇل تېغىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ دۇربۇن بىلەن قارىساق كۆرەلەيمىز. يەنە ساڭا ئاق پاراخودۇمنى كۆرسىتىپ قويىمەن. بىراق، بىز ئالدى بىلەن كەپىگە بېرىشىمىز كېرەك. مېنىڭ دۇربۇنۇم شۇ يەردە. ئەسلىدە موزايغا قارىشىم كېرەك ئىدى، لېكىن مەن ھەر قېتىم ئاق پاراخوتقا قاراپ ئولتۇرىمەن. موزىيىم چوڭ بولدى — ئۇ يۈگۈرەيدىغان بولسا، ھەرقانچە قىلىپمۇ توختىتالمايسەن. لېكىن ئۇ يەنە تېخىچە سىيىرنى ئېمىۋالىدۇ، سىيىر ئۇنىڭ ئانىسى، ئەلۋەتتە ئۆز سۈتىنى موزايغا ئەمگۈزىدۇ-دە. بىلەمسەن؟ ئانا دېگەن ھەرقانداق چاغدا بالىسىدىن ھېچقانداق نەرسىنى ئايىمايدۇ. گۈلجامال شۇنداق دېگەن، ئۇنىڭ

بىر قىزچىغى بار......ھە، سۈت ساغىدىغان ۋاقىتتا ئاز قاپتۇ، سۈتنى سېغىپ بولغاندىن كېيىن، موزاي باقىلى بارىمىز، شۇ چاغدا، قاراۋۇل تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىمىز، تاغدىن ئاق پاراخوتنى كورگىلى بولىدۇ. مەن ئەسلىدە دۈربۈنىمۇ شۇنداق دىگەن ئىدىم. بىز ئەمدى ئۈچ كىشى بولدۇق — مەن، سەن ۋە دۈربۈن......"

بالا سوزلىگەچ ئۈيىگە كېتىۋاتماقتا. ئۇ سومكا بىلەن پاراڭلىشىشنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ قالغان ئىدى، ئەسلىدە سومكىغا ئۇ بىلمەيدىغان ئۈزىگە ئالاقىدار ئىشلارنى سوزلەپ بەرمەكچى بولغان ئىدى. كۈتۈلمىگەن يەردىن كاشىلىغا ئۇچرىدى. ئات تۇيىغىنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ، دەرەخلىقنىڭ كەينىدىن سۇر ئاتقا مىنگەن بىر ئادەم كورۈندى، بۇ ئاروزقۇل ئىدى. ئۇمۇ ئاتلىق ئۈيىگە كېتىۋاتاتتى. سۇر ئات ئالباش (بۇ ئاتقا ئاروزقۇلدىن باشقا كىشىنىڭ مىنىشىگە رۇخسەت قىلىنمايتتى)نىڭ ئىگەر-جابدۇقلىرى تەل، ئۇنىڭ يەنە تۈچ ئۈزەڭگىسى، ئۇلىگى ۋە جىلدىرلىڭ-جىلدىرلىڭ قىلىپ تۇرىدىغان كۈمۈش بىزەكلىرى بار ئىدى.

ئاروزقۇلنىڭ قالپىغى گەدىنىگە سۈرۈپ قويۇلغان بولۇپ، قىزىل، تار پىشانىسى كورۇنۇپ تۇراتتى. ئۇ ئىسسىقتا بوشىشىپ، ئات ئۈستىدە ئۈخلاپ قالغان ئىدى. رايون باشلىقلىرىنىڭ كىيىم ياڭزىسىغا تەقلىت قىلىپ تىكىلگەن يازلىق چىپەرقۇت چاپىنىنىڭ ئالدى ئېچىۋېتىلگەن ئىدى. ئاق كوينىگى شىمىدىن سىرتقا چىقىپ قالغان، ئۇنىڭ تەلەتىدىن راسا يەپ ئىچكەنلىگى كورۇنۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ جەزمەن بىر يەردە قىمىزنى بولۇشىغا ئىچىپ، گوشىنى تويىغىچە يەپ قايتىپ كېلىشى ئىدى.

ئەتراپتىكى پادىچىلار ھەر يىلى يازدا ناققا پادا باققىلى چىققاندا،

ئاروزقۇلنى ئۆيلىرىگە مېھمانغا چاقىراتتى. ئۇنىڭ نۇرغۇن كونا دوستلىرى، كونا تونۇشلىرى بار ئىدى. لېكىن ئۇنى مېھمانغا چاقىرىشتا مەقسەت بار ئىدى. ئارۇزقۇل كارغا كېلىدىغان ئادەم ئىدى، بولۇپمۇ ئوي سالماقچى بولۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە شۇنداق ئىدى. بۇ كىشىلەر تاغدا تۇراتتى، مالنى تاشلاپ كېتەلمەيتتى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى، بولۇپمۇ ياغاچنى قەيەردىن تېپىش كېرەك؟ بۇنىڭ چارىسى بار، ئاروزقۇلنىڭ كوڭلىنى ئالالىسائلا ئىشىڭ ھەل بولىدۇ. كېيىش مەنئى قىلىنغان ئورماندىن 2-3 تال ياغاچنى ئېلىپ كېتىۋېرىسەن. ئۇنداق قىلمايدىغان بولساڭ، مالنىڭ كەينىدىن تاغ ئىچىدە سەرسان بولۇپ يۈرۈۋېرىسەن، ئۆمۈر بويى ئويمۇ سالالمايسەن......

ئات ئۈستىدە ئېغىرلىشىپ مۈگدەپ ئولتۇرغان ئاروزقۇل پەرۋاسىز ھالدا، سىپتا ئوتۇگى بىلەن ئۇزەڭگىگە دەسسەپ يېتىپ كەلدى.

بالا سومكىسىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەندە، ئۇ قاتتىق چۆچۈپ، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكىلى قىل قالدى.

— ئاروزقۇل تاغا، مېنىڭ سومكام بار! يېقىندا مەكتەپكە باردىمەن. قاراڭ، سومكامنى!

— ۋاي! كاساپەت! — ئاروزقۇل ئالاقزادە بولغان ھالدا ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تارتىپ، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى.

ئۇ مەس كوزلىرى بىلەن بالىغا قارىدى:

— بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن، نەدىن كەلدىڭ؟

— ئويگە كېتىۋاتىمەن، مېنىڭ سومكام بار، مەن ئۇنى سېيىدەخمەتكە كورسىتىپ كەلدىم، — دىدى بالا ئاۋازىنى تووەنلىتىپ.

— بوپتۇ، يۈگۈر، ئۈينا! — دەپ ئاروزقۇل غوڭشۇپ قويۇپ، ئات ئۈستىدە ئىغاڭلىغان پېتى يولىغا راۋان بولدى. ئۇنىڭ ئۈندىداق نەس سومكا بىلەن نىمە چاتىغى! يەنە ئاتا-ئانىسى تاشلىۋەتكەن بۇ بالىنىڭ يەنى خوتۇنىنىڭ بۇ جىيەنىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن نىمە ئالاقىسى بار! تەقدىر دائىم ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىۋاتقاندەك ئىدى. خۇدا ئۇنىڭغا بىرەرمۇ ئوغۇل بەرمىدى، باشقىلارغا بولسا سېخىلىك قىلىپ، ئارتۇقلۇق قىلغۇدەك دەرىجىدە بەردى......

ئاروزقۇل هاسىرىغان پېتى ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. ئېچىنىش ۋە ئۆچمەنلىكتىن ئۇنىڭ نەپىسى بوغۇلدى. ئۇ ئوزىگە ئېچىندى، دۇنيادا ياشاپ هېچقانداق ئىز قالدۇرالمىغىنىغا ئېچىندى؛ ئۇنىڭ تۇغماس خوتۇنىغا، بۇ قاغىش تەككۈر خوتۇنغا ئۆچلۈكى كەلدى، توي قىلغىلى ئۇزاق يىللار بولغان بولسىمۇ، خوتۇنى هامىلدار بولمىدى......

"سەل تۇرۇپ ئەدىۋىڭنى بەرمىسەم!" دەپ ئاروزقۇل گوشلۇك مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ، ئىچىدە هەيۋە قىلدى، غوڭشىدى، ئاۋازىنى چىقىرىپ يىغلاپ تاشلىماسلىققا تىرىشتى. ئۇ ئۆيىگە بېرىپلا خوتۇنىنى ئۇرماقچى بولدى. هەر قېتىم ئاروزقۇل مەس بولسىلا خوتۇنىنى ئۇراتتى. كالىغا ئوخشايدىغان بۇ ئەبلەخ دەرت ۋە ئۆچمەنلىك ئىچىدە بارغانسېرى ئەخمەقلىشىپ كېتىۋاتاتتى......

بالا ئاتنىڭ ئارقىسىدىن چىغىر يول بىلەن كېتىۋاتاتتى، ئۇ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئاروزقۇلنىڭ بىردىنلا يوق بولۇپ كەتكىنىگە هەيران قالدى. ئەسلىدە، ئاروزقۇل ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قويۇۋېتىپ، قويۇق ئوتلار ئارىسىدىن دەريا بويىغا كەتكەن ئىدى. ئۇ ئىگىشىپ، ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى يېپىپ، بېشىنى

ئۈچىگە تىققىنىچە سەنتۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ دەريا بويىغا بېرىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇردى-دە، سۇنى چاڭگاللاپ ئېلىپ يۈزىنى يۇغىلى تۇردى.

"ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەچكە، بېشى ئاغرىغان ئوخشايدۇ،" ئاروزقۇلنىڭ ھەركىتىنى كۆرۈپ، شۇنداق ھۆكۈم قىلدى بالا. ئۇ ئاروزقۇلنىڭ يىغلىغانلىقىنى، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى بېسىۋالالماي قاتتىق يىغلىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئاروزقۇل يىغلىغان ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن بالا ئۇنىڭ بالىسى ئەمەس ئىدى، ئۇ سومكىسىنى كۆتىرىپ يۈگۈرۈپ كەلگەن بۇ بالىغا كۆڭۈلگە ياققۇدەك بىرنەچچە ئېغىز گەپمۇ قىلالمىدى.

## (2)

قاراۋۇل تېغىنىڭ چوققىسىدىن تۆت ئەتراپتىكى مەنزىرىلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بالا دۈم يېتىۋېلىپ، دۇربۇننى كۆزىگە تۇتۇپ تەڭشەۋاتاتتى. بۇ دۇربۇن ھەربىيدە ئىشلىتىلىدىغان يۇقۇرى گىرادۇسلۇق دۇربۇن بولۇپ، بىر قېتىم بوۋىسىنىڭ ئورمان قاراۋۇل-خانىسىدا ئۇزاق مۇددەت خىزمەت قىلغانلىقىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىنغان ئىدى. بوۋايىنىڭ دۇربۇن بىلەن خوشى يوق ئىدى. ئۇ: "مېنىڭ كۆزۈم دۇربۇندىن قېلىشمايدۇ" دەيتتى. لېكىن نەۋرىسى دۇربۇننى ياخشى كۆرۈپ قالدى.

بۇ قېتىم ئۇ دۇربۇن ۋە سومكىسىنى ئېلىپ تاققا چىقتى.

دەسلەپتە، دۈربۈندا مەنزىرىلەر مىدىرلاپ، ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمىدى، بىردەمدىن كېيىن، ھەممە نەرسە بىردىنلا ناھايىتى ئېنىق كۆرۈندى ۋە مىدىرلاشتىن توختىدى. بۇ ھەمـمىدىن قىزىق ئىـدى. ئۇ دۈربۈننىڭ توغرىلانغان نۇقتىسىدىن يوتكىلىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، نەپىسىنى قىسىپ، گويا بۇ گۈزەل مەنزىرىنى ئۆزى ياراتـقاندەك، زوق بىلەن تاماشا قىلىشقا باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن، ئۇ دۈربۈننى باشقا ياققا قارىتىۋېدى، تەگشەلگەن نۇقتىسى بۇزۇلۇپ كېتىپ، يەنە ئېنىق كۆرۈنمەي قالـدى. ئۇ يەنە باشـقىدىن توغرىـلاشقا مەجـبۇر بولدى.

بۇ يەردە تۇرسا ئەتراپتىكى ھەممە نەرسىنى كۆرگىلى بولاتـتى. ھەتتا ئاسماندىن باشقا ھەرقانداق ئەڭ ئېگىز قارلىق تاغ چوققىلىرى-نىمۇ كۆرگىلى بولاتـتى. بۇ چوقـقا بارلىق تاغـلارنىڭ ئارقىسىدا، بارلىق تاغلارنىڭ ئۈستىدە، پۈتكۈل يەر شارىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. قارلىق تاغدىن سەل تۆۋەندىكى تاغلار قويۇق ئورمان بىلەن قاپلان-غان بولۇپ، ئۈستى تەرىپىدە قارا ئارچىلار، تۆۋەن تەرىپىدە كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخلەر ئۆسكەن. كۆنگەي تاغ بولسا قۇياشقا بېقىپ تۇراتـتى؛ تاغ باغرىدا ياۋا ئوتتىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. كولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كىچىكرەك تاغلارنىڭ قاپتاللىرى تاش بىلەن تولغان بولۇپ، تاپ-تاقىر ۋە تىك ئىدى. بۇ تىك تاغ قاپتاللىرى سايغىچە سوزۇلغان، ساي بولسا كول بىلەن تۇتاشقان. ئۇ تەرەپتە يەنە ئېتىز-ئېرىق، باغ، كەنتلەر...... تۇراتتى، تېرىلغان زىرائەتلەر سارغىيىپ، يىغىم ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغان. پىكاپلار قۇيرۇغىدىن چاڭ-توزاڭ چىقىرىپ، چاشقانغا ئوخشاش چاپماقتا. كۆز يېتىدىغان يەرنىڭ ئەڭ يىراق چېتىدە، سايلىقنىڭ كەينىدە، چوخچىيىپ تۇرغان

كولدىن كوكۆش نۇر چاقنىماقتا. ئۇ — ئىسسىق كول، ئۇ يەردە سۇ ئاسمان بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىنمۇ نېرىراقتا بولسا ھېچنەرسە يوق. تىنىق كول سۈيى يالتىراپ تۇرىدۇ، كولدە جىمجىتلىق ھوكۇم سۈرمەكتە. قىرغاقتىكى دولقۇنلاردىن كوتىرىلگەن ئاق كوپۈكچىلەرنىڭ ئاستا مىدىرلاۋاتقىنىلا بىلىنەر-بىلىنمەس كورۇنۇپ تۇرىدۇ.

بالا بۇ نىشانغا ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. "ئاق پاراخوت تېخى كەلمىدى، — دىدى ئۇ سومكىسىغا، — ئەمدى مەكتۇۋىمىزگە قاراپ باقايلى."

بۇ يەردىن تاغنىڭ ئارقىسىدىكى ھىلىقى خوشنا ئويمان يەر ئوپ-ئوچۇق كورۇنىدى. دۇربۇندا ھەتتا ئويىنىڭ ئالدىدىكى دەرىزىنىڭ تۇۋىدە ئولتۇرغان بىر مومايىنىڭ قولىدىكى بىرىك يىپمۇ ئېنىق كورۇندى.

جىلساي ئويمانلىغىدا دەرەخ يوق، بەزى جايلىرىدا بىرنەچچە تۇپ كېسىلگەن قېرى قارىغايلا بار ئىدى. ئوتمۇشتە بۇ يەر ئورمان-لىق ئىدى. ھازىر بۇ يەردە كاھىش ئوگزىلىك قوتانلار رەت-رەت سېلىنغان بولۇپ، دوۋە-دوۋە قاپ-قارا قىغلار ۋە شال پاخاللىرى كورۇنۇپ تۇراتتى. بۇ يەردە سۇت فېرمىسىنىڭ نەسىللىك سىيىرلىرى بېقىلاتتى. قوتاندىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا قىسقىغىنا بىر كوچا بار بولۇپ، بۇ كوچا چارۋىچىلار تۇرىدىغان كىچىك بازار ئىدى. كوچا يانتۇلۇقتىن توۋەنگە سوزۇلغان بولۇپ، كوچىنىڭ ئاخىرىدا تۇرار جايغا ئوخشىمايدىغان بىر كىچىك ئوي تۇراتتى. بۇ 4 يىللىق تۇزۇمىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئىدى. يۇقۇرى يىللىقلاردىكى ئوقۇغۇچىلار دولەت دىخانچىلىق مەيدانىدىكى يېتىپ ئوقۇيدىغان

مەكتەپتە ئوقۇيتتى. بۇ يەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلار-نىڭ ھەممىسى ئۇششاق باللار ئىدى.

ھەر قېتىم باللىنىڭ كېلى ئاغرىپ قالغاندا، بوۋىسى ئۇنى ئاشۇ بازارغا دوختۇرغا كورسەتكىلى ئېلىپ باراتتى. ھازىر بالا پۈتۈن دىققىتى بىلەن دۇربۇندا ھىلىقى مەكتەپكە قاراشقا باشلىدى: ئۇنىڭ ئوگزىسى بېغىرەك كاھىش بىلەن يېپىلغان، قىڭغىيىپ قالغان تۇرخۇن يىتىمسىراپ تۇرىدۇ، مەكتەپنىڭ ئىشىگىگە "مېكتېپ" دىگەن خەت يېزىلغان ئۇزلىرى ياسىۋالغان تاختا ئېسىلغان. ئۇ خەت تونۇمايتتى، لېكىن ئۇ ۋىۋىسكىغا يېزىلغىنى جەزمەن مۇشۇ خەتلەر، دەپ پەرەز قىلدى، دۇربۇندا ئەڭ كىچىك بولغان، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۇدەك دەرىجىدە كىچىك بولغان نەرسىلەر — ئاقلانغان تامغا ئويۇلغان خەتلەر، توت ئەتراپىغا بىر نەرسىلەر چاپلانغان دەرىزىلەر، پىشايۋاندىكى ئىگىز-پەس، چىپار تاختىلارغىچە ھەممە نەرسە ئېنىق كورۇنۇپ تۇراتتى. ئۇ ئوز خىيالىدا سومكىسىنى كوتىرىپ ئۇ يەرگە بېرىپ، ھازىر قۇلۇپلاقلىق تۇرغان ھىلىقى ئىشىكتىن كىردى. بۇنىڭ كەينىدىن، ھىلىقى ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا نىملەر باردۇ؟

مەكتەپنى كورۇپ بولغاندىن كېيىن، بالا دۇربۇننى قايتىدىن كولگە يوتكىدى. لېكىن ئۇ يەردە ھەممە نەرسە ئاۋۋالقىدەكلا ئىدى. ئاق پاراخوت يەنىلا كورۇنمەيتتى. ئۇ ئورۇلۇپ، كولگە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇردى ۋە دۇربۇننى بىر ياندا قويۇپ، تاغ ئاستىغا قاراشقا باشلىدى. توۋەندە، تاغ باغرىدا، ئۇزۇن، تار جىلغىدا شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان تاشلىق دەريادىن كۆمۈش نۇر چاقنايتتى. دەريا بىلەن ياندىشىپ بىر يول ئەگرى-بۈگرى سوزۇلۇپ، يانتۇلۇق ئەگىسكەن دوخمۇشتا دەريا بىلەن بىللە غايىپ بولاتتى. دەريانىڭ

ئۇ قىرغىقىدىكى تىك قىيا دەرەخ بىلەن قاپلانغان. سان-تاشتىكى كېسىش مەنئى قىلىنغان ئورمان مۇشۇ يەردىن باشلىناتتى، قىلىن ئورمان ئىگىزگە قاراپ، قارلىق تاغ باغرىغىچە سوزۇلغان ئىدى. ئەڭ ئۈستىدە قارىغاي ئوسكەن بولۇپ، قارىغايلار توق رەڭلىك چوتكىلارغا ئوخشاش، تاش بىلەن قارنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوخچىيىپ، تاغ چوققىلىرىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كوتىرىپ تۇراتتى.

بالا ئورمان قاراۋۇلخانىسىنىڭ ھويلىسىدىكى ئويلىرنى، كەپە ۋە يان ئويلەرنى مەسخىرە بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى. يۇقۇرىدىن قارىغاندا، ئۇلار ھەم كىچىك ھەم ئاجىز كورۇنەتتى. ئورمان قاراۋۇلخانىسىنىڭ كەينىدىكى تېخىمۇ يىراقتىكى دەريا بويىغا قاراپ، ئۇ ئوزىگە تونۇشلۇق بولغان تاشلار— "توگە"، "بورە"، "ئىگەر"، "تانكا" — نى تونۇۋالدى. بۇ تاشلارنىڭ ئىسمىنى ئۇ تۇنجى قېتىم قاراۋۇل تېغىدا تۇرۇپ دۇربۇن بىلەن قارىغان چېغىدا قويغان ئىدى.

بالا كەپىزلىك بىلەن كۆلۈپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى-دە، ھويلا تەرەپكە قارىتىپ بىر تال تاش ئاتتى. تاش تاغ قاپتىلىغا چۈشتى. ئۇ يەنە بۇرۇنقى جايىغا ئولتۇرۇپ، دۇربۇن بىلەن ئورمان قاراۋۇلخانىسنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىشكە باشلىدى. دەسلەپتە، ئۇ دۇربۇننى كوزىگە تەتۇر تۇتۇپ قارىدى، ئويلەر ناھايىتى يىراقلاپ، ئويۇنچۇق قۇتىدەك بولۇپ قالدى، يوغان يۇمۇلاق تاش كىچىك بولۇپ كورۇندى. بوۋىسى دەريانىڭ تېيىز يېرىدە ياسىغان كولچەك تېخىمۇ كۆلكىلىك بولۇپ، قۇشقاچنىڭ پۇتىچىلىك كورۇندى. بالا كۆلۈمسىرەپ بېشىنى قاشلاپ قويۇپ، دەرھال دۇربۇننى ئوڭ تۇتۇپ، ئارىلىقنى تەڭشەپ، ئوزى ياخشى كورىدىغان تاشلارغا قارىتىپ، ئەڭ يۇقۇرى گىرادۇسقا توغرىلىدى، شۇنىڭ بىلەن، "توگە"، "بورە"،

"ئىگەر"، "تانكا" دۇربۇننىڭ ئەينىگىگە يېقىن كېلىپ، ئاجايىپ بولۇپ كورۇندى: ئۇلارنىڭ يېرىقلىرى ۋە كەمتۈك يەرلىرى بار ئىكەن، ئىككى تەرىپىدە بولسا بىغىر رەڭ مۇخ داغلىرى تۇرۇپتۇ، بىراق، مۇھىمى، بۇ تاشلار ئۇ ئويلاپ چىقارغان هايۋانلارغا بەك ئوخشايدۇ-دە، "پاھ، سەن قانداق 'بورىسەن'! ئاۋۇ 'تانكا'چۇ، يارايسەن!......"

يۇمۇلاق تاشنىڭ كەينىدىكى تېيىز يەردە بوۋىسى ياسىغان كولچەك بار ئىدى. قىرغاقتىكى بۇ يەر دۇربۇندا ئېنىق كورۇنەتتى. سۇ جىددى ئېقىۋاتقان جايدىن ئۇدۇل بۇ كەڭ كەتكەن سايلىققا كېلىپ، تېيىز يەردە ئاق كوپۇك چىقارغاندىن كېيىن، ئارقىسىغا قايتىپ جىددى ئېقىنغا قوشۇلاتتى. تېيىز يەردىكى سۇ تىنزغا كېلەتتى، لېكىن ناهايىتى ئىتتىك ئاقىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭچىلىك بالىنى تامامەن ئاققۇزۇپ كېتەلەيتتى. سۇنىڭ ئېقىتىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، بالا دائىم قىرغاقتىكى سوگەتلەرگە ئېسىلىپ (سوگەت دەريانىڭ لېۋىدە بولۇپ، شاخلىرىنىڭ بىر قىسمى قىرغاقتا، يەنە بىر قىسمى دەرياغا ساڭگىلاپ تۇراتتى)، ئاندىن سۇغا كىرەتتى. بۇنىڭ نىمىسىنى سۇ ئۇزۇش دىگىلى بولسۇن؟ ئاتىنى باغلاپ قويغاندەكلا بىر ئىش-دە، ئۇنىڭ ئۇستىگە يەنە بىرمۇنچە كوڭۇلسىزلىكلەرگە يولۇقاتتى، تىل ئىشتەتتى! مومىسى بوۋىسىنى ئەيىپلەپ: "ئۇ دەريادا ئېقىپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا، ئوزىدىن كورسۇن، مېنىڭ كارىم يوق. بۇنداق بالىنى هەتتا تۇققان ئاتا-ئانىسىمۇ تاشلىۋەتتى. ماڭا ئۇنىڭ لازىمى يوق. باشقا ئىشلىرىمۇ ئېشىپ-تېشىپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭغا قارىيالمايمەن" دەيتتى.

ئۇنىڭغا نىمە دىيىش كېرەك؟ مومايىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭمۇ ئاز-تولا

يولى باردەك قىلاتتى. لېكىن، بوۋاينىڭ بۇ بالىغا ئىچى ئاغرىيتتى، دەريا ئىشكىنىڭ ئالدىدىلا، موماي ھەرقانچە قورقۇتقان بىلەنمۇ، بالا يەنىلا سۇغا كىرىپ ئويناپتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، مومىن بالىنى ئامان-ئېسەن سۇ ئۈزسۇن دەپ، دەريانىڭ تېيىز يېرىدە تاشتىن كولچەك ياساپ بەرگەن ئىدى.

تاشلارنى سۇ ئېقىتىپ كەتمىسۇن دەپ، مومىن بوۋاي تاش ئارىلىرىدىن ئاختۇرۇپ، يوغان تاشلارنى تاللاپ توشۇپ كېلىپ، سۇ ئىچىدە قۇچاقلاپ كوتىرىپ يۈرۈپ، بىر تال-بىر تالدىن قويۇپ چىقتى. كولچەكنى سۇ تاشلارنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ كىرىپ، يەنە ئېقىپ چىقىپ كېتەلەيدىغان قىلىپ ياسىدى. ئېڭىگىنىڭ ئاستىدا بىرنەچچە تاللا ساقىلى بولغان بىچارە، ئاۋاق بوۋاي شىمىلىرى ھول بولۇپ بەدىنىگە چاپلىشىپ قالغان ھالدا، كۈن بويى مۇشۇ كولچەك بىلەن ھەپىلەشتى. ئاخشاملىرى ياتقاندا بولسا، پالەچ بولۇپ قالغاندەك، پۇت-قوللىرىنى سىدىرلىتالماي قالدى، توختىماي يوتەلدى، بېلىنىمۇ رۇسلىيالمىدى. بۇنىڭ بىلەن مومايىنىڭ قەھرى-غەزىۋى تاشتى.

— كىچىك ئەخمەقنىڭغۇ نېمىلا دېگەن بىلەن يېشى كىچىك، لېكىن سەن قېرى ئەخمەقنىڭ نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ سەن بۇنچىۋالا جېنىڭنى تىكىپ نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى؟ ئۇنىڭغا تاماق، كىيىم بەرگىنىمىزمۇ يەتمەمدۇ؟ سەن بولساڭ ئۇنى ئوز ئەركىگە قويۇپ بېرىسەن. ھەي، بۇنداق كېتىۋەرسە، چاتاق چىقماي قالمايدۇ......

نېمىلا بولمىسۇن، تېيىز يەردىكى كولچەك ناھايىتى ئوبدان ياسالدى. ھازىر بالا قورقماي سۇ ئۈزىۋېرىدۇ. ئۇ سوگەت شېخىغا ئېسىلىپ قىرغاقتىن چۈشۈپ، يۈرەكلىك ھالدا! سۇغا سەكرەيدۇ.

ئۇ سۇدا ئۈزگەندە جەزمەن كوزىنى يۇمىايدۇ. چۈنكى بېلىق سۇدا ئۈزگەندە كوزى دائىم ئوچۇق تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا بېلىققا ئايلىنىپ، يىراقلارغا ئۈزۈپ كەتسەم، دەيدىغان غەلىتە بىر ئوي بار ئىدى.

ھازىر ئۇ دۇربۇندا كولچەككە قاراۋېتىپ، ئوز خىيالىدا كويندىگىنى، ئىشتىنىنى سېلىۋېتىپ، يالىڭاچلىنىپ سەل دۇگدىيىپ، ئارقىدىن سۇغا شۇڭغىدى. تاغدىكى دەريا سۇيى ھەمىشە سوغاق بولىدۇ، سۇغا ئەمدىلا كىرگەندە ئۇ نەپەس ئالالماي قالدى، لېكىن بىر ئازدىن كېيىن ئوگىنىپ قالدى. ئۇ يەنە ئوز خىيالىدا سوگەت شاخلىرىغا ئېسىلىپ، بېشىنى تووەنگە قىلىپ قايىنامغا سەكرىدى، سۇ شار-شۇر قىلىپ ئۇنى قويىنىغا ئالدى، ئۇنىڭ قوسىغى ئاستىدا، پۇتىنىڭ ئۇستىدە، دۇمبىسىدە سۇ شىددەت بىلەن ئاقماقتا ئىدى. تاشقىرىدا سۇنىڭ گۇلدۇرلىگەن ئاۋازى ئاڭلانسىمۇ، سۇنىڭ ئاستىدا، ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىلدىر-شىلدىر قىلغان ئاۋازلا ئاڭلاندى. ئۇ كوزلىرىنى يوغان ئېچىپ، سۇ ئاستىدا كورگىلى بولىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى كورمەكچى بولدى. ئۇ كوزىنى چىمچىقلاتتى، كوزى سەل ئاغرىغاندەك بولدى، لېكىن ئۇ مەغرۇرانە قىياپەتتە ئۈزىگە كۈلۈپ قويدى، ھەتتا سۇ ئىچىدە تېخى تىلىنى چىقاردى. ئۇ بۇنى مومىسىغا كورسىتىش ئۈچۈن قىلدى. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇ مومىسىغا ئۇزىنىڭ ھەرگىز چوكۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى، قورقۇشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوقلۇقىنى بىلدۈرمەكچى بولدى. كېيىن ئۇ تۈتۈپ تۇرغان سوگەت شېخىنى قويۇۋەتتى-دە، سۇ ئۇنىڭغا ئۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇ ئىككى پۇتىنى كولچەكتىكى تاشلارغا تىرەپ تۇرۇۋالغانغا قەدەر ئۇنى توختىماي يۇمۇلاتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ نەپىسى توختاپ قالغىلى تاس قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىرلا سەكرەپ سۇدىن قىرغاققا

يامىشىپ چىقىپ، قايتىدىن سوگەتلىككە قاراپ يۈگۈردى. مۈشۈ تەرىقىدە نۇرغۇن قېتىم تەكرارلىدى. ئۇ ئاخىر بىرىپ بىر بىلىققا ئايلىنىدىغان بولسا، بوۋىسى ياساپ بەرگەن كولچەكتە بىر كۈندە يۈز قېتىم يۈيۈنۈشقىمۇ رازى ئىدى. ئۇ قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، جەزمەن بېلىققا ئايلانماقچى......

بالا قىرغاقتا بىر پەس قارىغاندىن كېيىن، يەنە دۈربۈنىنى ئۆزىنىڭ ھويلىسىغا توغرىلىدى. چوجىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەن مىكىيان ۋە كوركىلەر، ياغاچقا يولەپ قويۇلغان پالتا، ئىس چىقىۋاتقان ساماۋار، ئامبارىدىكى تۈرلۈك نەرسىلەر شۇنچىلىك چوڭ، شۇنچىلىك يېقىن كورۈنىدىكى، ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا تۇتماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتتى. تۇيۇقسىز، ئۇ قورقۇپ كەتتى. دۈربۈندا چوڭايتىلىپ پىلدەك كورۈنگەن قوڭۇر موزاي غەم تارتماي تانىغا يېپىشقىلىق كىيىمنى چاينىماقتا ئىدى. موزاي ھوزۇرلانغان بولسا كېرەك، كوزلىرى قىسىلىپ، جاۋغىيىدىن شولگىيى توختىماي ئېقىپ تۇراتتى — موماينىڭ كوينىكىنى ئاغزىغا تولدۇرۇپ چايناش موزايغا بەك ياققان بولسا كېرەك.

"ئاپلا! بەچچىغەر!" بالا دۈربۈنىنى تۇتقىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى پۇلاڭلاتتى ۋە "ھەي، يوقال، ئاڭلىدىڭمۇ، تېز يوقال! بالتېك، بالتېك! (بالا دۈربۈندا ئىتنىڭ ھويلىنىڭ بۇرجىكىدە بىخارامان ياتقانلىقىنى كورگەن ئىدى) ئۇنى چىشلە، چىشلە!" دەپ، ئۇمىتسىزلەنگەن ھالدا ئىتقا بۇيرۇق بەردى. لېكىن بالتېك قۇلىقىنى مىدىرلىتىپمۇ قويمىدى. ئۇ ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك سايىدا يېتىۋەردى.

مۈشۈ بىر مىنۇت ئىچىدە، مومىسى ئويىدىن چىقىپ قالدى. ئۇ

كوز ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىشنى كورۈپ ئىككى قولى بىلەن مەيدى-
سىگە مۇشتلىدى ۋە دەرھال سۇپۇرگىنى ئېلىپ موزايغا ئاتتى. موزاي
قاچتى، مومىسى موزاينىڭ كەينىدىن قوغلىدى. بالا دۇربۇندا بولۇ-
ۋاتقان ۋەقەلەرگە قاراپ تۇردى، ئۇ باشقىلار مېنىڭ تاغدا تۇرغانلى-
غىمنى كورۈپ قالمىسۇن دەپ، ئولتۇرۇۋالدى. موماي موزايىنى
قوغلىۋېتىپ، تىللىغىنىچە ئارقىسىغا ياندى، ئۇ غەزەپلەنگەنلىگى ۋە
بەك قاتتىق يۈگۈرۈۋەتكەنلىگى ئۈچۈن توختىماي ھاسىرايتتى. بالا
دۇربۇندا مومىسىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرغاندەكدەك، ھەتتا ئۇنىڭ
بىلەن بىللە تۇرغاندىكىدىنمۇ ئېنىق كورۈپ تۇراتتى. ئۇ ئىكراندا
ئادەمنىڭ يالغۇز يۈزىنىلا كورسەتكەندەك قىلىپ، دۇربۇننى مومىسىغا
توغرىلىدى. ئۇ مومىسىنىڭ سېرىق كوزلىرىنىڭ غەزەپتىن قىسىلغان-
لىغىنى، قورۇق بېسىپ كەتكەن يۈزلىرىنىڭ پوكاندەك قىزىرىپ
كەتكەنلىگىنى كوردى. كىنولاردا ئاۋاز تۇيۇقسىز يوقىلىپ كەتكەنگە
ئوخشاش، مومىسىنىڭ كالپۇگى دۇربۇندا ئاۋازسىز مىدىرلاپ، شالاڭ
چىشلىرى كورۈنۈپ تۇراتتى. موماينىڭ نىمىلەرنى دەپ ۋاقىراۋاتقان-
لىغىنى يىراقتا بىلگىلى بولمايتتى، لېكىن بالا مومىسى ئۆزىنىڭ
يېنىدا سوزلەۋاتقانغا ئوخشاش، ئۇنىڭ سوزلىرىنى توغرا ۋە ئېنىق
ئاڭلاۋاتقاندەك بولدى. ۋايجان! موماي تازا قاتتىق تىللاۋاتىدۇ. بالا
ئۇنىڭ تىللىغانلىرىنى يادلاپ بېرەلەيدۇ: "خەپ قاراپتۇر. قايتىپ
كەلگەندە ئەدىۋىڭنى بەرمىسەم. بوۋاڭنىڭ يۈزىنىمۇ قىلمايمەن. مەن
ساڭا بۇ قاغىش تەككۈر دۇربۇننى تاشلىۋەت دەپ قانچە رەت
ئېيتتىم. سەن ھازىر يەنە تاققا چىقىۋالدىڭ. ھىلىقى جوۋاينىمەك
پاراخوت ئوڭتۇرۇلۇپ كەتسۇن، كويۇپ كەتسۇن، چوكۇپ كەتسۇن،
ئىلاھىم......"

بالا ئېغىر تىنىدى. ئۇ يېقىن سومكا سېتىۋالغان، مەكتەپكە قانداق بېرىشىنى خىيال قىلىۋاتقان كۈنلەردە، يەنە موزايغا قارىسۇنمۇ؟.....

موماي تىچلانمىدى. ئۇ توختىماي تىللاپ، موزاي چاينىۋەتكەن كوينىكىگە قارىماقتا ئىدى. گۈلجامال قىزنى كوتىرىپ ئۇنىڭغا قاراپ كەلدى. موماي ئۇنىڭغا ھال ئوقۇپ يەنە قايناپ كەتتى. ئۇ تاغ تەرەپكە قاراپ مۇشتىنى پۇلاڭلىتاتتى. ئۇنىڭ سوڭەكلىرى بورتۇپ چىققان قارامتۇل مۇشتى تەھدىت بىلەن دۈربۈندا مىدىرلايتتى: "ئۇ بۇ نەس دۈربۈننى ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ. ھىلىقى بېشىڭنى يەيدىغان پاراخوت ئوڭتۇرۇلۇپ كەتسۇن، كويۇپ كەتسۇن، چوكۇپ كەتسۇن ئىلاھىم....."

ھويلىدىكى ساماۋار قايناپ كەتتى. دۈربۈندا ساماۋارنىڭ ئاغزىدىن پۇقۇراپ ھور چىقىۋاتقانلىقى كورۇنۇپ تۇراتتى. بېكەي ھامماچا ساماۋارنى ئالغىلى چىقتى. تىللاش يەنە باشلاندى، مومىسى موزاي چاينىۋەتكەن كوينىكىنى ئۇنىڭ كوزىگە تىقتى: "قارا، جىيەنىڭ قىلغان ئوبدان ئىشنى!"

بېكەي ھامماچا دەسلەپتە ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى، ئۇنى بەزلىدى. بالا ئۇنىڭ نىمىلەرنى دىگەنلىكىنى پەملىدى. ھەقىچان بۇرۇنقىغا ئوخشاش: "ئوزىڭىزنى بېسىۋىلىڭ ئاپا. ئۇ تېخى كىچىك، بىر ئىشنى بىلگۈچىلىكى يوق تۇرسا، ئۇنى قانداق قىلاتتىڭىز؟ ئۇ بۇ يەردە ئوزى يالغۇزلا، يا ئۇنىڭ ھەمرالىرى يوق. كىچىك بالىغا ۋاقىراپ ئۇنى قورقۇتقانىنىڭ نىمە پايدىسى بار؟" دىگەندۇ. مومىسى چوقۇم ئۇنىڭغا: "ماڭا ئوگەتمەيلا قوي. سەن ئوزەڭ بىرنى تۇغۇپ كورۇپ باق، ئۇ چاغدا، سەن بالىنى قانداق باشقۇرۇشنى بىلىسەن. ئۇ دائىم تەتتا چىتىۋىلىپ نىمىش قىلىدۇ؟ موزايغا قارىسا بولمامدۇ؟

ئۇ ئۇ يەردىن نىمە تاپماقچى؟ شاللاق ئاتا-ئانىسنى تاپماقچىمۇ؟ ئۇنى تېپىپ قويۇپ ئوز يوللىرىغا كېتىشكەن ھىلىقى ئىككىسىنىمۇ؟ ساڭغۇ ياخشى، تۇغماس......" دەپ جاۋاپ بەرگەندۇ.

شۇنچە يىراق ئارىلىقتىنمۇ، بالا دۇربۇندا بىكەي ھاماچىسىنىڭ يادائغۇ يۇزلىرىنىڭ تاتىرىپ، تىترەپ كەتكەنلىگىنى كوردى، ھاماچىسىنىڭ ئوگەي ئانىسىدىن قانداق ئوچ ئالىدىغانلىغى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى: "ئوزەڭگە قاراپ باقە، دەللە، سەن نەچچە ئوغۇل، نەچچە قىز تۇغدۇڭ؟ سەن ئوزەڭ قانچىلىك نىمىتىڭ!"

جىدەل-ماجرا باشلاندى. موماي خورلىنىپ ۋاقىراپ-جاقىراپ كەتتى. گۇلجامال نەسەھەت قىلىپ، ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويۇشقا كىرىشتى. ئۇ مومايىنى قۇچاقلىۋېلىپ ئويگە ئەكىرىپ كەتمەكچى بولدى، لېكىن مومايىنىڭ تېخىمۇ ئوغىسى قايناپ كەتتى، ئۇ ھويلىدا ساراڭدەك يۇگۇرۇپ يۇرەتتى. بىكەي قايىنغان ساماۋارنى كوتىرىپلا، قايناقسۇ توكۇلۇپ كېتەرمۇ دىمەي يۇگۇرۇپ دىگۇدەك ئويگە كىرىپ كەتتى. موماي ھالىدىن كېتىپ بىر ياغاچقا ئولتۇرۇپ ھوكىرىگىلى تۇردى، ئۇ كوڭلى بۇزۇلغان ھالدا ئوزىنىڭ بىتەلەيلىگىدىن زارلىناتتى. ئۇ بالىنى ئاللىقاچان ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەن ئىدى، ئۇ خۇدانىمۇ قوشۇپ دۇنيادىكى پۇتكۇل نەرسىنى تىللاپ چىقتى. "مېنى تىللاۋاتامسەن؟ مېنى قانچىلىك نىمىتىڭ دىدىڭما؟" دەپ، موماي ئوگەي قىزىغا غەزەپ بىلەن ھوكىرىدى: "خۇدايىم مېنى جازالىمىغان بولسا، مېنىڭ بەش بوۋىغىمنى ئېلىپ كەتمىگەن بولسا، بىردىن-بىر ئوغلۇم ئون سەككىز يېشىدا ئۇرۇشتا ئوق تېگىپ قازا تاپمىغان بولسا، ئەڭ قەدىرلىك بوۋىيىم تايگار پادا باقىقىلى چىقىپ شۇرىغاندا مۇزلاپ ئولمىگەن بولسا، مەن سەنلەردەك ئور-

مانغا قارايدىغانلارنىڭ ئارىسىدا يۈرەتتىمۇ؟ مەن ساڭا ئوخشاش تۇغماسمۇ؟ قىرىغان چېغىمدا سېنىڭ داداڭ — مەتۇ مومىن بىلەن بىللە ئۆتەتتىممۇ؟ خۇدا بولمايلا قال. نىمە قىلغىنىمغا مېنى شۇنداق جازالايسەن؟"

بالا دۇربۇننى كوزىدىن ئېلىپ ھەسرەت بىلەن بېشىنى ساڭگىلاتتى. "ئەمدى ئۈيگە قانداق بارارمىز؟" دەپ سومكىسىغا پىچىرلىدى ئۇ. "بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن بىلەن نەس موزاي تېرىغان بالا. دۇربۇن، سېنىڭمۇ ھەسسەڭ بار. سەن دائىم مېنى ئاق پاراخوتقا قاراشقا ئۈندەيسەن. سەندىمۇ گۇنا بار".

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تۇت ئەتراپقا سەپ سالدى. ھەممە ياق تاغ — تىك چوققا، تاش، ئورمان. پاقىراپ تۇرغان سۇ يۇقۇرىدىن، مۇزلۇقلاردىن ئاۋازسىز ئېقىپ مۇشۇ يەرگە، توۋەنگە چۇشكەندىلا، دەريادا مەڭگۇ شاقىراپ تۇرۇش ئۇچۇن ئاۋاز چىقارغاندەك قىلىدۇ. تاغچۇ، ئۇ شۇنچىلىك ھەيۋەتلىك، شۇنچىلىك چەكسىز. ئۇ تۈيۇقسىز ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ئەرزىمەس، ئىنتايىن يېتىم ئىكەنلىكىنى، باشقىلار ئۇنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەنلىكىنى ھىس قىلدى. پەقەت تاغلارلا ئۇنىڭغا ھەمرا، تاغلار، كوز يەتكۇسىز تاغلار.

كۇن كول تەرەپكە قىيسايدى، ھاۋا خېلى سالقىنلىدى. شەرق تەرەپتىكى يانتۇلۇقنى دەسلەپكى قىسقىغىنا سايە قاپلىغان ئىدى. كۇن ئاستا-ئاستا پاتقىلى تۇردى، يانتۇلۇقتىكى سايىمۇ ئاستا-ئاستا توۋەنگە — تاغ باغرىغا سىلجىدى. ھەركۇنى مۇشۇ چاغدا، ئىسسىق كولدە ئاق پاراخوت كورۇنەتتى.

بالا دېمىنى چىقارماي، دۇربۇننى ئەڭ يىراق جايغا توغرىلىدى. ئاق پاراخوت! ئۇ شۇ تاپتا ھەممىنى ئۇنتۇدى. ئۇ تەرەپتە، ئالدىدا،

كوپ-كوك ئىسسىق كولدە ئاق پاراخوت ئاخىر كورۈندى. دەل ئۇزى! ئۇنىڭ قاتار تۇرخۇنلىرى بار، گەۋدىسى ئۇزۇن، ئۇزى ھەيۋەتلىك ھەم چىرايلىق. ئۇ كولدە خۇددى تارىنىڭ ئۈستىدە سىرىلىۋاتقاندەك مەزمۇت، توپ-توز كېتىۋاتماقتا. بالا دەرھال دۇربۇنىنىڭ ئەينىكىنى كوينىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن پاكىز سۇرتۇپ، دۇربۇننى يەنە بىر قېتىم توغرىلىدى. پاراخوت ئەمدى تېخىمۇ ئېنىق-راق كورۈندى. پاراخوتنىڭ دولقۇنلارنى يېرىپ، ئارقىسىدا سۇزۇك، ئاپپاق بۇژغۇن قالدۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقى كورۇنۇپ تۇراتتى. بالا ئاق پاراخوتقا پۇتۇن دىققىتى بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغان بولسا، ئۇ ئاق پاراخوتتىكى يولۇچىلارنى كورۇش ئۇچۇن، ئۇنىڭدىن يېقىنراق كېلىشنى تەلەپ قىلغان بولاتتى. لېكىن بۇ ئىش پاراخوتنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەيتتى. ئۇ ھەيۋەت بىلەن، ئاستا ئوز يولىدا كېتىۋاتماقتا، ئۇنىڭ قەيەردىن كېلىپ، قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

پاراخوتقا ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇشقا بولىدۇ، بالا قانداق قىلىپ بىلىدقا ئايلىنىپ، دەريا بىلەن پاراخوتقا ئۇزۇپ بېرىشنى ئۇزاقتىن بېرى ئويلاپ كەلمەكتە......

بىر قېتىم، ئۇ قاراۋۇل تېغىدا تۇرۇپ كوپ-كوك ئىسسىق كولدە كېتىۋاتقان ئاق پاراخوتنى تۇنجى قېتىم كورگەندە، گۇزەل مەنزى-رىدىن ئۇنىڭ يۇرەكلىرى ئويناپ كەتكەن ئىدى. ئۇ شۇ زامات ئوزىنىڭ دادىسى — ئىسسىق كولدىكى ماتروسنى مۇشۇ ئاق پاراخوتتا دەپ ھوكۇم قىلغان ئىدى. ئۇ شۇنداق بولۇشقا ئىشىنەتتى، چۇنكى ئۇ شۇنداق بولۇشنى بەكمۇ خالايتتى.

بالا ئوزىنىڭ دادىسى ۋە ئانىسىنى ئەسلىيەلمەيتتى. ئۇ ئۇلارنى

بىر قېتىممۇ كۆرمىگەن ئىدى. دادىسى ياكى ئانىسى بولسۇن، ئۇنى
بىرەر قېتىممۇ كېلىپ يوقلىمىغان ئىدى. لېكىن ئۇ دادىسىنىڭ
ئىسسىق كۆلدىكى ماتروس ئىكەنلىكىنى، ئانىسىنىڭ بولسا دادىسى
بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوغلىنى دادىسىغا قالدۇرۇپ،
ئۆزى شەھەرگە كەتكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ بىر كېتىپلا ئىز-دىرەك-
سىز يوقالدى. ئۇ شەھەر يىراق بولۇپ، كۆل بىلەن نۇرغۇنلىغان
تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئىدى.

مومىن بوۋىسى بىر قېتىم ئۇ شەھەرگە ياڭيۇ ساتقىلى بېرىپ،
توپ-توغرا بىر ھەپتە ھايال بولدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،
چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، قىزىنى يەنى بالىنىڭ ئانىسىنى كۆرگەنلىكىنى
بېكەي ھامماچىغا ۋە مومىسىغا سۆزلەپ بەردى. بوۋىسىنىڭ ئېيتى-
شىچە، بالىنىڭ ئانىسى بىر چوڭ زاۋۇتتا توقۇمىچى ئىشچى بولۇپ
ئىشلەيدىكەن. ئۇنىڭ يېڭى ئائىلىسى بار بوپتۇ — ئىككى قىزى بار
ئىكەن، ئۇ قىزلىرىنى بالىلار باغچىسىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ، ھەپتىدە
بىر قېتىملا كۆرىدىكەن. ئۇ چوڭ ھويلىدا تۇرىدىكەن، لېكىن
ئۇلارنىڭ توخۇ كاتەكدەك كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆيى بار ئىكەن،
بىر ھويلىدىكى كىشىلەر خۇددى بازاردىكى كىشىلەرگە ئوخشاش، بىر
بىرىنى تونۇمايدىكەن. ھەممەيلەن ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپلا ئىشىكنى
تاقايدىكەن، دائىم تۇرمىدا ئولتۇرغاندەك ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ
ئولتۇرىدىكەن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى مانا مۇشۇنداق ئىكەن. ئۇنىڭ
ئېرى كوچىدا ئاپتوۋۇز ھەيدەيدىغان شوپۇر ئوخشايدۇ. ئەتىگەندە
سائەت 4 دە ئىشقا چىقىپ، ناھايىتى كەچ قايتىپ كېلىدىكەن. خىزمىتى
ناھايىتى جاپالىق ئىكەن. بوۋىسىنىڭ ئېيتىشىچە، قىزى كۆپ ياش
تۆكۈپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپتۇ. ئۇلار يېڭى ئۆينىڭ تەقسىملىنىشىنى

كۆتۈپ تۇرۇپتۇ. قاچان تەقسىم قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. لېكىن يېڭى ئۆيگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئېرى رۇخسەت قىلسا، ئوغلىنى ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ بوۋايدىن بىر مەزگىل تاقەت قىلىپ تۇرۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. مومىن بوۋاي قىزىغا كوڭلىنى يېرىم قىلماسلىقنى، ھەممىدىن مۇھىمى ئېرى بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى، قالغان ئىشلار بولسا ھەل بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئوغلى ئۈچۈن بولسا كوڭۈلنى يېرىم قىلىشنىڭ تېخىمۇ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭغا "مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئۇنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن، مەن ئۆلگەندە، خۇدا ئۇنى بىر يولغا سالىدۇ، ھايات ئادەم قانداقلا بولمىسۇن ئۆز ئىستىقبالىنى تاپالايدۇ......" دەپتۇ. بېكەي ھاماچىسى ۋە مومىسى بوۋاينىڭ سوزىنى ئاڭلاپ، دەممۇ-دەم ئۇھ تارتىشقان ھەتتا يىغلاشقان ئىدى.

شۇ قېتىم چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندا ئۇلار بالىنىڭ دادىسى توغرىسىدىمۇ سوزلەشكەن ئىدى. بوۋىسىنىڭ ئاڭلىشىچە، ئۇنىڭ بۇرۇنقى كۆيوغلى يەنى بالىنىڭ دادىسى يەنىلا بىر پاراخوتتا ماترۇس ئىكەن، ئۇنىڭمۇ يېڭى ئائىلىسى ۋە ئىككىمىكىن، ئۈچمىكىن بالىسى بوپتۇ. ئۇلار پورتنىڭ يېنىدا تۇرىدىكەن. ئۇ ھاراقنى تاشلىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى خوتۇنى ھەر قېتىم بالىلىرىنى باشلاپ پورتقا بېرىپ ئۇنى كۈتۈۋالىدىكەن. "بەلكىم — دەپ ئويلىدى بالا، — ئۇلارنىڭ كۈتۈۋالىدىغىنى مۇشۇ ئاق پاراخوتتۇ......"

پاراخوت ئاستا-ئاستا يىراقلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاپپاق ئۇزۇن گەۋدىسى زۇمرەتتەك كولدە غىرىلداپ كېتىۋاتاتتى، تۇرخۇنىدىن قارا ئىس كوتىرىلىپ تۇراتتى، ئۇ بىر بالىنىڭ بېلىق بالىغا ئايلىنىپ ئۇزىگە قاراپ ئۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى.

بىر قېتىممۇ كورمىگەن ئىدى. دادىسى ياكى ئانىسى بولسۇن، ئۇلى بىرەر قېتىممۇ كېلىپ يوقلىمىغان ئىدى. لېكىن ئۇ دادىسىنىڭ ئىسسىق كولدىكى ماتىروس ئىكەنلىگىنى، ئانىسىنىڭ بولسا دادىسى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوغلىنى دادىسىغا قالدۇرۇپ، ئوزى شەھەرگە كەتكەنلىگىنى بىلەتتى. ئۇ بىر كېتىپلا ئىز-دىرەك-سىز يوقالدى. ئۇ شەھەر يىراق بولۇپ، كول بىلەن نۇرغۇنلىغان تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئىدى.

مومىن بوۋىسى بىر قېتىم ئۇ شەھەرگە ياكىيۇ ساتقىلى بېرىپ، توپ-توغرا بىر ھەپتە ھايال بولدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، قىزىنى يەنى بالىنىڭ ئانىسىنى كورگەنلىگىنى بېكەي ھاماچىغا ۋە مومىسىغا سوزلەپ بەردى. بوۋىسىنىڭ ئېيتىشىچە، بالىنىڭ ئانىسى بىر چوڭ زاۋۇتتا توقۇمىچى ئىشچى بولۇپ ئىشلەيدىكەن. ئۇنىڭ يېڭى ئائىلىسى بار بوپتۇ-ئىككى قىزى بار ئىكەن، ئۇ قىزلىرىنى باللار باغچىسىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ، ھەپتىدە بىر قېتىملا كورىدىكەن. ئۇ چوڭ ھويلىدا تۇرىدىكەن، لېكىن ئۇلارنىڭ توخۇ كاتىكىدەك كىچىككىنە بىر ئېغىز ئويى بار ئىكەن، بىر ھويلىدىكى كىشىلەر خۇددى بازاردىكى كىشىلەرگە ئوخشاش، بىر بىرىنى تونۇمايدىكەن. ھەممىيلەن ئوزىنىڭ ئويىگە كىرىپلا ئىشكنى تاقايدىكەن، دائىم تۇرمىدە ئولتۇرغاندەك ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ ئولتۇرىدىكەن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى مانا مۇشۇنداق ئىكەن. ئۇنىڭ ئېرى كوچىدا ئاپتوۋۇز ھەيدەيدىغان شوپۇر ئوخشايدۇ. ئەتىگەندە سائەت 4 دە ئىشقا چىقىپ، ناھايىتى كەچ قايتىپ كېلىدىكەن. خىزمىتى ناھايىتى جاپالىق ئىكەن. بوۋىسىنىڭ ئېيتىشىچە، قىزى كوپ ياش توكۇپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپتۇ. ئۇلار يېڭى ئويىنىڭ تەقسىملىنىشىنى

كۆتۈپ تۇرۇپتۇ. قاچان تەقسىم قىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. لېكىن يېڭى ئۆيگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئېرى رۇخسەت قىلسا، ئوغلىنى ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ بوۋايدىن بىر مەزگىل تاقەت قىلىپ تۇرۇشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. مومىن بوۋاي قىزىغا كۆڭلىنى يېرىم قىلماسلىقنى، ھەممىدىن مۇھىمى ئېرى بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى، قالغان ئىشلار بولسا ھەل بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئوغلى ئۈچۈن بولسا كۆڭلىنى يېرىم قىلىشىنىڭ ھېچمۇ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭغا "مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئۇنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن، مەن ئۆلگەندە، خۇدا ئۇنى بىر يولغا سالىدۇ، ھايات ئادەم قانداقلا بولمىسۇن ئۆز ئىستىقبالىنى تاپالايدۇ......" دەپتۇ. بىكەي ھامماچىسى ۋە مومىسى بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، دەممۇ-دەم ئۇھ تارتىشقان ھەتتا يىغلاشقان ئىدى.

شۇ قېتىم چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندا ئۇلار بالىنىڭ دادىسى توغرىسىدىمۇ سۆزلەشكەن ئىدى. بوۋىسىنىڭ ئاڭلىشىچە، ئۇنىڭ بۇرۇنقى كۈيوغلى يەنى بالىنىڭ دادىسى يەنىلا بىر پاراخوتتا ماتروس ئىكەن، ئۇنىڭمۇ يېڭى ئائىلىسى ۋە ئىككىمىكىن، ئۈچمىكىن بالىسى بوپتۇ. ئۇلار پورتنىڭ يېنىدا تۇرىدىكەن. ئۇ ھاراقنى تاشلىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى خوتۇنى ھەر قېتىم بالىلىرىنى باشلاپ پورتقا بېرىپ ئۇنى كۈتۈۋالىدىكەن. "بەلكىم — دەپ ئويلىدى بالا، — ئۇلارنىڭ كۈتۈۋالىدىغىنى مۇشۇ ئاق پاراخوتتۇ......"

پاراخوت ئاستا-ئاستا يىراقلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاپپاق ئۇزۇن كەۋدىسى زۇمرەتتەك كۆلدە غىرىلداپ كېتىۋاتاتتى، تۇرخۇنىدىن قارا ئىس كۆتىرىلىپ تۇراتتى، ئۇ بىر بالىنىڭ بېلىق بالىغا ئايلىنىپ ئۆزىگە قاراپ ئۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى.

بالا مۇنداق بىر بېلىققا تېنى، قۇيرۇغى، قانىتى، قاسىرىغى بېلىقنىڭ بولغان، بېشىلا ئادەمنىڭ بولغان بېلىققا ئايلىنىشنى خىيال قىلدى. بۇ باش ھەم يوغان، ھەم يۇمۇلاق بولۇپ، ئىنچىكە بويۇنىنىڭ ئۈستىدە ئىدى، ئۇنىڭدا سالپاڭ قۇلاق ۋە تاتىلانغان بۇرۇن بار ئىدى. كوزىمۇ بۇرۇنقىدەك بولۇشى كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇ كوزلەر پۈتۈنلەي ھازىرقىغا ئوخشاش بولماستىن، بەلكى بېلىقنىڭ كوزىگە ئوخشاش سۇدىكى نەرسىلەرنى كورەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

بالىنىڭ كىرپىكلىرى ئۇزۇن بولۇپ، كىچىك بوغمىنىڭكىگە ئوخشاش توختىماي لىپىلدەپ تۇراتتى. گۇلجامال، مېنىڭ قىزىمنىڭ كىرپىك-لىرىمۇ مۇشۇنداق بولسا قانداق چىرايلىق قىز بولاتتى! دەيتتى. لېكىن چىرايلىق قىز بولۇشنىڭ نىمە ھاجىتى؟ ياكى چىرايلىق ئەر بولۇشنىڭ نىمە ھاجىتى؟ ھەممىسى ھاجەتسىز! ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، چىرايلىق كوزنىڭ قىلچە كېرىكى يوق، ئۇنىڭغا كېرەكلىك بولغىنى سۇنىڭ ئاستىدا نەرسىلەرنى كورەلەيدىغان كوز.

بۇنداق ئوزگىرىش بوۋىسىنىڭ كولچىگىدە يۈز بېرىشى كېرەك. ئۇ بىردىنلا بېلىققا ئايلىنىدۇ. ئارقىدىن ئۇ دەرھال كولچەكتىن دەرياغا سەكرەپ چىقىدۇ-دە، سۇ شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان جايغا بېرىپ، ئېقىم بويىچە توۋەنگە ئۈزىدۇ. پات-پات سۇ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا قارايدۇ، سۇنىڭ ئاستىدا ئۈزۈۋېرىشنىڭ مەزىسى يوقتە. ئۇ سۇ تېز ئېقىۋاتقان دەريادا ئۈزۈپ، قىزىل سېغىز توپىلىق تىك قىرغاقنى بويلاپ، تاشلىق سايدىن ئوتۇپ، دولقۇن بىلەن بىللە تاغ ۋە ئورماندىن ئوتىدۇ. ئۇ ئۈزىنىڭ ئامراق تاشلىرى بىلەن: "خوش، 'ياتقان توگە'! خوش، 'بورە'! خوش 'ئىگەر'! خوش 'تانكا'!" دەپ خوشلىشىدۇ. ئۈزۈپ ئورمان

قاراۋۇلخانىسىغا كەلگەندە، ئۇ سۇ ئۇستىگە سەكرەپ چىقىپ، بوۋىسىغا قاراپ قاناتلىرىنى سىلكىپ: "خوش، بوۋا، مەن تېزلا قايتىپ كېلىمەن" دەيدۇ. بوۋىسى بۇ موجىزىدىن ھەيران بولۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي داڭ قېتىپ قالىدۇ. يەنە مومىسى، بېكەي ھاماچىسى، گۈلجامال ۋە ئۇنىڭ قىزى ھەممەيلەن كوزلىرىنى يوغان ئېچىشىپ قاراپلا قالىدۇ. ئادەم باشلىق بېلىقنى كورگەنلەر بارمۇ! ئۇ بولسا ئۇلارغا قاناتلىرىنى لىڭشىتىپ:"خوش. مەن كەتتىم، ئۇزۇپ ئىسسىق كولگە، ئاق پاراخوتنىڭ يېنىغا بارىمەن. مېنىڭ ماتىروس دادام ئاشۇ يەردە" دەيدۇ. بالىتېك ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قىرغاقتىنا يۈگۈرۈشى مۇمكىن. ئىت ئەلۋەتتە بۇنداق ئىشنى ھېچقاچان كورۇپ باقمىغان-دە. مۇبادا بالىتېك سۇغا ئوزىنى ئاتماقچى بولسا، ئۇ: "سەكرىمە، بالىتېك، سەكرىمە، سۇغا چوكۇپ ئولىمەن!" دەپ ۋاقىرايدۇ. ئوزى بولسا توختىماي ئالغا قاراپ ئۈزىدۇ. ئاسما كوۋرۈكنىڭ ئاستىدىكى تومۇر زەنجىردىن ئوتۇپ، يەنە ئالغا قاراپ ئۈزۈپ، قىرغاقتىكى ئورمانلىقنى بويلاپ، ئاندىن گۈلدۈرلەپ ئاۋاز چىقىرۋاتقان تار جىلغىدىن ئېقىپ پەسكە چۈشۈپ، ئىسسىق كولگە كىرىدۇ.

ئىسسىق كول كوز يەتمەس دېڭىزغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئىسسىق كولدىكى دولقۇنلار ئىچىدە ئۈزىدۇ، ئوركەشلەۋاتقان سۇ ئىچىدە ئېلىشىدۇ، مۇشۇ چاغدا ئاق پاراخوت ئالدى تەرەپتىن كېلىدۇ. "سالام، ئاق پاراخوت، بۇ مەن!—دەيدۇ ئۇ ئاق پاراخوتقا.—مەن دۇربۇندا ساڭا قاراپلا كېلىۋاتىمەن." پاراخوتتىكى كىشىلەر ھەيران بولۇپ، چورىدىشىپ بۇ موجىزىنى كورىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئوزىنىڭ ئاتىسى بولغان ھېلىقى ماتىروسقا: "سالام، دادا. مەن سىنىڭ

ئوغلۇڭ. مەن سېنىڭ يېنىڭغا ئۈزۈپ كەلدىم" دەيدۇ. "سەن قانداقسىگە مېنىڭ ئوغلۇم بولىسەن؟ يېرىمىڭ ئادەمگە، يېرىمىڭ بېلىققا ئوخشاش تۇرسا!" "سەن مېنى پاراخوتقا چىقارغىن، مەن سېنىڭ ئاددى ئوغلۇڭغا ئايلىنىمەن." "ئۇنداق بولسا بەك ياخشى. قېنى، كۆرۈپ باقايلى." دادىسى تورنى سېلىپ، ئۇنى سۇدىن سۈزۈپ ئېلىپ، پاراخوت سۇپىسىغا قويىدۇ. بالا دەرھال ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى قىياپىتىگە قايتىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن......

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن، پاراخوت داۋاملىق ئالغا قاراپ ماڭىدۇ. ئۇ ئۆزى بىلىدىغان ھەممە ئىشلارنى، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى دادىسىغا سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۆزى تۇرۇۋاتقان تاغ جىلغىسى ھەققىدە، ھېلىقى تاشلار ھەققىدە، دەريا ۋە كېيىش مەنئى قىلىنغان ئورمان ھەققىدە، بوۋىسى ياساپ بەرگەن كولچەك ۋە ئۆزىنىڭ شۇ كولچەكتە بېلىققا ئوخشاش كۆزىنى ئېچىپ سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنگەنلىكى ھەققىدە...... سۆزلەپ بېرىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بوۋىسى مومىنىنىڭ يېنىدا قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنىمۇ سۆزلەپ بېرىدۇ: دادا، خەقلەرنىڭ بوۋامنى "چېپىلغاق مومىن" دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنى ئەسكى ئادەم دەپ قالمىغىن. ياق، بۇنداق بوۋا ھېچيەردىن تېپىلمايدۇ، ئۇ ئەڭ ياخشى بوۋا. ئۇ ھارامزادىلىك دېگەننى زادى ئۇقمايدۇ. ھارامزادى-لىك قىلىشنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا كىشىلەر ئۇنى زاڭلىق قىلىشىدۇ. ئاروزقۇل تاغامچۇ، ئۇ دائىم بوۋامنى ئەيىپلەيدۇ، بوۋايغا تەنبىھ بېرىدۇ! ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تەنبىھ بېرىدۇ. بوۋام ئۆزىنى ئاقلاش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ھەممە ئىشتا ئۇنى كەچۈرىدۇ، ھەتتا ئورمانلىقتا ئۇنىڭ ئورنىغا ئىشلەپ قويىدۇ. ئەمگەك

قىلىش بىلەنلا تۆگىسىغۇ مەيلىتى، ئاروزقۇل تاغام هاراق ئىچىپ مەس بولۇپ، ئاتلىق قايتىپ كەلگەندە، بوۋام ئۇنىڭ سەت كوزلىرىگە تۆكۆرمەكتە يوق، ئەكسىچە يۆگۆرەپ بېرىپ، ئۇنى ئاتتىن يولەپ چۈشۈرۈپ، ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويىدۇ، يەنە توڭۇپ قالمىسۇن، بېشى ئاغرىپ قالمىسون دەپ، جۇۋىسىنى باسۇرۇپ يېپىپ قويىدۇ. يەنە تېخى ئېتىنىڭ ئىگەر-جابدۇقلىرىنى ئېلىپ، پاكىز تازىلاپ، ئاتنى ئوبدان بېقىپ قويىدۇ. بۇلارنىڭ هەممىسى بېكەي هاماچامنىڭ تۇغماس بولغانلىغىدىن بولغان. نىمە ئۈچۈن شۇنداق بولدۇ، دادا؟ تۇغۇشنى خالىسا تۇغىدىغان، تۇغۇشنى خالىمىسا تۇغمايدىغان بولسا بولمامدۇ؟ ئاروزقۇل تاغام بېكەي هاماچامنى ئۇرغان چاغدا، بوۋام قانداق ئازاپلىنىدۇ-هە. ئۇ بوۋامنى ئۇرغان بولسا ياخشىراق بولاتتى. هەر قېتىم بېكەي هاماچام تاياققا چىدىماي ۋاقىرىغان چاغدا، بوۋام ئازاپلىنىپ ئولتۇرالماي قالىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ قولىدىن نىمە كېلەتتى؟ ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ قىزىنى قۇتۇلدۇرۇشقا تەمشەلسە، مومام ئۇنى توسۇپ: "كارىڭ بولمىسۇن، ئۇزلىرى ئەپلىشىپ قالىدۇ. سەن قېرى بىلەن نىمە ئالاقىسى بار بۇ ئىشنىڭ؟ سېنىڭ خوتۇنۇڭ بولمىغانىدىن كېيىن، ئولتۇرۇشۇڭنى ئولتۇرىۋەر" دەيدۇ. بوۋام: "ئۇ مېنىڭ قىزىم تۇرسا!" دىسە، مومام: "ئەگەر قىزىڭنىڭ ئۆيى يېقىندا بولماي، يىراقتا بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟ هەر قېتىم ئېرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا، سەن ئاتقا مىنىپ بېرىپ ئاجرىتىپ قويامتىڭ؟ ئۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، سېنىڭ قىزىڭغا ئەر چىقامتى؟" دەيدۇ.

مەن دەۋاتقان مومام بۇرۇنقى مومام ئەمەس. دادا، سەن بەلكىم ئۇنى تونۇمايسەن. بۇ مومام باشقا بىر ئايال. ئۇز مومام كىچىك

چېغىمدىلا ئولۇپ كەتكەن. كېيىن مۇشۇ مومام كەلدى. بىزنىڭ بۇ يەردە ھاۋانىڭ مىجەزىنى بىلگىلى بولمايدۇ: بىر دەم ئۇچۇق بولىدۇ، بىر دەم تۇتۇق بولىدۇ، بىر دەمدە يامغۇر ۋە مولدۇر ياغىدۇ. موماممنىڭ مىجەزىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ: بىر دەمدە مۇلايىملىشىپ كېتىدۇ، بىر دەمدە چىچىلىپ كېتىدۇ، بىر دەمدە يەنە ئاللىقانداق بىر خىل بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئاچچىغى كەلگەندە، ئادەم يەيدىغاندەك بولۇپ كېتىدۇ. بوۋام بىلەن ئىككىمىز ئۇنچىقماي تۇرۇۋالىمىز. ئۇ، يات ئادەمنى ھەرقانچە باقساڭمۇ پايدىسى يوق، دەيدۇ. دادا، مەن قانداقمۇ يات ئادەم بولاي. مەن بوۋام بىلەن بىللە تۇرۇپ كەلگەن تۇرسام، ئۇنىڭ ئۆزى يات ئادەم، ئۇ بۇ يەرگە كېيىن كەلگەن. لېكىن ئۇ قاراپ تۇرۇپ تېخى مېنى يات ئادەم دەيدۇ.

قىش كۈنلىرى، بىزنىڭ ئۇ يەردە قار مېنىڭ بوينۇمغا كەلگۈدەك ياغىدۇ. قار شۇنچىلىك ئېگىز دۆۋىلىنىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئاتقا ئالىباشقا مىنگەندىلا ئورمانغا كىرگىلى بولىدۇ، ئۇ قارلارنى مەيدىسى بىلەن ئىتتىرىپ يول ئاچالايدۇ. بۇ يەردە شامال شۇنداق قاتتىق چىقىدۇكى، ئادەم ئۆرە تۇرالمايدۇ. كولدە دولقۇن كۆتىرىلگەندە، سېنىڭ پاراخودۇڭ ئۇ ياق-بۇ ياققا داۋالغۇغاندا، سان-تاشنىڭ شامىلى كەلدى دەپ ھوكۈم قىلساڭ بولىدۇ. بوۋامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇرۇنسىنىڭ بۇرۇنىسىدا، دۈشمەن لەشكىرى بۇ جاينى بېسىۋېلىشقا كەپتۇ. تۇيۇقسىز، بىزنىڭ سان-تاشتىن بوران چىققان ئىكەن، دۈشمەنلەر ئات ئۈستىدە ئولتۇرالماي، ئاتتىن چۈشۈپ مېڭىشىپتۇ، لېكىن شامالدىن ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قاناپ كېتىپ، پىيادە مېڭىشقىمۇ بولماپتۇ. ئۇلار ئىلاجسىز شامالغا كەينىنى قىلىپ ماڭغان ئىكەن، شامال ئۇلارنى ئارقا تەرەپتىن ئىتتىرىپ، كەينىگە قايرىلىپ

قاراپ باقىلىمۇ قويماپتۇ، ئۇلارنى توختاتماي ھەيدىگەن پېتى بىرنىمۇ قالدۇرماي ئىسسىق كولدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. بۇ بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ئىش ئىكەن. بىز مانا مۇشۇنداق شامال ئېغىزىدا تۇرىمىز. شامال بىز تۇرغان يەردىن باشلىنىدۇ. دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىدىكى ئورماندىن شامالدا قىش بويى گۈكىرىگەن ئاۋاز چىقىدۇ. كىشىگە بۇ بەكمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلىدۇ.

قىش كۈنلىرى، ئورمانلىقتا ئانچە ئىش يوق. بىزنىڭ ئۇ يەر چۆلدەرەپ كېتىدۇ، ياز كۈنلىرىدىكىدەك كوچىمەن مالچىلار كەلمەيدۇ. يازدا، مەن قوي پادىلىرى بىلەن يىلقىلارنى ھەيدەپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئوتلاقتا قونۇشىنى بەك ياقتۇرىمەن. ئۇلار ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا تاققا چىقىپ كېتىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن بىر دەم بولسىمۇ بىللە بولۇش كۆڭۈللۈك ئىش. ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرى قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كېلىدۇ، پىكزىسى بار قارا ماشىنىنىڭ ئۈستىدە يەنە باشقا نەرسىلەرمۇ بولىدۇ. ئۇلار سەل ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، بوۋام بىلەن ئىككىمىز سالاملاشقىلى بارىمىز. بوۋام ھەر بىر كىشى بىلەن قول ئېلىشىدۇ. مەنمۇ شۇنداق قىلىمەن. بوۋام، يېشى كىچىك ئادەم يېشى چوڭ ئادەمگە ئالدى بىلەن قولىنى ئۇزىتىشى كېرەك، كىم قولىنى ئۇزاتمىسا شۇ باشقىلارنى ھۆرمەت قىلمىغان بولىدۇ، دەيدۇ. بوۋام يەنە، 7 ئادەمنىڭ ئىچىدە بىر دانىشمەن بولىدۇ، دەيدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، دانىشمەن ئىنتايىن ئاقكۆڭۈل، ئىنتايىن ئەقىللىق بولىدىكەن. ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشقان ئادەم ئۆمۈر بويى بەختلىك بولىدىكەن. مەن. ئۇنداق بولسا، بۇ دانىشمەن نىمە ئۈچۈن ئۆزىنى مەن دانىشمەن دەپ ئېتىراپ قىلمايدۇ، شۇنداق قىلغان بولسا بىز ھەممىمىز ئۇنىڭ بىلەن

قول ئېلىشۋالساق ياخشى بولماستى، دەپ سورىسام، بوۋام كۈلۈپ كەتتى. ئۇ، گەپ مۇشۇ يەردە، دانىشمەن ئۇزىنىڭ دانىشمەن ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، ئۇ ئاددى ئادەم، پەقەتلا قاراقچى ئۇزىنىڭ قاراقچى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، دەيدۇ. مەن بۇنى ئانچە چۈشەنمەيمەن، لېكىن سەل تارتىنساممۇ، ھەمىشە باشقىلار بىلەن سالاملىشىمەن.

بوۋام بىلەن ئوتلاقتا بارغاندا مەن پەقەت قىسىلمايمەن.

"ئاتا-بوۋىلىرىمىز يازلىغان جايغا كەلگىنىڭلارغا خوشالمەن! مال-چارۋىلىرىڭ ئامان-ئېسەنمۇ؟ بالا-چاقىلىرىڭ تىنچلىقمۇ؟" بوۋام ھەمىشە مۇشۇنداق دەيدۇ. مەن بولسام قول ئېلىشىپلا قويىمەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بوۋامنى تونۇيدۇ، بوۋاممۇ ئۇلارنى تونۇيدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى يايراپ، گېپىمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ. ئۇ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلى سورايدۇ، بىزنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىمىزنىمۇ ئۇلارغا سوزلەپ بېرىدۇ. مەن بالىلار بىلەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي جىم ئولتۇرىمەن. بىر دەمدىن كېيىن، بىز موكۇ-موكۇلەڭ ئوينايمىز ۋە ئۇرۇش قىلىپ ئويناىمىز، ئويۇن شۇنداق قىزىپ كېتىدۇكى، ئويگە قايتقۇم كەلمەي قالىدۇ. ئېخ، ياز بولۇپلا تۇرسا، بالىلار بىلەن ئوتلاقتا ئويناپلا تۇرسام، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە!

بىز ئويناۋاتقان چاغدا، چوڭ كىشىلەر گۇلخان ياقىدۇ. دادا، گۇلخان ياققاندىن كېيىن ئوتلاق پۈتۈنلەي يورۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ ياق، ئۇنداق بولمايدۇ! ئوتنىڭ ئەتراپىلىرىلا يورۇيدۇ، باشقا جايلار بۇرۇنقىدىنمۇ قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ. بىز ئۇرۇش قىلىپ ئوينىغاندا، مۇشۇ قاراڭغۇلۇقتا موكۇنىمىز ۋە ھۇجۇم قىلىمىز، بەئەينى كىنودىكىگە ئوخشايدۇ. ئەگەر سەن قوماندان بولساڭ، ھەممەيلەن

سىنىڭ گېپىڭنى ئاڭلايدۇ. قوماندان بولۇش قانداق پەيزى-ھە......
بىردەمدىن كېيىن ئاي چىقتى. ئاينىڭ يورۇغىدا ئۇيناش چەزمەن تېخىمۇ كوڭۇللۇك بولاتتى، لېكىن بوۋام مېنى ئېلىپ كېتىدۇ. بىز ئوتلاق ۋە چاتقاللىقلاردىن ئوتۇپ ئويگە قايتىمىز. قويلار جىمجىت يېتىشىدۇ. ئاتلار توت ئەتراپتا يايلاپ يۈرىدۇ. بىز كېتىۋاتقاندا ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ياش چوپان ئېيتىۋاتامدىكىن ياكى بوۋاي ئېيتىۋاتامدىكىن. بوۋام مېنى توختىتىپ: "قۇلاق سال، بۇنداق ناخشىنى ئادەتتە ئاڭلىيالمايسەن" دەيدۇ. بىز توختاپ ئاڭلايمىز. بوۋام ئۇھ تارتىپ، ناخشىغا ئەگىشىپ ئىختىيارسىز بېشىنى لىڭشىتىدۇ.
بوۋامنىڭ سوزلەپ بېرىشىچە، بۇرۇنىسىدا بىر خان باشقا بىر خاننى ئەسىرگە ئاپتۇ. ئۇ ئەسىرگە چۈشكەن خانغا: "خالىساڭ، ھايات قېلىپ ماڭا قۇل بول، ياكى سېنىڭ ئەڭ مۇقەددەس بىر ئارزۇيۇڭنى بىجا كەلتۇرۇپ، ئاندىن سېنى ئولتۇرۇۋېتەي" دەپتۇ. ھېلىقى خان ئويلىنىۋېلىپ: "مەن ھايات قېلىپ قۇل بولۇشنى خالىمايمەن. مېنى ئولتۇرۇۋەتكىنىڭ تۈزۈك. لېكىن ئولتۇرۇشنىڭ ئالدىدا، ۋەتىنىمدىن خالىغان بىر پادىچىنى چاقىرىپ بەر" دەپتۇ. ئەسىرگە ئالغان خان ئۇنىڭدىن: "چاقىرىپ نىمە قىلىسەن؟" دەپ سوراپتۇ. ئۇ: "ئولۇش ئالدىدا ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىماقچىمەن" دەپتۇ. بوۋام، كىشلەر ئوز ۋەتىنىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاش ئۈچۈن، ئوزىنىڭ ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا رازى بولغان، دەيدۇ. مېنىڭ بۇنداق كىشىلەرنى بەكمۇ كورگۇم كېلىدۇ. ئېھتىمال، ئۇلار چوڭ شەھەرلەردە تۇرسا كېرەك؟
ناخشا تولىمۇ يېقىملىق. بوۋام ئۇنى قەدىمقى زاماندىكى ناخشا دەيدۇ. "ئۇ زامانلاردىكى كىشلەر قانداق ياخشى بولغان-ھە! ئۇلار

ئېيتقان ناخشا ئىسىدىگەن يېقىملىق! خۇدايىم...... " دەيدۇ بوۋام ئاستاغىنا. ئىسىشقىدۇ بوۋامغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىپ كېتىدۇ، تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كېتىمەن، يىغلىغۇم كېپكېتىدۇ......

تاڭ سەھەردە، ئوتلاقتا بىرمۇ ئادەم قالمايدۇ. كىشىلەر ئات ۋە قويلىرىنى تاققا ھەيدەپ ماڭىدۇ، ئۇلار پۈتۈن يازنى تاغدا ئوتكۈزىدۇ. لېكىن ئارقىدىنلا، باشقا كولخوزدىن يەنە باشقا مالچىلار كېلىدۇ. ئۇلار كۈندۈزدە كېلىپ قالسا، بۇ يەردە توختىماي ئوتۇپ كېتىدۇ. كەچتە كېلىپ قالسا، ئوتلاقتا قونىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بوۋام ئىككىمىز ئۇلار بىلەن سالاملاشقىلى بارىمىز. بوۋام كىشىلەر بىلەن سالاملىشىشقا بەك ئامراق، مەنمۇ سالاملىشىشنى ئۆگەندىم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەقىقى دانىشمەنگە يولۇقۇپ قالسام ئەجەپ ئەمەس......

قىش كەلگەندە، ئاروزقۇل تاغام بىلەن بېكەي ھاماچام دوختۇرغا كورۇنۇش ئۈچۈن شەھەرگە كېتىدۇ. ئاڭلىسام، دوختۇر ئۇلارغا يار-دەم قىلىپ، بالا تۇغىدىغان دورا بېرىدىكەن. لېكىن مومام دائىم، ئۇلار ئەڭ ياخشىسى مۇقەددەس جايغا بارسا بولاتتى، دەيدۇ. مۇقەددەس جاي دېگىنى تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ياختىزار يەر. ئۇ يەر گويا بىرەر تاغمۇ بولۇشقا تېگىشلىك ئەمەستەك تۈپ-تۈز كەتكەن، مانا شۇ يەردە بولسا بىر مۇقەددەس تاغ-سۇلايمان تېغى بار. ئاشۇ تاغنىڭ باغرىدا خۇداغا ئاتاپ بىر قارا قوي قۇربانلىق قىلىپ، تاققا كىرگىچە قەدەمدە بىر تازىم قىلىپ خۇداغا يېلىنسا، خۇدانىڭ رەھمى كېلىپ بالا بېرەرمىش. بېكەي ھاماچامنىڭ سۇلاي-مان تېغىغا بەكمۇ بارغۇسى بار، لېكىن ئاروزقۇل تاغام بېرىشنى ئانچە خالىمايدۇ. يول ناھايىتى يىراق. ئۇ، كوپ پۇل كېتىدۇ، دەيدۇ. چۈنكى ئايرۇپىلانغا ئولتۇرۇپ تاغ-چوققىلاردىن ئاشقاندىلا ئۇ يەرگە

بارغىلى بولىدۇ، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇش ئۈچۈنمۇ بىرمۇنچە پۇل مېڭىش كېرەك، يەنە تېخى پۇل خەجلەش كېرەك......

ھاماچاملار شەھەرگە كەتكەندىن كېيىن، ئورمان قاراۋۇلخانىسىدىكى كىشىلەر تېخىمۇ ئازىيىپ، بىز ۋە خوشنىمىز سېيىدەخمەت تاغام، ئۇنىڭ ئايىلى گۈلجامال ھەم ئۇلارنىڭ كىچىك قىزىلا قالىمىز. بىزنىڭ بارلىق ئادىمىمىز مانا مۇشۇ.

كەچقۇرۇن، ھەممە ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، بوۋام ماڭا چۆچەك ئېيتىپ بېرىدۇ. مەن بىلىمەن، بۇ چاغدا تالا قاپ-قاراڭغۇ، سوغاق بولۇپ كېتىدۇ. بوران دەھشەت گۈكرەيدۇ. ھەتتا ئەڭ چوڭ تاغلارمۇ بۇنداق كېچىدە قورقۇپ كېتىدۇ، ئۇلار قىستىلىشىپ، بىزنىڭ ئۆيگە، دەرىزىمىزدىن كۆرۈنۈۋاتقان چىراق نۇرىغا يېقىنراق كېلىشكە تىرىشىدۇ. مەن بۇنىڭدىن ھەم قورقىمەن، ھەم خۇشاللىنىمەن. ئەگەر مەن بىر گىگانت ئادەم بولغان بولسام، چوقۇم يوغان جۇۋىنى كىيىپ تالاغا چىقىپ، ئۇلارغا: "قورقماڭلار، تاغلار! مەن بۇ يەردە. بوران چىقىپ تۇرسىمۇ، قاراڭغۇ بولسىمۇ، شۇۋۇرغان سوقسىمۇ مەن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن، سىلەرمۇ قورقماڭلار. تېز بۇرۇنقى جايىڭلارغا قايتىپ كېتىڭلار، قىستىلىشىپ بىر يەرگە دۆۋىلىنىۋالماڭلار" دەيتتىم. ئارقىدىن، مەن قېلىن قارنى كېچىپ، دەريادىن سەكرەپ ئۆتۈپ ئورمانلىققا باراتتىم. دەرەخلەر قاراڭغۇ ئورماندا قورقىدۇ. ئۇلار بەكمۇ يالغۇز، ئۇلار بىلەن گەپلىشىدىغان ئادەم يوق. يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخلەر زىمىستان سوغاقتا مۇزلاپ قېتىپ قالىدۇ، ئۇلار يۆلىنىۋالغۇدەك جايمۇ يوق. مەن بولسام ئورمانلىقتا مېڭىپ ھەر بىر تۈپ دەرەخنىڭ غولىغا قېقىپ قويۇپ، قورقماڭلار دەيتتىم. ئەتىيازدا كۆكلىمەيدىغان دەرەخلەر بەلكىم

قورقۇپ كەتكەنلىكتىن قېتىپ قالغان بولسا كېرەك، ئۇلار قورۇپ قالغاندىن كېيىن ئوتۇن قىلىپ قالدۇرىتىمىز.

بوۋام چوچەك ئېيتىپ بېرىشقا تەييارلانغان چاغدا، مەن مۇشۇلارنى ئويلايمەن. ئۇنىڭ چوچەكلىرى ناھايىتى ئۇزۇن. ئۇنىڭ خىلمۇ-خىل چوچەكلىرى بار. كۈلكىلىك چوچەكلىرىمۇ بار، بولۇپمۇ چىپالاك دېيدىغان بارماقچىلىك بالا توغرىسىدىكى چوچەك ھەممىدىن قىزىق. ئاچكوز بورە ئۇنى يېۋېتىپ تەس كۈنگە قالىدۇ. ياق، ئاۋال ئۇنى توگە يېۋېتىدۇ. چىپالاك يوپۇرماقنىڭ ئاستىدا ئۇخلاۋاتسا، بىر توگە ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھاپ قىلىپلا ئۇنى يوپۇرماق بىلەن قوشۇپ يېۋېتىپتۇ. شۇڭا كىشىلەر ئادەتتە: "توگە ئۇزىنىڭ نېمە يېگەنلىگىنى ئۇقمايدۇ" دېيىشىدۇ. بۇ گەپ شۇنىڭدىن كەلگەن. چىپالاك ۋاقىراشقا باشلاپتۇ، بوۋايلار ئىلاجسىز توگىنى ئۆلتۈرۈپ، چىپالاكنى قۇتقۇزۇپتۇ. بورە بىلەن بولغان ئىش بۇنىڭدىنمۇ قىزىق. بورە ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىگىدىن چىپالاكنى يۇتۇۋېتىپتۇ، كېيىن كوزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇپ، يېلىنىشقا مەجبۇر بوپتۇ. بورى چىپالاك بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ: "سەن كىچىككىنە قورۇت پۇتۇمنىڭ ئاستىدا مىتىلداپ زەپمۇ ئىچىمنى پۇشۇردۇڭ! كوز يۇمۇپ ئاچقىچە سېنى يۇتۇۋېتىمەن" دەپتۇ. چىپالاك: "بورە، ماڭا تەگمە، بولمىسا سېنى ئىتقا ئايلاندۇرۇپ قويىمەن" دەپتۇ. "ھا-ھا-ھا—قىلىپ كۈلۈپتۇ بورە، — بورىنىڭ ئىت بولۇپ قالغانلىغىنى كىم كورۇپتۇ؟ سەن ماڭا بىھۇرمەتلىك قىلدىڭ، مەن سېنى يېۋەتىمەن" دەپلا بورە ئۇنى يۇتۇۋېتىپتۇ. يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن ئۇنتۇپ قاپتۇ. لېكىن شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇنى پالاكەت بېسىپتۇ. بورە تۇيدۇرماي قويلارغا-يېقىنلاشقان ھامان، چىپالاك ئۇنىڭ قوسىغىدا تۇرۇپ: "ھەي، پادىچىلار، ئۇيقۇڭلارنى

ئېچىڭلار! مەن بورە قوي ئوغرىلىغلى كەلدىم!" دەپ ۋاقىراپتۇ. بورە ئالاقزادە بولۇپ ئۆزىنىڭ بېلىنى جىنىنىڭ بېرىچە چىشلەپ، يەرگە يۇمىلىنىپ بېقىپتۇ. لېكىن، چىپالاك يەنىلا توختىماپتۇ. ئۇ يەنە: "ھەي، پادىچىلار، بۇ يەرگە كېلىڭلار، مېنى ئۇرۇڭلار، تازا ئۇرۇڭلار!" دەپ ۋاقىراپتۇ. پادىچىلار تاياق-توقماقلارنى كوتىرىپ بورىنى قوغلاپتۇ، بورە قورققىنىدىن قۇيرۇغىنى قىسىپ بەدەر تىكىۋېتىپتۇ. پادىچىلار قوغلاۋېتىپ، ھەيران بولۇشۇپتۇ. بورە ساراڭ بولۇپ قالغاندەك، قېچىپ كېتىۋېتىپ: "مېنى قوغلاڭلار، بۇرادەرلەر، ئايىماي ئۇرۇڭلار!" دېگۈدەك. پادىچىلارنىڭ كۈلۈپ ئۇچەيلىرى ئۈزۈلۈپ قاپتۇ، ياۋۇز بورە قېچىپ كېتىپتۇ. لېكىن ئۇ زادى ئارام تاپالماپتۇ. ئۇ نەگىلا بارمىسۇن، چىپالاك ئۇنى بوش قويۇۋەتمەپتۇ. كىشىلەر ئۇنى قوغلاپتۇ، مەسخىرە قىپتۇ. ئۇ ئورۇقلاپ قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ھەسرەت چېكىپ: "ھەي، بۇ قانداق جازادۇ؟ نىمىشقىمۇ ئۇزەمگە بالا تېپىۋالغاندىمەن؟ قېرىپ مېڭەم ئىشلىمەيدىغان بولۇپ قالدى!" دەپ زارلىنىپتۇ. بۇ چاغدا، چىپالاك ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە: "سەن تاشمەتىنىڭكىگە بار، ئۇنىڭ قويلىرى سېمىز! بايمەتىنىڭكىگە بار، ئۇنىڭ ئىتى گاس. ئىرمەتىنىڭكىگە بار، پادىچى ئۇخلاۋاتىدۇ" دەپ پىچىرلاپتۇ. بورە مىدىرلىماي ئۇز جايىدا ئولتۇرغان پېتى كوڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاپ: "مەن ھېچيەرگە بارمايمەن، ئۇدۇل كەلگەن بىرسىنىڭ ئويىدە يالىنىپ، ئىت بولغىنىم ياخشى......" دەپتۇ.

دادا، بۇ چوچەك قىزىقمىكەن؟ بوۋامنىڭ يەنە قايغۇلۇق، قورقۇنچلۇق، ھەسرەتلىك چوچەكلىرى بار. لېكىن مەن مۇڭگۈزلۈك بۇغا ئانا توغرىسىدىكى چوچەكنى ھەممىدىن بەك ياقتۇرىمەن. بوۋام،

ئىسسىق كولدە ياشايدىغان ھەر بىر ئادەم بۇ چۈچەكنى بىلىشى كېرەك، بىلمەسلىك گۇنا، دەيدۇ. بەلكىم، بۇ چۆچەكنى سەن بىلىدىغانسەن، دادا؟ بوۋام بۇ چۆچەك راست، بۇرۇن مۇشۇنىداق ئىش بولغان دەيدۇ. يەنە، بىز ھەممىمىز مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانىنىڭ بالىلىرى، مەن، سەن، باشقا ھەممە ئادەملەر...... دەيدۇ.

بىز قىشنى مانا مۇشۇنداق ئوتكۈزىمىز. قىش ناھايىتى ئۇزۇن بولىدۇ. بوۋام چوچەك ئېيتىپ بەرمەيدىغان بولسا، قىش بويى ئىنتايىن زېرىكىپ كەتكەن بولاتتىم.

باھار كېلىش بىلەن بىزنىڭ ئۇ يەرلەر بەك ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ھاۋا پۈتۈنلەي ئىسسىغان چاغدا، پادىچىلار يەنە مال باققىلى تاققا كېلىدۇ. ئۇ چاغدا، تاغدىكى كىشىلەر يەنە كوپىيىدۇ. بىراق، دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە بىزدىنمۇ يىراقتا تۇرىدىغانلار يوق. ئۇ يەردە دەرەخلەر ۋە دەرەخلىق ئىچىدە ياشايدىغان جانىۋارلا بار. شۇڭا، ھەرقانداق ئادەمنى ئورمانغا كىرگۈزمەسلىك، ھەرقانداق ئادەمنىڭ بىرەر تال شاخنى نېرى-بېرى قىلىشىغىمۇ يول قويماسلىق ئۇچۇن، بىز ئورمان قاراۋۇلخانىسىدا تۇرىمىز. بەزىدە، بىز تۇرغان جايغا بىلمىلىك كىشىلەرمۇ كېلىپ قالىدۇ. بىر قېتىم، شىم كىيىۋالغان ئىككى ئايال، كىچىك بىر بوۋاي، يەنە بىر يىگىت كېلىپ، توپ-توغرا بىر ئاي تۇردى. يىگىت ئۇلار بىلەن بىللە ئۆگەنگىلى كەپتۇ. ئۇلار نۇرغۇنلىغان ئوت-چوپ، دەرەخ يوپۇرمىقى ۋە شاخلارنى يىغدى. ئۇلار: سان-تاشتەك ئورمان يەر يۈزىدە كوپ قالمىدى، ھەتتا پۈتۈنلەي قالمىدى دېسىمۇ بولىدۇ. شۇڭا، ئورمانلىقتىكى ھەر بىر تۇپ دەرەخنى ئاسراش كېرەك، دېيىشتى.

بوۋام ھەر بىر تۇپ دەرەخنى بەكمۇ قەدىرلەيدۇ. ئۇ ئارۇزقۇل

تاغامنىڭ قارىغايلارنى خەقلەرگە بېرىدىغانلىقىنى زادىلا ياقتۇرمايدۇ......

## (3)

ئاق پاراخوت يىراقلاپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇرخۇنلىرى دۇربۇندا ئۇچۇق كۆرۈنمەي قالدى. پاراخوت بىر دەمدىن كېيىن كۆرۈنمەيدۇ. بالا ئەمدى ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم دادىسىنىڭ پاراخودىدا قىلغان سەپىرىدىن بىرەر خۇلاسە چىقىرىشى كېرەك. ھەممىنىغۇ ئوبدان ئويلىدى، بىراق يىغىشتۇرۇش تەس بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بېلىققا ئايلىنىپ، دەريا بىلەن ئۈزۈپ كولگە كەلگەنلىكىنى، ئاق پاراخوتنىڭ ئۆزىگە قاراپ كەلگەنلىكىنى، دادىسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، دادىسىغا ھەممە نەرسىنى سوزلەپ بەرگەنلىكىنى ئانچە قىينالمايلا تەسەۋۋۇر قىلدى. لېكىن كېيىنكى ئىشلار قىيىن بولدى. چۈنكى، مەسىلەن ئېيتساق، قىرغاق كۆرۈندى. پاراخوت پورتقا كېلىدۇ. ماتىروسلار قىرغاققا چىقىپ ئۆز ئۆيلىرىگە كېتىشىدۇ. دادىسىمۇ ئۆيىگە قايتىشى كېرەك. ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە ئىككى بالىسى پورتتا ئۇنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بالا مۇشۇ چاغدا قانداق قىلىشى كېرەك؟ دادىسى بىلەن بىللە مېڭىشى كېرەكمۇ؟ دادىسى ئۇنى ئېلىپ كېتەمدۇ؟ ئۇنى ئېلىپ بارىدىغان بولسا، خوتۇنى جەزمەن ئۇنىڭدىن: "بۇ كىم؟ ئۇ نەدىن كەلگەن؟ نېمە قىلغىلى كەپتۇ؟" دەپ سورايدۇ. ياق، بارمىغان ياخشى......

ئاق پاراخوت بارغانسېرى يىراقلاپ، بىلىنەر-بىلىنمەس كورۈنە-
دىغان قارا چېكىتتەك بولۇپ قالدى. كۈن پېتىپ سۇ يۈزى بىلەن
تەڭلەشتى. دۇربۇندا بىغىر رەڭ كول يۈزىدە كوزنى قاماشتۇرىدىغان
نۇرلار چاقناۋاتقانلىغى ئېنىق كورۈنۈپ تۇراتتى.

پاراخوت كوزدىن غايىپ بولدى. ئاق پاراخوت توغرىسىدىكى
ھىكايىمۇ ئاياقلاشتى. ئەمدى ئۆيگە قايتىش كېرەك.

بالا يەردىن سومكىسىنى ئېلىپ، دۇربۇننى قولتۇغىغا قىستۇرۇپ،
ئىلانغا ئوخشاش غىرىلداپ تاغ باغرىغا چۈشتى. ئۆيگە يېقىنلاش-
قانسېرى ئۇنىڭ يۈرىگى دۇپۇلدىگىلى تۇردى. موزاينىڭ كوينەكنى
چاينىۋەتكەنلىگى ئۇچۇن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. شۇ
تاپتا ئۇنىڭ خىيالىغا جازاغا تارتىلىشتىن باشقا نەرسە كىرمەيتتى.
ئوزىگە مەدەت بېرىش ئۇچۇن، ئۇ ئوزىگە ۋە سومكىسىغا ئېيتتى:
”قورقما، بىزنى تىللىسا تىللاۋەرسۇن. قەستەن قىلغىنىم يوق. مەن
موزاينىڭ قېچىپ چىقىدىغانلىغىنى پەقەت بىلمەپتىمەن. بېشىمغا
بىرنەچچىنى يەيدىغان بولدۇم، لېكىن چىدىيالايمەن. سېنى يەرگە
تاشلىۋەتسە، سەنمۇ قورقما. سەن دىگەن سومكا، ھېچنەرسە بولماي-
سەن. ئەگەر دۇربۇن موماىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسا
چاتاق بولىدۇ. ئاۋال دۇربۇننى بالخانىغا تىقىپ قويۇپ، ئاندىن
قايتايلى......“

بالا شۇنداق قىلدى. ئۇ قورققان ھالدا ئىشىكتىن كىردى.

ئۆيدە كىشىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان جىمجىتلىق ھوكۇم سۈر-
مەكتە ئىدى. ھويلا تىمتاس بولۇپ، بىرمۇ ئادەم كورۈنمەيتتى،
گويا كىشىلەر بۇ يەردىن كېتىپ قالغاندەك ئىدى. ئەسلىدە بېكەي
ئېرىدىن تاياق يىگەن ئىدى. مومىن بوۋاي يەنە غالجىرلاشقان كۈ-

يوغلىنى ئاجرىتىپ قويغىلى بىرىپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرغان، يېلىنغان، ئۇنىڭ مۇشتلىرىنى توسۇۋالماقچى بولغان ئىدى. ئۇ چاچلىرى چۇۋۇلغان، ۋايجان-ۋايەي دەپ يىغلاۋاتقان قىزىنىڭ ئۇلگۇدەك تاياق يېگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇ كۆيۈغلىنىڭ ئۆزىنىڭ قېيىناتىسىنىڭ ئالدىدا — خوتۇنىنىڭ دادىسىنىڭ ئالدىدا ئۆز خوتۇنىنى ئېغىزغا ئالغۇسىز گەپلەر بىلەن تىللىغانلىقىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى. ئاروزقۇل خوتۇنىنى تۇغماس قانجىق، نەس باسقان تۇغماس مىدە ئىشەك دەپ تىللىدى، يەنە ھەرەڭ-سەرەڭ سەت گەپلەر بىلەن تىللىدى. بوۋاي يەنە قىزىنىڭ ئەقىلدىن ئازغاندەك ئەسەبىلەرچە ۋاقىراپ، ئۆزىنىڭ تەقدىرىدىن زارلىنىپ: ”خۇدا بالا بەرمىسە مەندە نىمە گۇنا؟ ئالەمدە قانچىلىغان ئاياللار قويدەك تۇغۇۋېرىدۇغۇ. مەنلا خۇدانىڭ قاغىشىغا كەتكەن بەندە ئىكەنمەن. نىمە ئۇچۇن شۇنداق! مەن نىمىشقا شۇنچە بىتەلەي! ھەي، مۇناپىق، مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت، ئۆلتۈرۈۋەت!......“ دىگىنىنى ئاڭلىدى.

مومىن بوۋاي قايغۇ-ھەسرەت ئىچىدە بۇلۇڭدا ئولتۇراتتى، ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان بولۇپ، توختىماي ئۇھ تارتاتتى. تىزلىرى ئۈستىدىكى ئىككى قولى تىترەيتتى. ئۇنىڭ رەڭگى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ئىدى.

مومىن نەۋرىسىگە بىر قاراپ قويۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، يەنە ھارغىن قىياپەتتە كۆزىنى يۇمدى. مومىسى ئۆيدە يوق ئىدى. ئۇ بېكەي ھاماچا بىلەن ئېرىنى ئاجرىتىپ، نەرسە-كېرەكلەرنى رەتلىشىپ، چېقىلغان قاچا-قۇچىلارنى يىغىشتۇرغىلى چىقىپ كەتكەن ئىدى. مومىسى شۇنداق قىلاتتى: ئاروزقۇل خوتۇنىنى ئۇرغان چاغدا ئۇ ئاجرىلاشمايتتى، بوۋايمۇ ئاجرىلاشقىلى قويمايتتى. لېكىن ئۇرۇپ

بولغاندىن كېيىن، ئۇ بىرىپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلاتتى، تەسەللى بېرەتتى. ئۇنىڭ مۇشۇنچىلىك قىلغىنىمۇ رەھمەت ئوقۇشقا ئەرزىيەدۇ.

بالا بوۋىسىغا بەكمۇ ئىچ ئاغرىتاتتى. بۇنداق كۈنلەردە بوۋاي ھۇشىدىن كېتەي دەپلا قالاتتى. ئۇ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ قېتىپ قالاتتى، كىشىلەر بىلەن كورۇشمەيتتى، ھېچقانداق كىشىگە ھال ئېيتمايتتى. بۇنداق چاغلاردا مومىن ئويلايتتى: ئۇ ئۆزى قېرىپ قالدى. ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى، لېكىن ئۇ ئۇرۇشتا قۇربان بولۇپ كەتتى، ھازىر ئۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ھېچكىم ئېسىگە ئالمايدۇ. ئوغلى ھايات بولغان بولسا، بەلكىم بوۋاي بۇگۈنكىدەك ھالغا چۈشۈپ قالماس ئىدى. مومىن ئولۇپ كەتكەن خوتۇننى ئەسلىدى، ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يىل ئوي تۇتقان ئىدى. لېكىن مومىنىنىڭ ئەڭ چوڭ بەختسىزلىگى شۇ بولدىكى، ئۇنىڭ ئىككى قىزىنىڭ بەختى كەلمىدى. كىچىك قىزى بالىسىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بىرىپ، ئۆزى شەھەرگە كەتتى، ھازىر بالىلىرى بىلەن بىر ئېغىز كىچىك ئۆيدە قىستىلىشىپ تۇرىدۇ. چوڭ قىزى بۇ يەردە ئاروزقۇل بىلەن ئوي تۇتۇپ تارتمىغان ئازاپ-ئوقۇبەتلىرى قالمىدى. گەرچە بوۋاي قىزىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان ھەمدە قىزى ئۇچۇن ھەممە خورلۇقلارغا چىداۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن قىزى ئانا بولۇش بەختىگە يېتىشتىن ناھايىتى يىراقتا تۇرۇپتۇ. قىزىنىڭ ئاروزقۇل بىلەن بىللە ئوتتۇرۋاتقىنىغا ئۇزاق يىللار بولدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاش ھەقىقەتەن ئازاپلىق ئىش، لېكىن قىزى نەگە بارالايدۇ؟ ئۇنىڭدىن كېيىن ئەھۋال يەنە قانداق بولىدۇ؟ ئۆزىنىڭمۇ بۈگۈن-ئەتىلىگى قالدى. ئۆزى ئولۇپ كەتسە، بەختسىز قىزىنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟

بالا دەرھال بىر پىيالە قېتىقنى غورتۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپ، بىر پارچە نان يەپ، ئۇزۇن چىقارماي دەرىزە تۈۋىدە ئولتۇردى. ئۇ چىراقنى ياندۇرمىدى. بىراق ئۆز مەيلىچە ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈۋالسۇن دەپ، بوۋىسىغا كاشىلا قىلغۇسى كەلمىدى.

ئۇمۇ ئۆز خىيالى بىلەن ئىدى. ئۇ بېكەي ھاماچىسىنىڭ نىمىشقا ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ۋوتكا قۇيۇپ بېرىدىغانلىقىنى، ئېرى ئۇنى مۇشتلاپ تۇرسىمۇ، تاياق يەپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭغا يېرىم لىتىر ھاراق بېرىدىغانلىقىنى......چۈشىنەلمەيتتى.

ھەي، بېكەي ھاماچا، بېكەي ھاماچا! ئېرى ئۇنى سانسىز قېتىملاپ ئۇرۇپ ئۆلەر ھالغا كەلتۈرۈپ قويسىمۇ، ئۇ دائىم ئېرىنى كەچۈرىدۇ. بوۋىسىمۇ دائىم ئۇنى كەچۈرىدۇ. ئۇنى نىمىشقا كەچۈرىدۇ؟ بۇنداق ئادەمنى كەچۈرمەسلىك كېرەك. ئۇ بىر ئەسكى، ئىنتايىن يامان ئادەم. ئۇنىڭ بۇ يەردە كېرىكى يوق. ئۇ بولمىسىمۇ كۈنىمىز ئۆتىۋېرىدۇ.

بالا ئۆزىنىڭ شەپقەتسىز تەسەۋۋۇرى بىلەن، بىر ئادىل جازا مەنزىرىسىنى جانلىق سۈرەتلەپ چىقتى: ھەممەيلەن ئاروزقۇلغا ئېتىلىپ ۋە بۇ چوشقىدەك سېمىز، كېلەڭسىز ئىپلاس ئەبلەخنى دەريا بويىغا سورەپ بېرىشتى. ئاندىن، بىرنەچچە ئىغاڭلىتىپلا ئۇنى كوپۈكلەرنى چاچرىتىۋاتقان دولقۇنغا تاشلىۋەتتى. ئۇ بېكەي ھاماچىغا ۋە مومىن بوۋىغا يالۋۇردى. چۈنكى بۇنداق ئادەملەر مەڭگۈ بېلىققا ئايلىنالمايتتى.

بالا ئاروزقۇلنىڭ دەريادا قانداق جان تالىشىشىنى، ئۇنىڭ مەخمەل قالپىقىنىڭ دەريادا قانداق لەيلەپ يۈرۈشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. ھەتتا كۆلكىلىك ھىس قىلدى.

لېكىن، كىشىنى ھەسرەتلەندۈرىدىغىنى شۇكى، چوڭ ئادەملەر كىچىك بالا توغرا دەپ ھېساپلىغاندەك قىلمايدۇ. ئۇلار دەل بۇنىڭ ئەكسىنى قىلىدۇ. ئاروزقۇل ئۆيىگە قايتقاندا ئۇبدانلا تەكشىلىپ قالغان بولسىمۇ، چوڭلار يەنىلا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ. بوۋاي ئۇنىڭ ئىچىنى يېپىشلەپ كېتىدۇ. خوتۇنى خۇددى ئۇنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈپ تۇرغاندەك. دەرھال چاي راسلاشقا تەرەددۇت قىلىدۇ، ئۇ بولسا ھەيۋە قىلىشقا باشلايدۇ. دەسلەپتە ئۇھ تارتىپ يىغلايدۇ: بۇ قانداق بولغىنى، ھەممە ئادەمنىڭ، ھەتتا قىلچە كېرەككە كەلمەيـدىغان، قول ئېلىشىپ سالاملىشىشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئادەملەرنىڭمۇ باللىرى بار، قانچىلىك بالا تاپقۇسى كەلسە شۇنچىلىك تاپىدۇ، بەشـلەپ، ئونلاپ تاپىدۇ. ئاروزقۇلچۇ، ئۇنىڭ قەيىرى باشقىلاردىن كەم ئىكەن؟ ئۇنىڭ قايسى جەھەتتە سالاھىيىتى توشمايدىكەن؟ ياكى خىزمەت ئورنى تۆۋەنمىكەن؟ خۇداغا شۈكۈر، ئۆزى ھەرھالدا يۇقۇـرى دەرىجىلىك ئورمان نازارەتچىسى بولىدى! ياكى بولمىسا، ئۇ قانداقتۇ سەرگەردانمۇ؟ سىگان بولغان تەقدىردىمۇ بىر تالاي سىگان باللىرى تۇغۇلغان بولاتتى. ياكى، ئۇ نامى چىقمىغان، خەقلەر ھۆرـمەتلىمەيدىغان ئادەممۇ؟ ياق، ئۇنىڭ توققۇزى تەل، تۇرمۇشى ناھاـيىتى باياشات. مىنىدىغان ئېتى بار، قولىدا قامچىسى بار، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئۇچرىشىپ قالسا ئىززەت ـ ئىكرام بىلدۈرىدۇ. ئەمما، نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن بىر دىمەتلىك كىشىلەرنىڭ باللىرى توي قىلىپ بولـدى. ئۇنىڭ بولسا ئىز بېسىپ قالغۇدەك بىرەر ئوغلىمۇ يوق؟

بېكەي ھاماچىمۇ يىغلايدۇ، پايپېتەك بولۇپ، ئېرىنىڭ كوڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىدۇ، ئۇنىڭغا ساقلاپ قويغان يېرىم لىتىر ھاراقنى ئېـلىپ كېلىدۇ. ئورىمۇ كوڭلىدىكى ھەسرەتنى بىر ئاز بولسىمۇ پەسەيـ

تمش ئۇچۇن، ئېرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ هاراق ئىچىدۇ. ئاروز-قۇل تۇيۇقسىزلا غالجىرلىشىپ. بارلىق قەهرى-غەزىۋىنى ئۇنىڭدىن — ئۇزىنىڭ خوتۇنىدىن ئالىدۇ. لېكىن خوتۇنى هامان ئۇنى كەچۈ-رىدۇ،قېيناتىسىمۇ ئۇنى كەچۈرىدۇ، هېچكىم ئاروزقۇلنى باغلىمايدۇ. ئەتىگىنى، ئۇنىڭ مەستلىكى يېشىلىپ ئورنىدىن تۇرغاندا، خوتۇنى هەممە ئەزايىنىڭ يارا بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي، ئاللىبۇرۇنلا ساماۋار قويۇپ چاي تەييارلاپ قويغان بولىدۇ. بوۋايمۇ ئاتنى سۇلۇ بىلەن تويغۇزۇپ، توقۇپ تەييار قىلىدۇ. ئاروزقۇل چاينى قانغۇدەك ئىچىپ، ئاتقا مىنىپ يۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇ يەنىلا رەهبەر، سان-تاشتىكى بارلىق ئورماننىڭ خوجايىنى. ئاروزقۇلدەك ئادەمنى دەرياغا باشلىۋې-تىش هېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدۇ......

كەچ بولدى. هويلىنى قاراڭغۇلۇق باستى.

بالىغا سومكا ئېلىپ بەرگەن بۇ كۇن مانا شۇنداق ئاياقلاشتى.

ئۇخلايدىغان چاغقىچە، بالا سومكىسىنى قەيەرگە قويۇشنى بىلمەي تۇرغان ئىدى. ئاخىردا، ئۇ سومكىسىنى ياستۇغىنىڭ يېنىغا قويۇش قارارىغا كەلدى. بۇ چاغدا بالا سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەگىنىڭ دىگۈدەك مۇشۇنداق سومكىسى بارلىغىنى بىلمەيتتى، بۇ ئۇنىڭغا كېيىنچە مەلۇم بولدى. لېكىن بۇ ئۇنى كەيپسىزلەندۇر-مىدى، ئۇنىڭ سومكىسى يەنىلا ئادەتتىكىچە بولمىغان، تولىمۇ ئالاهىدە سومكا. ئوخشاشلا، بۇ چاغدا، ئۇ ئۆزىنىڭ گودەك هاياتىنىڭ قانداق ۋەقەلەرگە دۇچ كېلىدىغانلىغىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئاخىر بىر كۇنى ئۆزىنىڭ دۇنيادا يەككە-يىگانە ياشايدىغانلىغىنى، ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ سومكىلا قالىدىغانلىغىنى، بۇ ئەهۋالنى كەلتۇرۇپ چىقىرىدىغان نەرسە

ئۆزى ئامىراق بولغان، مۆكىگۈزلۈك بۇغا ئانا توغرىسىدىكى چوچەك ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى......

مۇشۇ كۈنى كەچتە ئۇنىڭ بۇ چوچەكنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلىغۇسى بار ئىدى. مومىن بوۋاينىڭ ئۆزىمۇ بۇ چوچەككە ئامىراق ئىدى، بۇ چوچەكنى ئېيتقاندا، بولغان ۋەقەلەرنى خۇددى ئۆز كوزى بىلەن كورۇپ تۇرغاندەك، ئۇ تۇرۇپ-تۇرۇپ ئۇھ تارتاتتى، كوز يېشى قىلاتتى، خىيالغا پاتاتتى.

لېكىن بالا بوۋىسىنىڭ خىيالىنى چېچىۋېتىشتىن ئەيمىنىپ قالدى، ئۇ هازىر بوۋىسىنىڭ چوچەك ئېيتىپ بېرىشكە ھەپىلىسى يوقلۇغىنى بىلەتتى. "بوۋام كېلەر قېتىم ئېيتىپ بەرسۇن! — دىدى بالا سومكىغا. — هازىر مەن ئۆزەم ساڭا مۆكىگۈزلۈك بۇغا ئانا توغرىسىدىكى چوچەكنى ئېتىپ بېرەي، بوۋام ئېيتقانغا ئوخشاش قىلىپ، بىرنىمۇ قالدۇرماي ئېيتىپ بېرىمەن. مەن ھىچكىم ئاڭلىيالمىغۇدەك قىلىپ ئاستا ئېيتىمەن، قۇلاق سېلىپ ئاڭلا. مەن چوچەك ئېيتىشقا ئامراق. چوچەكتە ئېيتىلغان ھەممە نەرسىنى كىنو كورگەندەك كورۇپ تۇرىمەن. بوۋام بۇلارنىڭ ھەممىسىنى راست دەيدۇ. بۇرۇنىسىنىڭ بۇرۇنىسىدا......"

## (4)

بۇ ئىش ناھايىتى ئۇزاق زامانلارنىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن. بۇرۇنىسىنىڭ بۇرۇنىسىدا، يەر يۈزىدىكى ئورمانلار ئوت-چوپتىنمۇ كوپ، زېمىنىمىزدىكى دەريا-دېڭىزلار قۇرۇقلۇقتىن كوپ بولغان بىر چاغلاردا،

كەڭ كەتكەن سوغاق دەريا بويىدا قىرغىز دىگەن بىر مىللەت ياشايدىكەن. بۇ دەريانىڭ ئىسمى ئېنىساي ئىكەن. ئۇ ئۇزاقلارغا سوزۇلۇپ، تا سىبىرىيىگىچە ئېقىپ بارىدىكەن. ئۇ يەرگە بېرىش ئۇچۇن ئاتلىق 3 يىل 3 ئاي يول مېڭىشقا توغرا كېلىدىكەن. ھازىر بۇ دەريا ئېنىسېي دىيىلىدۇ، لېكىن ئۇ چاغلاردا ئۇ ئېنىساي دەپ ئاتىلىدىكەن. ئەينى ۋاقىتتا مۇنداق بىر ناخشا تارقالغان ئىكەن:

سەندىن كەڭ دەريا بارمۇ ئېنىساي،
سەندىن ئەزىز ديار بارمۇ ئېنىساي،
سەن تارتقاندىنمۇ ئېغىر كۆلپەت بارمۇ ئېنىساي،
ئىرادەڭدىن ئەركىن ئىرادە بارمۇ ئېنىساي.

سەندىن كەڭرەك دەريا يوقتۇر ئېنىساي،
سەندىن ئەزىز ديار يوقتۇر ئېنىساي.
سەن تارتقاندىنمۇ ئېغىر كۆلپەت يوقتۇر ئېنىساي،
ئىرادەڭدىن ئەركىن ئىرادە يوقتۇر ئېنىساي.

ئېنىساي مانا مۇشۇنداق بىر دەريا.

ئۇ چاغلاردا ئېنىساي دەرياسىنىڭ بويىدا تۇرلۇك مىللەتلەر بولغان ئىكەن. ئۇلار دائىم بىر بىرى بىلەن دۇشمەنلىشىپ تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى قىيىن ئىكەن. نۇرغۇن دۇشمەنلەر قىرغىزلارنى قورشاپ تۇرىدىكەن. بىردەم بۇ دۇشمەن ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، بىردەم ئۇ دۇشمەن تاجاۋۇز قىلىدىكەن: ياكى بولمىسا، قىرغىزلارنىڭ ئۆزى باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، باشقىلارنىڭ مال-چارۋىلىرىنى بۇلاپ، ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ، ئادەملىرىنى قىرىپ

تاشلايدىكەن. قانچىلىك ئولتۇرەلىسە شۇنچىلىك ئولتۇرىدىكەن — ئۇ شۇنداق زامان ئىكەن. ئادەمنىڭ ئادەمگە رەھمى كەلمەيدىكەن، ئادەم ئادەمنى ئولتۇرىدىكەن. ئەھۋال شۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىپ-تۇكى، يەر تېرىيدىغان، مال باقىدىغان، ئوۋ ئوۋلايدىغان ئادەم قالماپتۇ. كىشىلەر ئۇنداق قىلغانىنىڭ ئورنىغا بۇلاپ-تالاپ كۈن كەچۈرۈشنى ئاسان كورىدىغان بوپتۇ: بىرەر جايغا بېرىپ ئادەملەرنى ئولتۇرۇپ، نەرسە-كېرەكلەرنى بۇلاپ كېتىدىكەن. لېكىن، ئادەم ئولتۇرگۈچىدىن قانغا قان، جانغا جان ئېلىنىدىكەن، يەنى تېخىمۇ زور ئوچمەنلىك بىلەن قىساس ئېلىنىدىكەن. مۇشۇنداق داۋاملىشى-ۋېرىپ، بارغانسېرى كوپلەپ قان توكۇلۇپتۇ. كىشىلەرنىڭ كاللىسى ئېلىشىپ كېتىپتۇ. ھېچكىم دۈشمەنى بىلەن مۇرەسسەلىشىشكە ئۇنى-مايدىكەن. كۇتۇلمىگەن يەردىن دۈشمىنىگە ھۇجۇم قىلىپ، باشقا مىللەتنى بىرىنى قالدۇرماي قىرىپ تاشلاپ، مال-چارۋا ۋە بايلىق-لىرىنى قويماي بۇلاپ كېتەلەيدىغانلىكى ئادەم ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ ئېسىل ئادەم سانىلىدىكەن.

ئورمانلىقتا غەلىتە بىر قۇش پەيدا بوپتۇ. ھەر كۈنى كېچىسى ئۇ تاڭ ئاتقىچە ناخشا ئېيتىپ، نالە قىلىپ، شاختىن-شاخقا ئۇچۇپ يۇرىدىكەن ۋە ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز بىلەن، رەنجىگەن ھالدا: "بالايى-ئاپەت كەلدى! بالايى-ئاپەت كەلدى!" دەپ توۋلايدىكەن. ئۇنىڭ بۇ سوزى دېگەندەكلا راست بولۇپ چىقىپتۇ، قورقۇنچلۇق كۈن يېتىپ كەپتۇ.

ئۇ كۈنى، قىرغىزلار ئېنىساي دەرياسى بويىدا ئۇزلىرىنىڭ پېشقەدەم سەردارىنى دەپنە قىلماقچى ئىكەن. پېشقەدەم سەردار قىلىچ باتۇر نۇرغۇن يىل سەركەردە بولۇپ، نۇرغۇن جەڭلەرنى

بېشىدىن كەچۈرگەن، جەڭلەردە پىداكارلىق كورسەتكەن ئىكەن. ئۇ جەڭلەردە يارىلىنىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئاخىر ئەجىلى توشۇپتۇ. قىرغىزلار چەكسىز قايغۇ-ھەسرەت ئىچىدە توپ-توغرا ئىككى كۈن ھازا تۇتۇپتۇ، ئۈچىنچى كۈنىگە كەلگەندە، باتۇرنىڭ جەسىدىنى كومۇشكە تەرەددۇت قىپتۇ. قەدىمىي ئادەت بويىچە، ئۇنىڭ جەسە-دىنى ئېنىساي دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى تىك يار ئۈستىگە كومۇش كېرەك ئىكەن، بۇنداق قىلىش سەردارنىڭ روھىنىڭ ئىگىز يەردە تۇرۇپ، ئانىسى ئېنىساي دەرياسى بىلەن خوشلىشىۋېلىشى (بىلىش كېرەككى، "ئېنى" ئانا دېگەن مەنىنى، "ساي" دەريا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ)، ئۇنىڭ روھىنىڭ ئېنىساي ھەققىدىكى ناخشىنى ئاخىرقى قېتىم ئېيتىۋېلىشى ئۈچۈن ئىكەن:

سەندىن كەڭ دەريا بارمۇ ئېنىساي،
سەندىن ئەزىز ديار بارمۇ ئېنىساي،
سەن تارتقاندىنمۇ ئېغىر كۈلپەت بارمۇ ئېنىساي،
ئىرادەڭدىن ئەركىن ئىرادە بارمۇ ئېنىساي.

سەندىن كەڭرەك دەريا يوقتۇر ئېنىساي،
سەندىن ئەزىز ديار يوقتۇر ئېنىساي،
سەن تارتقاندىنمۇ ئېغىر كۈلپەت يوقتۇر ئېنىساي،
ئىرادەڭدىن ئەركىن ئىرادە يوقتۇر ئېنىساي.

جەسەت دەپنە قىلىنىدىغان تاغنىڭ ئۈستىدە، كولاپ تەييار قىلىنغان گورنىڭ يېنىدا، باتۇرنىڭ توت ئەتراپىنى كورۇۋېلىشى ئۈچۈن: "بۇ-سېنىڭ دەرياىڭ، بۇ-سېنىڭ ئاسمىنىڭ، بۇ-

سىنىڭ زېمىنىڭ، بۇلار ــ بىز، سەن بىلەن بىر يىلتىزدىن ئۈسۈپ چىققان كىشىلەر. بىز سېنى ئۇزاتقىلى كەلدۇق، خاتىرجەم ياتقىن!“ دەپ، ئۇنى باشتىن ئىگىز كوتىرىشى كېرەك ئىكەن. كېيىنكى ئەۋلاتلارغا ئەستىلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار قەۋرىنىڭ ئۈستىگە چوڭ تاش ئابىدە ئورناتماقچى بوپتۇ.

دەپنە قىلىدىغان كۈنى، ھەر بىر ئائىلە ئۆزىنىڭ ئىشىگى ئالدىدا باتۇر بىلەن خوشلىشىۋىلىشى ئۈچۈن، پۈتۈن قەبىلىنىڭ چېدىرلىرى دەريا بويىغا بىر رەت قىلىپ تىكىلىپتۇ. باتۇرنىڭ جىنازىسى چىقىرىلغان چاغدا، ھەر بىر ئائىلە ماتەم بىلدۈرۈپ ئاق تۇغنى يەرگىچە چۈشۈرۈپ، قوشاق قېتىپ يىغلاپتۇ، ئارقىدىن كوپچىلىك بىلەن قوشۇلۇپ يەنە بىر چېدىرغا قاراپ مېڭىپتۇ، ئۇ يەردىكىلەرمۇ قوشاق قېتىپ يىغلاپ، ئاق تۇغنى چۈشۈرۈپتۇ. مۇشۇ تەرىزدە جەسەتنى دەپنە قىلىدىغان تاققا ئېلىپ بېرىشىپتۇ.

ئۇ كۈنى ئەتىگەندە كۈن چىقىپتۇ. ھەممە تەييارلىق پۈتۈپتۇ. مومىنىڭ ئۈچىغا ئات قۇيرۇغى پوپۇك قىلىنغان تۇغ ئېسىلىپتۇ، باتۇرنىڭ ئۇرۇشتا ئىشلەتكەن دۇبۇلغا ۋە ساۋۇتى، نەيزە ۋە قالقىنى ئېسىلىپتۇ؛ ئۇنىڭ ئېتىغا ماتەم يوپۇغى يېپىلىپتۇ؛ كانايچى جەڭ بۇرغىسى ــ كانايىنى چېلىشقا تەييارلىنىپتۇ؛ دۇمباقچى بولسا بارابانىنى چېلىشقا تەييارلىنىپتۇ. بۇرغا ـ دۇمباقلار چېلىنغان ھامان، دەرەخلەر ئىغاڭلاپ كېتىپتۇ؛ قۇشلار توپ ـ توپ بولۇپ ئاسمانغا كوتىرىلىپ، ۋىچىرلىشىپ ئەگىپ ئايلىنىپ ئۇچۇپتۇ؛ ياۋايى ھايۋانلار غەلىتە ھۇلىشىپ ئورمانلىقتا ئۇ ياقتىن بۇ ياققا چېپىشىپتۇ؛ ئوت ـ چوپلەر يەرگە چاپلىشىپ قاپتۇ؛ تاغ جىلغىسىدىن گۈلدۈرلەپ ئەكس سادا چىقىپتۇ؛ ھەتتا ئىگىز تاغمۇ تىترەپ كېتىپتۇ. ھازىدار ئاياللار

چاچلىرىنى چۇۋۇپ، كوزلىرىدىن ياش ئاققۇزغان هالدا قىلىچ باتۇرنى مەدھىيىلەشكە تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ. يىگىتلەر بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ، مەزمۇت يەلكىسىدە باتۇرنىڭ جىنازىسىنى كوتىرىشكە تەييارلىنىپتۇ. ئورمانىڭ يېنىدا نەزىر قىلىشقا تەييارلاپ قويۇلغان 9 بايتال، 9 ئوكۇز ۋە 9 مىڭ 981 قوي باغلاقلىق تۇرۇپتۇ. ھەممە نەرسە تەق بولۇپ، ھەممەيلەن جىنازىنىڭ چىقىرىلىشىنى كۇتۇپ تۇرۇپتۇ.

مۇشۇ چاغدا، كۇتۇلمىگەن ۋەقە يۈز بېرىپتۇ. ئېنىساي دەرياسى بويىدا ياشايدىغان كىشىلەر ھەرقانچە دۇشمەنلەشكەن بىلەنمۇ، ئۇزلىرىنىڭ سەردارلىرىنى دەپنە قىلىدىغان كۇنى خوشنىلىرىغا ھۇجۇم قىلمايدىكەن. لېكىن بۇ قېتىم بىر توپ دۇشمەن لەشكىرى ئويلىمىغان يەردىن، قاتتىق قايغۇ-ھەسرەت چېكىۋاتقان قىرغىزلارنى قارارگاھىدا مۇھاسىرىگە ئاپتۇ. سۇبھى ۋاقتىدا، دۇشمەن لەشكىرى موكۇپ ياتقان جايىدىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغاپ، قىرغىزلارنى تەرەپ-تەرەپتىن قورشىۋاپتۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ھېچكىم ئېتىغا مىنىشكە، قورالىنى ئېلىشقا ئۇلگۇرەلمەپتۇ. مىسلىسىز قانلىق قىرغىنچىلىق باشلىنىپتۇ. سان-ساناقسىز كىشىلەر ئولتۇرۇلۇپتۇ. دۇشمەن بۇ ۋەھشىلىكىنى ھېچكىمنىڭ ئېسىدە قالدۇرماسلىق، ھېچقانداق ئادەمنى ئوچ ئالالمايدىغان قىلىۋېتىش، بۇرۇن بولۇپ ئوتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى پاك-پاكىز يوقىتىۋېتىش...... ئۇچۇن، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، قىرغىز مىللىتىنى پۇتۇنلەي يوقىتىش، ئۇلارنى بىر-بىرلەپ ئولتۇرۇش پىلانىنى قۇرغان ئىكەن.

بىر ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە چوڭ بولۇشى ئۇچۇن ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كېرەك، لېكىن بىر ئادەمنى ئولتۇرۇش ئۇچۇن كوزنى يۇمۇپ

ئاچقىچىلىكلا ۋاقىت كېتىدۇ. ئولتۇرۇلگەنلەر قانغا مىلىنىپتۇ؛ يەنە نۇرغۇنلىرى دەرياغا سەكرەپتۇ، ئۇلار قىلىچ، نەيزىلەردىن ئامان قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنىساي دەرياسىنىڭ دولقۇنلىرى ئىچىدە تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ. ئوت قورشاۋىدا قالغان قىرغىزلارنىڭ چېدىرلىرى لاۋۇلداپ كۆيۈپ، ئوت دەريا بويىنى، چوڭقۇر ھاڭ ۋە تىك يارلارنى بويلاپ توپ-توغرا بىر چاقىرىم يەرگىچە يامراپتۇ. بىرمۇ كىشى قېچىپ كېتەلمەپتۇ، بىرمۇ كىشى ئامان قالماپتۇ. ھەممە نەرسە ۋەيران بوپتۇ، كۆيۈپ تۈگەپتۇ. قۇربان بولغانلارنىڭ جەسىدى تىك ياردىن ئىنىساي دەرياسىغا تاشلىنىپتۇ. دۈشمەنلەر: "ئەمدى بۇ زېمىن بىزنىڭ بولدى! ئەمدى بۇ ئورمان بىزنىڭ بولدى! ئەمدى بۇ مال-چارۋىلار بىزنىڭ بولدى!" دېيىشىپ تەنتەنە قىلىشىپتۇ.

دۈشمەنلەر نۇرغۇنلىغان ئولجا-غەنىمەتلەرنى ئېلىپ قايتىشىپتۇ، لېكىن ئۇلار ئورمانلىقتىن چىقىپ كەلگەن بىر ئوغۇل، بىر قىز ئىككى بالىنى سەزمەپتۇ. بۇ ئىككى بەختىۋاش، كەپسىز بالا تاڭ سەھەردىلا ئاتا-ئانىسىدىن يوشۇرۇنچە، دەرەخ قوۋزىقىدىن سېۋەت توقۇش ئۈچۈن، يېقىن يەردىكى ئورمانلىققا كەتكەن ئىكەن. ئۇلار ئويۇنغا قىزىقىپ كېتىپ، ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قاپتۇ. ئۇلار قانلىق جەڭنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى ۋە قىيا-چىيالارنى ئاڭلاپ دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ ئورماندىن چىققاندا، ئۇلار ئالىلىقاچان ئۇزلىرىنىڭ ئاتا-ئانىسى، ئاكا-ئۇكا ۋە ھەدە-سىڭىللىرىدىن مەڭگۈگە ئايرىلغان ئىكەن. باللار ئىگە-چاقىسىز قېلىپ، خارابىلىقتا يىغلىغىنىچە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا يۈگۈرۈپ يۈرۈپتۇ. توت ئەتراپتا ئادەمنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ، ئۇلار بىر

دەمنىڭ ئىچىدىلا يېتىم بولۇپ قاپتۇ، ئۇلارغا گويا پۈتكۈل ئالەمدە ئۇزلىرىلا قالغاندەك بىلىنىپتۇ. يىراقتا چاڭ كۆرۈنۈپتۇ، دۈشمەنلەر بۇلىۋالغان ئات ۋە ماللارنى ئۆز قەبىلىسىگە ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئىكەن.

باللار ماللارنىڭ چېپىشىدىن كوتىرىلگەن توپىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. ئۇلار يىغلاپ ۋاقىرىغىنىچە ۋەھشى دۈشمەنىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرەپتۇ. (بۇنداق ئىشنى باللارلا قىلىدۇ.) ئۇلار ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەردىن قېچىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ئۇلارغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ھەدەپ يۈگۈرەپتۇ. ئۇلار يەككە-يىگانە قېپقالماسلىقىنىلا، بۇ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن قاغىش تەككۈر جايدىن كېتىشنىلا ئويلايدىكەن. ئۇلار قول تۇتۇشۇپ يۈگۈرەپتۇ، قوغلاپتۇ، دۈشمەنلەرنىڭ كەينىدىن: توختاپ تۇرۇڭلار، بىزنى ئالغاچ كېتىڭلار، دەپ توۋلاپتۇ. لېكىن قىقاس-چۇقانلار، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ۋە ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرى، مال ھەيدەۋاتقان ئەسەبى ئاۋازلار ئىچىدە دۈشمەن ئۇلارنىڭ ئاجىز ئاۋازىنى قانداقمۇ ئاڭلىيالىسۇن!

بۇ ئىككى بالا ئۈمىتسىزلىك ئىچىدە نۇرغۇن يول يۈرۈپتۇ، ھەرقانداق قىلىپمۇ دۈشمەنلەرگە يېتەلمەي، ئاخىر ھالىدىن كېتىپ يىقىلىپ قاپتۇ. ئۇلار ئەتراپقا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، ئورنىدىن قىمىرلىماي ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار قورققان ھالدا بىر بىرىگە يېپىشىپ سەزمەيلا ئۇخلاپ قاپتۇ.

يېتىمىنىڭ بېشىنى خۇدا ئوڭلايدۇ، دىگەن گەپ بار — بۇ بىكار گەپ ئەمەس. كېچە ئامان-ئېسەن ئۆتۈپتۇ، ياۋايى ھايۋانلار ئۇلارغا تەگمەپتۇ، ئورمانلىقتىكى مەخلۇقلار ئۇلارنى سورەپ كەت-

مەپتۇ. ئۇلار ئۇيغانغاندا تاڭ ئاتقان ئىكەن. قۇياش نۇر چېچىپ، قۇشلار سايرىشىپ تۇرۇپتۇ. باللار ئورنىدىن تۇرۇپ، ماللارنىڭ ئىزى بىلەن ئاستا-ئاستا يۈرۈپ كېتىپتۇ. يول بويى ئۇلار ياۋا مېۋە ۋە ئوت-چوپ يىلتىزلىرىنى يەپ قوسىغىنى تويغۇزۇپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ-مېڭىپتۇ، ئۈچىنچى كۈنىگە كەلگەندە بىر تاققا چىقىپ قاپتۇ. شۇنداق قارىسا، تاغنىڭ تۈۋىنىدە كەڭ كەتكەن ياپ-يېشىل ئوتلاقتا كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاندەك. ئۇ يەرگە سانسىز چېدىرلار تىكىلگەن بولۇپ، سانسىز گۈلخانلاردىن ئىس چىقىپ تۇرغۇدەك، سانسىز كىشىلەر گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغۇدەك. قىزلار ناخشا ئېيتقاچ گۈلەگگۈچ ئۇچۇشۇۋاتقۇدەك. كوپچىلىكنى خوشال قىلىش ئۈچۈن، پالۋانلار ئويۇن كورسىتىپ، بۈركۈتتەك پەرۋاز قىلىپ ئايلىنىپ، بىر بىرنى يىقىتىۋاتقۇدەك. دىمەك، دۇشمەنلەر ئۇز غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلىۋاتقۇدەك.

ئىككى بالا تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، تۈۋەنگە چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ گۈلخان تۈۋىگە بارغۇسى كېپكېتىپتۇ، ئۇ يەردىن كېلىۋاتقان كاۋاپ، نان ۋە ياۋا پىيازنىڭ مېزىلىك پۇرىغى ئۇلارنى بەكمۇ ئۇزىگە تارتىپتۇ.

باللار ئاخىر تاقەت قىلالماي تاغدىن چۈشۈپتۇ. ساھىپخانلار يات باللارنى كورۇپ بەكمۇ ھەيران بوپتۇ، بىر توپ ئادەم ئۇلارنى ئورىۋاپتۇ:

— سىلەر كىم؟ نەدىن كەلدىڭلار؟

— قوسىغىمىز بەك ئېچىپ كەتتى، — دەپ جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ، ئوغۇل بالا بىلەن قىز بالا، — بىزگە ئازراق يەيدىغان نەرسە بېرىڭلار!

ساھىپخانلار ئۇلارنىڭ سوزىدىن ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ، ئاللا-چۇقان كوتىرىلىپتۇ. كىشىلەر: نەسلى قۇرۇپ كەتـكەي قېپقالغان دۈشمەنـنىڭ بۇ ئىككى ئۇرۇغـنى دەرھال ئولـتۇرۇۋېتىش كېرەكـمۇ، ياكى ئاۋال خاننىڭ ئالـدىغا ئاپىـرىش كېرەكـمۇ؟ دەپ تالاش-تارتىش قىلىشىپ قاپتۇ. شۇ ئارىلىقتا بىر رەھىمدىل ئايال بالىلارغا پىشۇرۇلغان بىر پارچە ئات گوشى بېرىپتۇ. كىشىلەر بۇ ئىككى بالىنى خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ مېڭىپـتۇ، لېكىن بالـلار ئات گوشنى قولىدىن چۈشۈرمەپتۇ. ئۇلارنى يوغان بىر قىزىل چېدىرنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپتۇ، ئىشىك ئالدىدا كۈمۈش رەڭ ئايـپالتا تۇتقان ياساۋۇللار تۇرۇشىدىكەن. بۇ ئىككى قىرغىز بالـىنىڭ قەيەردىندۇر پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئەنسىز خەۋەر دەرھال پۈتۈن قەبىلىگە تارقىلىپـتۇ. بۇ ئىشتىن قانداق ئاقـىۋەت كېلىـپ چىقار؟ كوپـچىلىك ئويۇن-تاماشا ۋە يەپ ئىچىشنى توختىتىپ، خاننىڭ چېدىرى ئالدىغا توپلىنىپتۇ. بۇ چاغدا، خان كاتتا سەركەردىلەر بىلەن ئاپپاق كىگىزدە ئولتۇرۇپ، ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلغان قىمىزنى ئىچكەچ ئوزىگە ياغدۇرۇلغان مەدھىيىلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئىكەن. خان كەلگۈچىلەرنىڭ مۇددىئاسىنى بىلگەندىن كېيىن، غەزىپى تۇرلەپ: "مېنىڭ كەيپىمنى بۇزۇشقا قانداق پېتىندىڭلار؟ قىرغىزلارنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتۇۋەتمىدۇقمۇ؟ سىلەرنى ئېنىساينىڭ مەڭگۇلۇك ھوكۇمـرانى قىلمىدىممۇ؟ سىلەر نىمىگە كەلدىڭلار، توخۇ يۈرەكلەر! قاراپ قويۇڭلار، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئولتۇرغان كىم! ھەي، چوقۇر يۈزلۈك ئاقساق كەمپىر!" دەپ چاقىرىپتۇ. چوقۇر يۈزلۈك ئاقساق كەمپىر كىشىلەر ئارىسىدىن چىقىپتۇ، خان ئۇنىڭغا: "بالىلارنى ئورمانلىققا ئېلىپ بار، قىرغىزلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كەتسۇن، بىرسىمۇ قېپقالمىسۇن، قىرغىز

مىللىتى دىگەن نام مەڭگۈ كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن چىقىپ كەتسۇن. يۇگۇر، چوققۇر يۇزلۇك ئاقساق كەمپىر، مېنىڭ ئېيتقىنىم بويىچە قىل.....“ دەپتۇ.

چوققۇر يۇزلۇك ئاقساق كەمپىر خاننىڭ بۇيرۇغىغا بوي سۇنۇپ، بالىلارنى يېتىلەپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئورمانلىقتا ئۇزاق مېڭىپتۇ، بىر چاغدا، ئېنېساي دەرياسى بويىدىكى ئېگىز يارغا كەپتۇ. چوققۇر يۇزلۇك ئاقساق كەمپىر بالىلارنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، ئۇلارنى يارنىڭ لېۋىگە يېقىن كېلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ، ئۇلارنى ياردىن ئىتتىرىۋېتىشنىڭ ئالدىدا، ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

”ھەيۋەتلىك ئېنېساي دەرياسى، تاغنى سېنىڭ ئۇستۈڭگە ئىتتىرىۋەتسە، تاغ بىر پارچە تاشتەك چوكۇپ كېتىدۇ؛ يۈز يىللىق قارىغاينى ساڭا تاشلىۋەتسە، بىر تال ياغاچتەك ئېقىپ كېتىدۇ. ھازىر، ئۆزەڭنىڭ ئىككى تال قۇمنى — ئادەمزاتنىڭ ئىككى بالىسىنى قوينۇڭغا ئال. بۇ دۇنيادا ئۇلار جېنىنى سىغدۇرغۇدەك جاي قالمىدى، بۇنى ساڭا ئېيتىپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى بارمۇ، ئېنېساي؟ يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسى ئادەمگە ئايلانغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئاسماننى توشقۇزالمايدۇ؛ بېلىقلارنىڭ ھەممىسى ئادەمگە ئايلانغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار دەريا-دېڭىزلارنى توشقۇزالمايدۇ. بۇلارنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى بارمۇ، ئېنېساي؟ بۇ بالىلارنى قوينۇڭغا ئال! ئۇلارنى ئېلىپ كەت! بۇ ئالەمدىكى جەۋرى-جاپالارنى تارتماسلىقى ۋە باشقىلارنىمۇ ئازاپقا ئۇچراتماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھىلە-مىكىر ۋە ۋەھشىلىك يۇقمىغان مەسۇم باللىق قەلبى بىلەن بۇ يىرگىنىشلىك دۇنيادىن كەتسۇن. ئۇلارنى باغرىڭغا ئال، باغرىڭغا ئال، بۈيۈك ئېنېساي!......“

باللار ھوگرەپ يىغلىشىپتۇ. كەمپىرنىڭ سوزىنى ئۇلارنىڭ ئاڭلى-
غۇسى كەلمەپتۇ. ئۇلار تووەندىكى دەريانىڭ چوڭقۇر يېرىدە سۇنىڭ
مەۋج ئۇرۇپ ئوركەشلەۋاتقانلىغىنى تىك يار ئۈستىدىن كورۇپتۇ.
— باللىرىم، ئاخىرقى قېتىم قۇچاقلىشىپ خوشلىشىۋېلىڭلار! — دەپتۇ
چوقۇر يۈزلۈك ئاقساق كەمپىر. ئۇ، باللارنى تىك ياردىن ئىتتى-
رىشكە ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، يەڭلىرىنى شىمايلاپتۇ. — باللىرىم،
مېنى كەچۈرۈڭلار. تەقدىرىڭلار مۇشۇنداق ئىكەن. بۇ ئىشنى ئوز
ئىختىيارىم بىلەن قىلىۋاتقىنىم يوق، بىراق سىلەرگە ياخشىلىق قىلا-
ماقچىمەن......
كەمپىرنىڭ سوزى تۈگىمەيلا، ئارقا تەرەپتىن گەپ قىلغان ئاۋاز
ئاڭلىنىپتۇ:
— ئاقكوكۈل ئايال، توختاپ تۇر، بىگۇنا باللارنى ئولتۈرمە.
چوقۇر يۈزلۈك ئاقساق كەمپىر ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ قاتتىق
ھەيران قاپتۇ: قارىسا، ئالدىدا مۈڭگۈزلۈك بىر چىشى بۇغا ئەيىپلە-
ۋاتقان ۋە ھەسرەتلىنىۋاتقاندەك قىلىپ، يوغان كوزلىرى بىلەن
ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغۇدەكمىش. بۇغىنىڭ پۈتۈن ئەزايى تۈنجى قېتىم
بالا تۇققان ئانىنىڭ سۈتىدەك ئاپپاق بولۇپ، قوسىغىدىلا بوتىلاقنىڭ-
كىگە ئوخشاش بىزە قوڭۇر تۈكلەر بار ئىكەن. ئۇنىڭ مۈڭگۈزى
كۈز كۈنلىرىدىكى دەرەختەك شاخلاپ كەتكەن بولۇپ، تولىمۇ چىراي-
لىق ئىكەن؛ ئۇنىڭ يېلىنى ئېمىدىغان بالىسى بار ئايالللارنىڭ كوك-
سىگە ئوخشاش شۇنچە پاكىز، شۇنچە سىلىق ئىكەن.
— كىم سەن؟ نىمىشقا ئادەمدەك سوزلەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ
چوقۇر يۈزلۈك ئاقساق كەمپىر.
— مەن بۇغا ئانا بولىمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ بۇغا، — مەن

ئادەملەرنىڭ تىلىدا سۆزلەمەي باشقا تىلدا سۆزلىسەم، سەن ئۇقال-
مايسەن، بەلكىم سەن ئاڭلىمايسەن.

— نىمە قىلماقچىسەن، بۇغا ئانا؟

— ئاقكوڭۇل ئايال، باللارنى قويۇپ بەر. سېنىڭدىن ئۆتۈنەي، باللارنى ماڭا بەرگىن.

— ئۇلارنى نىمە قىلماقچىسەن؟

— ئادىمزات مېنىڭ قوشكىزەك بالامنى، ئىككى بۇغىچىغىمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، مەن بۇلارنى ئۆزەمگە بالا قىلىۋالماقچىمەن.

— ئۇلارنى بېقىۋالماقچىمۇ سەن؟

— ھەئە. ئاقكوڭۇل ئايال.

— سەن ئۇبدان ئويلىنىپ كوردۇڭمۇ، بۇغا ئانا؟ — دەپتۇ چوقۇر يۈزلۈك ئاقساق كەمپىر كۆلۈپ تۇرۇپ، — بىلىشىڭ كېرەككى، ئۇلار ئادىمزاتنىڭ باللىرى، چوڭ بولغاندىن كېيىن سېنىڭ بۇغىچاقلىرىڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

— ياق، ئۇلار چوڭ بولغاندىن كېيىن مېنىڭ بۇغىچاقلىرىمنى ئۆلتۈرمەيدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ بۇغا ئانا، — مەن ئۇلارنىڭ ئانىسى، ئۇلار مېنىڭ باللىرىم تۇرسا، ئۆزىنىڭ ئاكا-ئۇكا، ھەدە-سىڭىللىرىنى ئۆلتۈرەمدۇ ئۇلار؟

— ھەي، ئۇ گېپىڭنى قوي، بۇغا ئانا، سەن ئادىمزاتنى بىلمەي-دىكەنسەن، — دەپ بېشىنى چايقاپتۇ چوقۇر يۈزلۈك ئاقساق كەمپىر، — ئۇلار جاڭگاللىدىكى ياۋايى ھايۋانلىنىمۇ بەتتەر، ئۇلار بىر بىرىگە رەھىم قىلمايدۇ. مەن بۇ ئىككى بالىنى ساڭا بېرەي، مېنىڭ سۆزۈمنىڭ توغرىلىغىنى كېيىن بىلىپ قالارسەن. بۇ ئىككى بالىنى ئادەملەر بەربىر سېنىڭدىن تارتىۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئۆزەڭنى

ئازاپلاشنىڭ نىمە ھاجىتى بار؟
— مەن باللارنى يىراق يەرگە ئېلىپ كېتىمەن، ئۇ يەردە ئۇلارنى ھېچكىم تاپالمايدۇ. باللارغا رەھىم قىلغىن، ئاقكۆڭۈل ئايال، ئۇلارنى قويۇپ بەر! مەن ئۇلارغا مېھرىۋان ئانا بولىمەن. مېنىڭ سۈتۈم باللارنىڭ ئېمىشكە يېتىدۇ، ئۇلار مېنىڭ سۈتۈمنى ئەمسۇن!

— بوپتۇ، شۇنداق بولسۇن، — دەپتۇ چوقۇر يۈزلۈك ئاقساق كەمپىر بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — ئۇلارنى ئېلىدام ئېلىپ كەت، يىراققا ئېلىپ كەت! مۇبادا ئۇلار يىراق سەپەردە ئۆلۈپ كەتسە، قاراقچى يولۇقۇپ قېلىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتسە ۋە ياكى بۇ ئىككى ئادىمزات بالىسى كۆنلەرنىڭ بىرىدە ۋاپاغا جاپا قىلسا، بۇنى ئۆزەڭدىن كور.

بۇغا ئانا چوقۇر يۈزلۈك ئاقساق كەمپىرگە رەخمەت ئېيتقاندىن كېيىن، باللارغا بۇرۇلۇپ:

— ھازىردىن باشلاپ، مەن سىلەرنىڭ ئاناڭلار، سىلەر مېنىڭ باللىرىم. مەن سىلەرنى يىراققا ئېلىپ كېتىمەن، ئۇ يەردە، قويۇق ئورمانلار ئۆسكەن قارلىق تاغلار ئارىسىدا، مەۋج ئۇرۇپ ئوركەشلەپ تۇرىدىغان ئىسسىق كول بار، — دەپتۇ.

ئوغۇل بالا بىلەن قىز بالا خوشال بولۇشۇپ، قىن-قىنىغا پاتماي كېتىپتۇ، ئۇلار چىچەنلىك بىلەن بۇغا ئانىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپتۇ. بىراق، ئۇزاق ئۇتمەيلا ھېرىپ قېلىپ دەرمانى قالماپتۇ، يول تېخى ئۇزۇن ئىكەن، ئالەمنىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگە سوزۇلىدىكەن، يىراق ئىكەن! ئەگەر بۇغا ئانا ئۇلارنى ئۇزىنىڭ سۈتى بىلەن ئېمىتمىگەن، كېچىلىرى ئۇزىنىڭ تېنى بىلەن ئىسسىتمىغان بولسا، ئۇلار ئاللىقاچانلا يىقىلىپ قالار ئىكەن، ئۇلار ئۇزاق يول يۈرۈپتۇ، يۇرتى

ئېنىساي ئارقىدا قاپتۇ، ئەمما يېگى ماكان ــ ئىسسىق كول تېخى يىراقتا ئىكەن. يىل ئۆتۈپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتۈپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتۈپتۇ. ئۇلار غەيلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان جاڭگاللارنى كېزىپتۇ، ئۆتتەك ئىسسىق يايلاق، كوچمە قۇملۇقلاردىن مېڭىپتۇ، تاغ ـ داۋانلار ـ دىن ئېشىپتۇ، دولقۇنلۇق دەريالاردىن كېچىپ ئۆتۈپتۇ. بىر توپ بورە ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ، لېكىن بۇغا ئانا باللارنى دۇمبىسىگە مىندۇرۇپ، ئۇلارنى ۋەھشى ياۋايى ھايۋاندىن ساقلاپ قاپتۇ. ئوقيا ـ ساداق ئاسقان ئاتلىق ئوۋچىلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ: "بۇغا ئادىمىزات بالىسىنى ئېپقاچتى! ئۇنى توسۇڭلار! ئۇنى تۇتۇڭلار!" دەپ توۋلىشىپتۇ ۋە ئوق ئېتىپتۇ. ئەمما بۇغا ئانا ئىككى بالىنى ئېلىپ قېچىپ، بۇ چاقىرىلمىغان مېھمانلاردىن قۇتۇلۇپتۇ. ئۇ ئوقتىنمۇ تېز يۈگۈرۈپتۇ ۋە پات ـ پات پەس ئاۋاز بىلەن: "ماڭا چىڭ چاپلىشىڭ ـ لار، باللىرىم! ئۇلار قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ!" دەپتۇ.

بۇغا ئانا ئىككى بالىنى ئاخىر ئىسسىق كولگە ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلار تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ تولىمۇ ھەيران قاپتۇ، ئەتراپ قارلىق تاغ ئىكەن، ياپ ـ يېشىل ئورمانلار ئوسكەن تاغلار ئارىسىدا، كوز يەتكۇ ـ دەك جايدا كول ئوركەشلەپ تۇرۇپتۇ. كوپ ـ كوك كولدە ئاق دول ـ قۇنلار مەۋج ئۇرۇۋېتىپتۇ. شامال بۇژغۇنلارنى ئۇچۇرۇپ، دولقۇنلارنى تۇرتۇپ يىراقلارغا ئېلىپ كېتىدىكەن. ئىسسىق كولنىڭ زادى قەيەر ـ دىن باشلىنىپ نەدە توختايدىغانلىغى نامەلۇم ئىكەن. بۇ تەرىپىدە كۈن چىقسا، ئۇ تەرىپىدە كېچە بولىدىكەن. ئىسسىق كولنى ئوراپ تۇرغان تاغلار سان ـ ساناقسىز ئىكەن، ئۇ تاغلارنىڭ ئارقىسىدا يەنە تىك چوخچىيىپ تۇرغان ئاشۇنداق قارلىق تاغلاردىن قانچىسى بارلىغى مەلۇم ئەمەسكەن.

— مانا بۇ سىلەرنىڭ يېڭى ماكانىڭلار، — دەپتۇ بۇغا ئانا، — سىلەر مەشەدە ياشاپ، يەر تېرىيسىلەر، بېلىق تۇتۇسىلەر، مال باقىسىلەر. سىلەر بۇ يەردە مىڭ يىللاپ تېچ ياشاپ، نەسىل-ئەۋلات قالدۇرۇڭلار، سىلەر بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن تىلنى ئەۋلاتلار ئۇنتۇپ قالمىسۇن، ئۇلار ئۆزتىلىدا ئازادە سوزلەشسۇن ۋە ناخشا ئېيتسۇن، باشقىلارغا ئوخشاش تۇرمۇش كەچۇرسۇن. مەن سىلەر بىلەن ھەم سىلەرنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىڭلار بىلەن مەڭگۇ بىللە بولىمەن......

شۇنداق قىلىپ، قىرغىزلارنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئەۋلادى — ئوغۇل بالا بىلەن قىز بالا گۇزەل ۋە مەڭگۇلۇك بولغان ئىسسىق كولدىن ئۆزلىرى ئۇچۇن يېڭى ماكان تېپىۋاپتۇ.

ۋاقىت ئاتقان ئوقتەك تېز ئوتۇپتۇ. ئوغۇل ئوسۇپ قاۋۇل يىگىت بوپتۇ، قىز چوڭ بولۇپ بويىغا يېتىپتۇ. كېيىن ئۇلار توي قىلىپ ئەر-خوتۇن بوپتۇ. مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانا ئۇلاردىن ئايرىلماي، مەشەدىكى جاڭگالدا تۇرۇپتۇ.

بىر كۇنى، سۇبھى ۋاقتىدا، ئىسسىق كول گۇكىرەپ نەرە تارتىپتۇ. خوتۇننىڭ تۇغۇتى يېقىنلىشىپ، قاتتىق تولغاق تۇتۇپتۇ. قورقۇپ كەتكەن ئەر تاغ ئۇستىگە چىقىپ ئۇنلۇك توۋلاپتۇ:

"مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانا، سەن قەيەردە؟ ئىسسىق كولنىڭ شاۋقۇنىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ قىزنىڭ تۇغاي دەپ قالدى، چاپسان كەلگىن، مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانا، بىزگە ياردەم قىلغىن......"

شۇ ئەسنادا، يىراقتىن كارۋان قوڭغۇرىقىدەك جاراڭلىق، يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلىشىپتۇ، ئارقىدىن مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانا مۇڭگۇزىگە بىر بوشۇكنى ئېسىپ يۇگۇرۇپ كەپتۇ. بوشۇك ئاق قېيىن ياغىچىدىن ياسالغان بولۇپ، بوشۇكنىڭ

يايسمان تۇتقۇچىدا بىر كۇمۇش قوڭغۇراق جىرىڭلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ قوڭغۇراق تا هازىرغىچە ئىسسىق كولدىكى بوشۇكتە جاراڭلاپ تۇرغىـ دەكمىش. ئانا بوشۇكنى تەۋرەتكەندە، كۇمۇش قوڭغۇراق جىرىڭلاپ، گويا مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانا مۇڭگۇزىگە ئاق قېيىن ياغىچىدىن ياسالغان بوشۇكنى ئېسىپ ئالدىراپ-تېنەپ يىراقتىن كېلىۋاتقاندەك بولار-مىش......

بۇغا ئانا يېتىپ كېلىشىگە، خوتۇن تۇغۇپتۇ.

— بۇ بوشۇكنى تۇنجى بالاڭغا ئاتىدىم، — دەپتۇ بۇغا ئانا. — سىلەر يەنە نۇرغۇن بالا كورىسىلەر. سىلەرنىڭ 7 ئوغۇل، 7 قىزىڭلار بولىدۇ!

ئاتا بىلەن ئانا ئىچ-ئىچىدىن خوشال بولۇپ، بۇغا ئانىنى ياد ئېتىپ تۇرۇش ئۇچۇن، تۇنجى بالىسىغا بۇغاباي دەپ ئات قويۇپتۇ. بۇغاباي چوڭ بولۇپ قىپچاقلارنىڭ بىر ساھىپجامال قىزىغا ئۆيلە-نىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇغا ئەۋلاتلىرى — مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانىنىڭ ئۇرۇق-جەمەتلىرى گۇللەپتۇ. بۇغا ئەۋلاتلىرى ئىسسىق كول تەۋە-سىدە ئەڭ چوڭ، ئەڭ كۇچلۇك قەۋم بولۇپ قاپتۇ. بۇغا ئەۋلاتلىرى ئەۋلىيالارغا قانداق هورمەت قىلسا، مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانىغىمۇ شۇنداق هورمەت قىلىدىكەن، بۇغا ئەۋلاتلىرىنىڭ چېدىرىنىڭ ئىشىگىگە بىر نىشانە — بۇغا مۇڭگۇزى كەشتىلەپ قويۇلىدىكەن. شۇڭا، يىراقتىن بىر قاراپلا، ئۇنىڭ بۇغا ئەۋلاتلىرىنىڭ چېدىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋال-غىلى بولىدىكەن. بۇغا ئەۋلاتلىرى ياۋنىڭ هۇجۇمىنى چېكىندۇر-گەندە، باشقا مىللەت بىلەن بەيگىگە چۇشكەندە، "بۇغا!" دەپ ۋاقى-رايدىكەن، نەتىجىدە، هەمىشە ئۇلار غالىپ كېلىدىكەن. ئۇ زامان-لاردا ئىسسىق كول ئورمانلىرىدا مۇڭگۇزلۇك ئاق بۇغىلار كوپ

بولۇپ، ئۇ ياقتىن-بۇ ياقتا چېپىپ يۈرىدىكەن. ئۇلارنىڭ گۈزەللە-
گىگە ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭمۇ مەسلىگى كېلىدىكەن. مانا بۇلار
مۆڭگۈزلۈك بۇغا ئانىنىڭ بالىلىرى ئىكەن. ئۇلارغا ھېچكىم چېقىلا-
مايدىكەن، ئۇلارغا ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيدىكەن. بۇغا ئەۋلات-
لىرى بۇغىنى كورسە، ئاتتىن چۈشۈپ بۇغىغا يول بوشىتىپ بېرىدى-
كەن. ئوماق قىزلارنىڭ رۇخسارى ھامان ئاق بۇغىنىڭ گۈزەللىگىگە
سېلىشتۇرۇلىدىكەن......

بۇنداق ئادەت ئەڭ باي، ئەڭ مەرتىۋىلىك بىر بۇغا ئەۋلادى
قازا قىلغانغا قەدەر داۋاملىشىپتۇ. بۇ بۇغا ئەۋلادىنىڭ سان-ساناقسىز
قويلىرى، سان-ساناقسىز ئاتلىرى بار ئىكەن. شۇ ئەتراپتىكى ئادەم-
لەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مالچىلىرى ئىكەن. ئۇ ئولگەندىن كېيىن،
ئوغۇللىرى كاتتا، ھەشەمەتلىك نەزىر بېرىپتۇ، تۇشمۇ-تۇشتىن ئەڭ
ئابرويلۇق موتىۋەرلەرنى نەزىرگە چاقىرىپتۇ. ئىسسىق كولىنىڭ
بويلىرىغا مېھمانلار ئۈچۈن مىڭچە چېدىر تىكىپتۇ. نەزىرگە سان-
ساناقسىز مال سويۇلۇپتۇ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ھەددى-ھېساپسىز
قىمىز، ھەددى-ھېساپسىز قەشقەر تائاملىرى قويۇلۇپتۇ. باينىڭ
ئوغۇللىرى ئاتىمىز ئالەمدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ
نەقەدەر دولەتمەن ۋە سېخى بولغانلىغىنى، ئۇنى نەقەدەر ھورمەتلى-
گەنلىگى، ئۇنى قانداق سېغىنغانلىغىنى...... كىشىلەر بىلىپ قويسۇن
دېگەندەك قىلىپ، غادىيىپ يۈرۈشۈپتۇ ("ھوي، ئوغلۇم، ئەگەر
كىشىلەر ئەقىل-پاراستى بىلەن ماختانماي، بايلىق-دۇنياسى بىلەن
ماختىنىدىغان بولسا، چاتاق بولىدۇ!")

ئاقىنلار مەرھۇمنىڭ ئوغلى تارتۇق قىلغان ئاتلارغا مىنىپ، ئوز-
لىرىگە تارتۇق قىلىپ بەرگەن قارا قۇندۇز قالپاقلارنى ۋە يىپەك

تونلارنى كورەڭلەپ كىيىشىپ، مەرھۇمنى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنى بەس-بەس بىلەن ماختىشىپتۇ:

— ئالەمدە، سەن مۇنداق بەختلىك تۇرمۇشنى، مۇنداق ھەشەمەتلىك نەزىرنى كورگەنمۇ؟ — دەپ كۇيلەپتۇ ئاقىنلارنىڭ بىرى.

— ئەلمىساقتىن بۇيان كورۇلۇپ باقمىغان، — دەپ كۇيلەپتۇ ئىككىنچى ئاقىن.

— ھېچقانداق يەردە كورۇلۇپ باقمىغان، پەقەت بىزنىڭ يۇرتىمىزدىلا ئاتا-ئانىغا مۇشۇنداق ھورمەت قىلىنىدۇ، ئاتا-ئانىنىڭ نام-شوھرىتى ۋە شان-شەرىپى ياد ئېتىلىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇبارەك نامى ئىززەتلىنىدۇ. — دەپ كويلەپتۇ ئۇچىنچى ئاقىن.

— ۋوي، گەپدان ئاقىنلار، سىلەر بۇ يەردە نىمە دەپ بىلجىراپ يۇرىسىلەر! جاھاندا مۇنداق خەير-ساخاۋەتكە مۇناسىپ كېلىدىغان سوز-ئىبارە بارمۇ؟ مەرھۇمنىڭ شەنىگە مۇناسىپ كېلىدىغان سوز-ئىبارە بارمۇ، — دەپ كۇيلەپتۇ توتىنچى ئاقىن.

ئۇلار مانا مۇشۇنداق كېچە-كۇندۇز قوشاق قېتىشىپتۇ. ("ھوي، ئوغلۇم. ئەگەر ئاقىنلار خوشامەتكويلۇق مۇسابىقىسى ئوتكۇزۇپ، ئاقىندىن قوشاقنىڭ رەقىبىگە ئايلىنىپ كەتسە، چاتاق بولىدۇ!")

ھېلىقى ھەشەملىك نەزىر ھېيت-ئايەم كۇنلىرىگە ئوخشاش نەچچە كۇن داۋام قىپتۇ. باينىڭ كورەڭ-تەكەببۇر ئوغۇللىرى باشقىلاردىن ئوتۇپ كېتىپ، ئالەمدىكى جىمى كىشىلەرنى بېسىپ چۇشۇپ، ئوزلىرىنىڭ نام-ئاتىغىنى جاھانغا يېيىش كويىغا چۇشۇپتۇ. ئۇلار ئاتىسىنىڭ قەۋرىسىگە بىر جۇپ بۇغا مۇڭگۇزى قويۇپ، بۇنىڭ مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانىدىن تورەلگەن شانۇ-شەۋكەتلىك ئەجدادىنىڭ قەۋرىسى ئىكەنلىكىنى ئەل-جامائەتكە بىلدۇرمەكچى بوپتۇ. ("ھوي، ئوغلۇم،

ئەدەمى زاماندا كىشىلەر، بايلىقتىن تەكەببۇرلۇق كېلىپ چىقىدۇ، تەكەببۇرلۇقتىن تەلۋىلىك كېلىپ چىقىدۇ، دەيتتىكەن.")

باينىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسىغا ئاشۇنداق مىسلىسىز ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن ھازا تۇتماقچى بوپتۇ. ئۇلار دىگىنىنى قىلىدىكەن، ئۇلارنى ھېچكىم توسالمايدىكەن. شۇڭا ئۇلار ئۇۋچىلارنى ئەۋەتىپ، بۇغىنى ئۆلتۈرۈپ، مۈڭگۈزىنى كېسىۋاپتۇ. ئوڭ-سولغا شاخلاپ كەتكەن مۈڭگۈز پەرۋاز قىلىۋاتقان بۈركۈتنىڭ قانىتىغا ئوخشايدىكەن. بۇ بۇغا مۈڭگۈزى باينىڭ ئوغۇللىرىغا بەك ياراپ كېتىپتۇ: ھەر بىر بۇغا مۈڭگۈزىدە 18 ئاچىماق بار ئىكەن، دىمەك، بۇغا 18 ياشقا تولغان. كارامەت بۇغا ئىكەن! ئۇلار ئۇستىلارغا بۇغا مۈڭگۈزىنى قەۋرىگە قويۇشنى تاپىلاپتۇ.

ياشانغانلارنىڭ غەزىۋى قايناپتۇ:

—بۇغىنى ئۆلتۈرۈشكە نىمە ھەققىڭ بار؟ مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانىنىڭ ئەۋلاتلىرىنى قىرىشقا كىم پېتىنالايدۇ؟

باينىڭ ۋارىسلىرى بولسا ئۇلارغا:

—بۇغا بىزنىڭ زىمىنىمىزدا ئۆلتۈرۈلدى. بىزنىڭ يېرىمىزدە، مەيلى يۈگۈرەيدىغان جانۋار، ئۆمىلەيدىغان مەخلۇق، ئۇچىدىغان قۇش بولسۇن، چىۋىندىن تارتىپ تۇگىمىچە ھەممىسى بىزنىڭكى. ئۆزىمىزنىڭ دۇنياسىغا قانداق ئىگىدارچىلىق قىلىشنى ئۆزىمىز بىلىمىز. كۆزىمىزدىن يوقال!—دەپتۇ.

چاكارلار بۇ قېرىلارنى قامچىلاپتۇ، ئۇلارنى ئاتقا تەتۈر مىندۈرۈپ، ھاقارەتلەپ قوغلىۋېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ، مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانا ئەۋلاتلىرىنىڭ بېشىغا بەختسىزلىك كېلىشكە باشلاپتۇ. ھەر بىر ئادەم دىگۈدەك جاڭگاللاردا بۇغا

ئۆۋلايدىغان بوپتۇ، بۇغا ئەۋلاتلىرى ئاتا بوۋىلىرىنىڭ قەۋرىسىگە بۇغا مۈڭگۈزى قويۇشنى چوڭ شەرەپ دەپ بىلىدىكەن. ئەمدى بۇ ئىش ئاجايىپ ياخشى ۋە ئالاھىدە داغدۇغىلىق مۇراسىم بولۇپ قاپتۇ. ئەمدى، كىم بۇغا مۈڭگۈزى تاپالمىسا، ئۇ يۈزىنى كۆتىرىپ يۈرەلمەيدىكەن. كىشىلەر بۇغا مۈڭگۈزى ئېلىپ سېتىشقا، بۇغا مۈڭگۈزى ساقلاشقا باشلاپتۇ. مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانىنىڭ ئەۋلاتلىرى ئىچىدىن بۇغا مۈڭگۈزى سېتىپ ئوقەت قىلىدىغان ئادەملەر چىقىپتۇ. ("هوي، ئوغلۇم، پول ھەممىگە قادىر بولغان جايدا ياخشى گەپ بولمايدۇ، گۈزەللىك بولمايدۇ.")

ئىسسىق كۆل ئورمانلىرىدا، بۇغىلارنىڭ ھالاكىتى ئاخىر يېتىپ كەپتۇ. ئادەملەر ئۇلارغا قىلچە رەھىم قىلماپتۇ، بۇغىلار تاغ ئىچىگە كىرىۋالغان، قىيالارغا چىقىۋالغان بولسىمۇ، ئادەملەر ئۇلارنى تۇتۇۋاپتۇ. بىر توپ تايغاننى قويۇپ بېرىپ، بۇغىلارنى مەرگەنلەر موكۇنۇپ تۇرغان يەرگە ھەيدەپ، بىرىنى قويماي قولغا چۈشۈرۈپتۇ. ئادەملەر بۇغىلارنى توپ-توپى بىلەن ئولتۇرۇپ، ئاياق ئاستى قىپتۇ. ئۇلار ھەتتا، كىم مۈڭگۈزىدە ئاچىماقلىرى كۆپ بۇغىنى قولغا چۈشۈرەلەيدۇ، دەپ باغلىشىپتۇ.

بۇغىلار يوقىلىپ، تاغلار قۇرۇق قاپتۇ. مەيلى كېچىلىرى ياكى سەھەردە بولسۇن، بۇغىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايدىغان بوپتۇ. جاڭگاللاردا، ئوتلاقلاردا ئوت يەپ، ئويناقلاپ يۈرىدىغان بۇغىلار كۆرۈنمەيدىغان بوپتۇ، مۈڭگۈزىنى دۈمبىسىگە تىرەپ، چوڭقۇر ھاڭلاردىن ئۇچار قاناتلاردەك ئوتۇپ كېتىدىغان بۇغىلار كۆرۈنمەيدىغان بوپتۇ..... سان-ساناقسىز ئادەم تورىلىپ، چوڭ بولۇۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئۆمرىدە بۇغىنى بىرەر قېتىممۇ كۆرمەپتۇ، پەقەت بۇغا ھەق-

قىدىكى چوچەكنىلا ئاڭلاپتۇ، قەۋرىدىكى بۇغا مۇڭگۇزىنىلا كورۇپتۇ.

مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانا قانداق قىپتۇ؟

ئۇ خاپا بوپتۇ، ئۇ ئادەملەردىن قاتتىق رەنجىپتۇ. ئېيتىلىشىچە، ئوق ۋە تايغانلارنىڭ ۋەھىمىسى ئاستىدا بۇغىلارغا هايات يولى قالمىغان چاغدا، بارماق بىلەن سانىغۇدەك بىرنەچچىلا بۇغا قالغان چاغدا، مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانا ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ، ئىسسىق كول بىلەن خوشلىشىپتۇ، ئاخىرقى بىرنەچچە بالىسىنى ئەگەشتۇرۇپ يات يۇرتقا، باشقا تاققا كېتىپتۇ.

دۇنيادىكى ئىشلار مۇشۇنداق بولىدۇ. پۈتۈن چوچەك ئەنە شۇ، ئىشەنمىسىڭىز مەيلى.

مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانا كېتىدىغان چېغىدا، ئەمدى قايتىپ كەلمەيمەن...... دەپتۇ.

## (5)

تاغلىق رايوندا كۈز يەنە كەلدى. شاۋقۇنلۇق ياز كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھەممە ياقنى كۈزنىڭ جىمجىتلىغى قاپلىدى. ئەتراپتا چارۋا مال كوتەرگەن توپا-توزاڭلار بېسىلدى، گۈلخانلار ئۆچتى. مالنى قىشتىن چىقىرىشقا تەرەددۇت قىلىندى، ئادەملەر كەتكەندىن كېيىن تاغمۇ قۇپ-قۇرۇق بولۇپ قالدى.

سالارمۇ ئەمدى توپ-توپ بولۇپ ئۇچمايدىغان بولدى، ئۇلارنىڭ ئاۋازىمۇ شالاڭلاشتى. دەريانىڭ سۇيى شاقىراپ لومشۇپ

ئاقماقـتا. ياز كۆنلىرى دەريا سۇغا لىق تولـغان ئىدى، مانا ئەمـدى دەريامۇ تارىيىپ، تېيىزلىشىپ قالـدى. ئوت-چوپ ئۇسـمەي قۇرۇپ كەتتى. شاخلاردا ئۈزۈن تۇرۇپ كەتكەن يوپۇرماقـلار غازاڭ بولۇپ توكۈلدى.

تاغنىڭ ھەممىدىن ئىگىز يېرىدە كېچىسى كۆمۈشتەك تۈنـجى قار ياققان ئىدى. تاڭ ئېتىـش ئالدىـدا، قاتار كەتـكەن قاپ-قارا تاغ قىرلىرى قارا تۈلكىنىڭ بوينىدەك كوكۈش رەڭگە كىرگەن ئىدى.

جىلغىدا شامال سالقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما كۈنـدۈزى ھاۋا ئوچۇق، قۇرغاق بولاتتى.

دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقى، ئورمان قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورمان تېزلا كۆز تۇسىگە كىردى. دەريا بويىـدىن تارتىپ يۇقۇرى-لاپ، قارا ئارچىلىقـنىڭ چېتىگىـچە تىك تاغ باغرىلىـرىنى ياقـلاپ سوزۇلغان ۋە كۆزدە قىزىـل تون كىيـگەن پوتـكۈل ئورمان خۇددى ئىسسىز ئوت دېڭىزىغا ئوخشاش يېيىلىپ تۇراتتى. رەڭگى ھەممىدىن ئوچۇق بولغان، ھەممىدىن قەيسەر ئوسـكەن، ئوترەڭ ۋە بېغىر رەڭ كەلگەن ئاق تېرەك بىلەن ئاق قېيىنلار پايانسىز ئورماننىڭ قار يىغى-لىپ قالغان ئىگىز يەرلىرىگىچە، سۇرلۇك قارىغاي ۋە شەمـشاد ئالىمى-نىڭ چېتىگىچە سوزۇلاتتى.

يىڭنە يوپۇرماقـلىق دەرەخزارلىق ئادەتتىكىدەك تىپ-تىچ، سۇر-لۇك بولۇپ، چىركاۋنىڭ ئىچىگە ئوخشايتـتى. قوڭۇر رەڭ كەلـگەن قاتتىق دەرەخ غوللىرى چوخچىيىپ تۇراتتى؛ ئورماننىڭ ئىچى قۇرۇق دېۋىرقاي پۇرىقى بىلەن تولغان ئىدى؛ توكۇلگەن يىڭنە يوپۇرماقلار ھەممە يەرنى قاپلىغان ئىدى؛ شامال قېرى قارىغايلارنىڭ شاخـلىرى ئارىسىدىن ئاستا ھۇشقىيتىپ ئوتەتتى.

لېكىن بۇگۈن ئەتىگەندىن باشلاپ تاغدا شاۋقۇن-سۈرەن بېسىل-مىدى. بىر توپ ئالا قاغا ئۇنلۇك قاقىلدىشىپ، قارغايلىقنى ئايلىنىپ، توختىماي ئەگىپ يۈردى، پالتىنىڭ توكۇلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا، قاتتىق ئۇركۈپ، گويا كىپ-كۈندۈزدە بۆلاڭ-تالاڭغا ئۇچرىغاندەك، بىر بىرىدىن قېلىشماي قاقىلدىشاتتى. ئۇلارنىڭ كوزى بايىلا دەرەخ كېسىپ بولۇپ تاغدىن چۈشكەن ئىككى ئادەمگە قادالغان ئىدى.

ياغاچلار سورىگۈچنىڭ زەنجىرىگە چېتىلدى. ئاروزقۇل چۇلۋۇرنى تۇتۇپ، ئاتنى يېتىلەپ ئالدىدا مېڭىۋاتاتتى. ئۇ مۇكچىيىپ، ساپانغا قاتقان ئوكۈزدەك ئېغىر پۇشۇلداپ كېتىپ باراتتى، پالشوپكىسى پات-پات چاتقاللىنىڭ شاخلىرىغا ئىلىنىپ قالاتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ياغاچنىڭ كەينىدە ھاسىراپ-ھومىدەپ مومىن بوۋاي كېتىپ باراتتى. بۇنداق ئېگىز يەردە مېڭىش بوۋايغا ئېغىر كەلدى. ئۇ يولدا ياغاچنى قوپۇرۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن قولىغا قېيىن ياغىچىدىن قىلىنغان بىر كالتەك ئېلىۋالغان ئىدى. سورىگۈچ سورەپ كېتىۋاتقان ياغاچ بىردەم دەرەخ يىلتىزلىرىغا ئىلىنىپ قالاتتى، بىردەم تاشقا سوقۇلۇپ كېتەتتى. ياغاچ يانتۇ يەردىن دۇملاپ چۈشىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، ئالدىدا كېتىۋاتقان ئادەمنى بېسىپ ئولتۇرۇپ قويۇشى تۇرغان گەپ ئىدى.

كالتەك بىلەن ياغاچنى قوپۇرۇپ يولەپ مېڭىش تېخىمۇ خەتەرلىك ئىدى. ھەرقانداق ھادىسىنىڭ تۇغۇلۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى: ئاروزقۇل بىرنەچچە قېتىم ھودۇقۇپ سورىگۈچتىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئۇ بوۋاينىڭ جېنىغا كەلگەن خەۋپكە قارىماي يانتۇ يەردە ياغاچنى يولىگەن پېتى ئۇنىڭ ئاتنىڭ يېنىغا كېلىپ چۇلۋۇرنى تارتىشنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كورگەن چاغدا، تەمسىلەردە: ئۆزىنىڭ نومۇسىنى يېپىش ئۈچۈن باشقىنىڭ يېغىرىنى ئېچىپتۇ،

دىگەندەك، بۇنى ئۆزى ئۆچۈن ھاقارەت دەپ ھېس قىلاتتى.

— ساڭا نىمە بولدى، مېنى ئاخىرەتكە يولغا سېلىشنى ئويلاۋاتامـسەن؟ — دەپ ياشانغان قېيىناتىسىغا ۋاقىرىدى ئاروزقۇل.

ئەتراپتا ئاروزقۇلنىڭ بۇ سوزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ياشانغان ئادەمگە بۇنداق مۇئامىلە قىلماسلىقنىڭ لازىم ئىدى دەپ ئەيىپلەيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. قېيىناتىسى مەن بۇ ئىشنى ئەتەي قىلمىغان تۇرسام، نىمىشقا بۇنداق ھاقارەتلەيسەن دەپ، ئۆزىنىڭمۇ ياغاچنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قېلىشى مۇمكىنلىگىنى قورۇنۇپ تۇرۇپ چۈشەندۈردى.

بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ ئاروزقۇلنىڭ ئوغىسى تېخىمۇ قايىندى.

— سەن كىم ئىدىڭ؟ — دىدى ئۇ زەردە قىلىپ، — سەن سوقۇلۇپ ئۆلۈپ كەتسەڭ ھېچقىسى يوق، يەيدىغىنىڭنى يەپ بولدۇڭ. يەنە نىمىدىن ئەندىشە قىلاتتىڭ؟ مەن يىقىلىپ ئۆلۈپ كەتسەم، سېنىڭ قىزىڭنى كىم ئالىدۇ؟ ئۇنداق تۇغماس خوتۇننى، يارىماس مەزلۇمنى كىم ئالىدۇ......

— بالام سەنزە، ئاسانلىقچە رازى قىلغىلى بولمايدىغان ئادەم، كىشىگە ھورمەتمۇ قىلمايسەن، — دىدى مومىن بوۋاي.

ئاروزقۇل توختىدى ۋە بوۋايغا قاراپ قويۇپ:

— ساڭا ئوخشاش چاللار ئاللىبۇرۇنلا ساغرىسىنى كۆلگە قاخلاپ ئوچاق يېنىدا يېتىشى لازىم ئىدى. سەنچۇ، قانداق بولمىسۇن، ئىش ھەققى ئېلىۋاتىسەن. سەن ئالغان پۇل نەدىن كەلدى؟ بۇ مېنىڭ ھىممىتىم ئەمەسمۇ! ساڭا يەنە قانداق ھورمەت كېرەك؟ — دىدى.

— قوي، بولدى قىل، مەن ئۇ گەپنى مۇنداقلا دەپ قويدۇم، — دەپ ئەل بولدى مومىن بوۋاي.

ئۇلار مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە بىر ئېگىز-لىكتىن ئېشىپ يانتۇ يەردە ئارام ئېلىشقا توختىدى. ئات ھېرىپ، پۇتۇن تېنى قارا تەرگە چومگەن ئىدى.

ئالا قاغىلار تېخىچە تىنچىماي، يەنە ئۇ يەردە چوگىلەپ ئەگىپ يۈرەتتى. قاغىلار ناھايىتى كوپ ئىدى، گويا بۈگۈن پۈتۈن بىر كۈن مۇشۇنداق قاقىلداشقا نىيەت باغلىغاندەك، تىنىماي چۇقۇرىشاتتى.

— ئالا قاغىلار بۇ يىل قىشنىڭ بالدۇر كېلىدىغانلىغىنى ئالدىن سېزىۋاتىدۇ، — دېدى مومىن بوۋاي، ئاروزقۇلنى ئاچچىغىدىن ياندۇ-رۇش ئۈچۈن گەپنى باشقا ياققا يوتكەپ ۋە: — ئالا قاغىلار ئوزلىرىگە كىشلەرنىڭ دەخلى يەتكۈزۈشىنى خالىماي، ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ئۇچۇپ يۈرىدۇ. — دەپ قوشۇپ قويىدى ئۇ، خۇددى بۇ پەمسىز قۇشلارغا ئوزرەخالىق ئېيتماقچى بولغاندەك.

— قاغىلارغا كىم دەخلى يەتكۈزۈپتۇ؟ — دېدى ئاروزقۇل شاققىدە بېشىنى بۇراپ، ئۇنىڭ يۈزىمۇ بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى، — سەن يەنە جويلۇۋاتىسەن، چال! — دېدى ئۇ ئاۋازىنى بېسىپ، تەھدىتلىك تەلەپپۇز بىلەن.

”ھىم، — دېدى ئۇ ئوزىچە پىچىرلاپ، — بۇ چال گەپ بىلەن چېقىۋاتىدۇ! ئۇنىڭ گېپىچە، بىرنەچچە ئالا قاغىنى دەپ قارىغايغا تەگمەسلىك، شاخنىمۇ سۇندۇرماسلىق لازىم ئىكەن-دە! خام خىيال قىلما! مەن بەرىبىر بۇ يەرنىڭ خوجىسى.“

ئۇ قاقىلدىشىۋاتقان قاغىلارغا ھومىيىپ قارىدى.

— ھەي، بىرەر پىلىمۇت بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى! — دەپ ئۇ بۇرۇلدى ۋە پەسكەشلىك بىلەن تىللىدى.

مومىن بوۋاي لام-جىم دېمىدى. ئۇ كۆيۈغلىنىڭ دارىتىپ تىللاش-

لىرىنى يامان كورەتتى.

"يەنە جۇدۇنى تۇتتى،ــ دەپ غەمكىن ھالدا خىيالغا چومدى بوۋاي،ــ مەس بولسىلا ۋەھشىلىكى قوزغىلىپ قالىدۇ، مەسلىكى يېشىلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ بىلەن گەپلىشەلمەيسەن. ئادەم نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالىدىغاندۇ؟ سەن ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلساڭ، ئۇ ساڭا يامانلىق قىلىدۇ. خۇددى شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك، يا ئۇيۇلۇشنى بىلمەيدۇ، يا تووۋا قىلمايدۇ. ھامان ئۆزىنىڭكىنى راستقا چىقىرىدۇ. ئۆزىنىڭ راھىتىنىلا كوزلەيدۇ، ئەتراپتىكى ئادەملەر ئۇنىڭغا خوشامەت قىلىشى كېرەك. خالىمىساڭ، سېنى ئۆزىگە خوشامەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ھىلىمۇ ياخشى، بۇنداق ئادەمنىڭ تاغدا، ئورماندا بولغىنى، قول ئاستىدا بىرنەچچىلا ئادەم بولغىنى. ئەگەر ئۇنىڭغا چوڭراق ھوقۇق تەگسە نېمىلەرنى قىلار ئىدى؟ خۇدا، ئۆزەڭگە ئامانەت.....بۇنداق ئادەم تولا، ھەرقاچان خالىغان نەرسىنى قولغا چۈشۈرەلەيدۇ، بۇنداق ئادەمدىن ھېچقاچان قۇتۇلالمايسەن، ئۇ ھەر يەردە سېنى پايلاپ يۈرىدۇ، سېنى تاپىدۇ. ئۇز كوڭلىدىكىدەك تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ سېنى قىيناپ ھالىڭدىن كەتكۈزىدۇ، ئەمما يەنە ئۇنىڭ قىلغىنى توغرا بولۇپ چىقىدۇ. ھە راست، بۇنداق ئادەم ھەقىقەتەن جىق......"

ــ بولار، ھاردۇق چىقتى،ــ ئاروزقۇل بوۋاينىڭ خىيالىنى بۇزۇۋەتتى ۋە بۇيرۇق قىلىپ،ــ ماڭايلى!ــ دېدى. ئۇلار يەنە مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى.

بۈگۈن سەھەردىن باشلاپ ئاروزقۇلنىڭ كەيپى ياخشى بولمىدى. ئەتىگەندە، ئۇلار سايمانلارنى ئېلىپ، دەريادىن ئۆتۈپ نېرىقى قىرغاقتىكى ئورمانلىققا بارماقچى بولغاندا، مومىن بوۋاي نەۋرىسىنى

مەكتەپكە ئاپىرىپ قويۇشقا ئالدىرىدى. راستلا ئالجىپ قاپتۇ! ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە ئاتنى تىگەرلىپ، نەۋرىسىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويىدۇ، مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەن چاغدا ئاتلىق بېرىپ مەكتەپتىن ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ تاشلاندۇق يېتىم ئوغلاقنى دەپ كۈن بويى ئالدىراپ پايپېتەك بولۇپ يۈرىدۇ. مەكتەپكە كېچىكىپ بارسا بولماسمىش، بۇ يەردە ئىش بارغۇ، نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ — بۇنداق ئىشقا سۆكۈت قىلغىلى بولامدۇ؟ بۇ قانداق ئىش؟ بوۋاي تېخى: "مەن ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن، بالا دەرسكە كېچىكىپ بارسا، خانىمنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىدۇ" دەيدۇ. ئۇ تېخى بۇنداق ئادەمنى كورسە ئويۇلارمىش! ھاماقەت! بۇ خانىم قانچىلىك بىر نىمىتى؟ 5 يىل بولدى، ھەممىشە ئاشۇ پەلتۇنى كىيىپ يۈرىدۇ. ئۇ خانىم دەپتەرلەرنى قولتۇغىغا قىسىپ، سومكىنى كوتىرىپ......دائىم كوچىدا قىتىراپ يۈرىدۇ، ھەممىشە رايونغا بېرىپ نەرسە سورايدۇ، ئۇنىڭغا دائىم بىر نەرسە كەملىك قىلىدۇ، بىر دەم مەكتەپكە كومۈر كېرەك دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ، بىر دەم ئەينەك لازىم دەيدۇ، يەنە بور، ھەتتا دەسمال سورايدۇ. ئۇبدان خانىم بۇنداق مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلامدۇ؟ كىشىلەرنىڭ مەكتەپنى "پەتەكلەر مەكتىۋى" دەپ ئاتىشى بىكار ئەمەس، راستلا ئۇنىڭ بويى پاكار. ئۇ نىمىگە يارايدۇ؟ يارامىلىق ئوقۇتقۇچى شەھەردە بولىدۇ-دە! ئۇ يەردە مەك-تەپلەر ئەينەكلىك بولىدۇ، ئوقۇتقۇچىلار گالىستۇك تاقايدۇ. ئۇ دىگەن شەھەر-دە......ئۇ يەردە باشلىقلار پىكاپتا ئولتۇرۇپ كوچا ئايلىنىدۇ، قانداق پىكاپ دىمەمسىز، ئۇ ۋالىلداپ تۇرىدىغان قارا پىكاپ، سىلىق ماڭىدۇ. ئۇنى كورسەڭ، ئىختىيارسىز توختاپ، ئۇ ئوتۇپ كەتكىچە، يىكتەك قېتىپ تۇرىسەن. لېكىن ئۇلار، شەھەرلىكلەر

بۇ ماشىنىلارنى بايقىمىغاندەك، (ئۇلارنىڭ كۈتۈپ تۇرغۇدەك ۋاقتى يوق). ئالدىراپ ئاللىقاياققا مېڭىشىدۇ. ئۇ يەردە، شەھەردە تۇرمۇشنىڭ تۇرمۇش دىگۈچىلىكى بار-دە! ئۇ يەرگە بېرىپ بىرەر خىزمەت تاپالساڭ نىمىدىگەن ياخشى! ئۇ يەردە كىشىلەر مەرتىۋىسىگە قاراپ ھۆرمەت قىلىشنى بىلىدۇ. مەرتىۋىگە ئىگە بولسا ھۆرمەتلىنىدۇ. مەرتىۋىسى قانچە يۇقۇرى بولسا، ھۆرمىتى شۇنچە چوڭ بولىدۇ، ئۇلار ھەقىقەتەن مەدىنىيەتلىك ئادەملەر. ئۇ يەردە بىرنەچچە ۋاخ تاماق يىگىنىڭ ياكى بىرەر سوغا ئالغىنىڭ ئۈچۈن ياغاچ ئاپىرىپ بەرمەيسەن ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىپ يۈرمەيسەن. بۇ يەردىكىگە ئوخشاش، ساڭا 50 رۇبلى، جىق بولسا 100 رۇبلى بىرىپلا ياغاچنى ئېلىپ كېتىدىغان، ھەتتا ساڭا: ئاروزقۇل پارىخورلۇق قىلدى، ئۇنداقچى، مۇنداقچى.....دەپ تاپا-تەنە قىلىدىغان ئىش يوق، بۇ يەردىكىلەر راستلا نادان، بىلىمسىز!

دۇرۇس، شەھەرگە بارسام قانداق ياخشى بولاتتى.....ھەي، بۇ تاغلار، بۇ ئورمانلار، بۇ ياغاچلار، بۇ گۈينىڭ نەرسىلىرى، تۇغماس خوتۇن، قاپاقۋاش چال ۋە ئۇ گوھەر قىلىۋالغان ھىلىقى شۇمتەك — ھەممىسى قۇرۇپ كەتسۇن! ھەي، راستلا شەھەرگە بارالىسام، سۇلۇ ئېتىزىدا سۇلۇ يەپ تويۇنغان ئاتتەك ئويناقلاپ سەكرەپ كەتكەن بولاتتىم! ئۇ چاغدا كىشىلەر مەندىن ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن: "ئاروزقۇل بورانوۋىچ، ئىشخانىڭىزدا بىر پەس ئولتۇرسام بولارمۇ؟" دەپ سورىغان بولاتتى. مەن ئۇ يەردە شەھەرلىك ئاياللاردىن بىر-سىگە ئۆيلەنسەم نىمىشقا بولمايدىكەن؟ مەسىلەن، ناخشا ئېيتىشنى بىلىدىغان، قولىدا مىكراپوننى تۇتۇپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتىپ ئۇسۇل ئوينايدىغان ئەرتىسكە. ساھىپجامالغا ئۆيلەنسەم. ئاڭلىشىمچە، ئۇلار

ئاساسەن مەرتىۋىنى سۈرۈشتۈرىدىكەن. ئۇ چاغدا، مەن گالستۇك تاقايمەن، ساھىپجامالنى پاتروشكلاپ كىنوخانىغا بارىمەن. ئۇ ئىگىز پاشنىلىق توپلى كىيىپ غاچ-غاچ دەسسەپ ماڭىدۇ، بويىدىن ئەتىر پۇرىغى چىقىپ دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ، ئۇتكەن-كەچكەنلەر بويىنىنى سوزۇپ قارىشىدۇ. قاراپ تۇرۇڭ، بىر تالاي بالا تۇغىدۇ. ئوغۇللىرىم قانۇن ئۇگىنىدۇ، قىزلىرىم رايال چالىدۇ. شەھەرنىڭ باللىرى ئۇمان، ئەقىللىق بولىدۇ. ئۇيدە ھەممىمىز رۇسچە سوزلىشىمىز، ئۇلار كاللىسىغا ھەرگىز سەھراچە بەدبۇي گەپلەرنى قاچىلىۋالمايدۇ. مەن ئۇز باللىرىمنى شۇنداق تەربىيلەيمەنكى، باللار: "جېنىم دادا، جېنىم ئانا، ئانى ئەپپەر، مانى ئەپپەر......" دەيدىغان بولىدۇ. ئۇز باللىرىدىن ئايايدىغان نەرسە بولامدۇ؟ ھە، مەن باشقىلاردىن كوپ ئۇستۇن تۇرىمەن، ئوزەمنى كورستىپ قويالايمەن. مېنىڭ باشقىلاردىن قە يېرىم كەم؟ باشلىقلار مېنىڭدىن قابىلمۇ؟ ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئادەم ئىدى، بىراق ئۇلارنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى، مېنىڭ تەلىيىم ئوڭدىن كەلمىدى. بەخت مېنىڭدىن قاچتى، بۇنىمۇ ئوزەمنىڭ تەلەيسىزلىگىدىن كورۇشۇم لازىم. ئورمانچىلىق كۇرسىنى پۇتتۇرگەندىن كېيىن شەھەرگە بېرىپ، تېخنىكومغا ياكى ئىنىستىتۇتقا كىرىشىم كېرەك ئىدى. ئەمما تولىمۇ ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ، مەرتىۋىگە ھېرىس بولۇپ كەتتىم، گەرچە كىچىك بولسىمۇ، ھەرھالدا بىر مەرتىۋە-دە. ئەمدى ئۇلاقتا ئوخشاش تاغ ئېشىپ، ياغاچ سورەپ يۇرىمەن! ......بۇ يەردە مانا ماۋۇ ئالا قاغىلار نىمە دەپ قاقىلدىشىدۇ، نىمگە ئەگىشىپ يۇرىدۇ؟ ھەي، بىر پىلمۇت بولسا ياخشى بولاتتى......

ئاروزقۇلنىڭ كەيپسىزلىنىشىدە سەۋەپ بار ئىدى. ياز كېتىپ، كۇز كەلدى، ناخشىدا: "ئىگىز تاغ يايلىغىدا گۇللەر توكۇلدى،

تاغدىن چۈشۈش ۋاقتى كەلدى.....» دېيىلگەندەك، مالچىلارنىڭ ئۆيىگە بىر-پ مېھمان بولۇش ۋاقتىمۇ ياز بىلەن بىللە ئۆتۈپ كەتتى.

كۈز كەلدى. ئاروزقۇلغا باشقىلار بەرگەن، شوخىردىنىڭ، يىگەن غىزانىڭ، ئالغان قەرزىنىڭ ھىساۋىنى بىرىشكە، ۋەدىسىدە تۇرۇشقا توغرا كەلدى، ھەتتا پو ئېتىپ: «ساڭا نىمە كېرەك؟ تورۇسقا لىم قىلىشقا ئىككى تال قارىغاي ياغىچى، ئاران شۇنچىلىكلا بىر نەرسە لازىمۇ؟ گەپ كەتمەيدۇ، ئۆزەڭ كېلىپ ئېلىپ كەتسەڭلا بولىدى» دىگەن چواڭ گەپلىرى ئۈچۈن ھىساپ بىرىشكە توغرا كەلدى.

بىر چاغلاردا پاراڭ سېلىشتان، سوغا-سالاملارنى قوبۇل قىلغان، ھاراق-شاراپ ئىچكەن ئىدى. ئەمدى بولسا ھاسىراپ، تەرگە چۈمۈپ، دۇنيادىكى بارلىق نەرسىنى قاغاپ. تاغدا ياغاچ سورەپ كېتىۋاتىدۇ. ياغاچ ئۇنىڭ يېنىدا دومىلىماقتا. راست. ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىمۇ ئاشۇنداق دومىلاپ ئۆتىدۇ. توپىزقىزلا ئۇنىڭ كاللىسىغا: «ھەممىدىن كېچىپ، بۇ يەردىن چىقىپ، خالىغان يەرگە كەتمەيمۇ» دىگەن قارام خىيال كەچتى. ئەمما ئۇ دەرھال چۈشەندى: ئۇنىڭ بارىدىغان يېرى يوق، ئۇنىڭ ھېچكىمگە كېرىكى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ھېچيەردىن ئۆزى تەلپۈنگەن تۇرمۇشنى تاپالمايدۇ.

ئۇ بۇ يەردىن كەتسە ياكى لەۋزىدىن يېنىۋالسا، ئاغىنىلىرى ئۇنى سېتىۋېتىدۇ. ئۇنداق ئاغىنىلەر قۇرۇپ كەتسۇن. ھەممىسى خۇيپەر! ئۇزاقى يىلى. ئۇزىنىڭ بۇغا قەۋمىدىن بولغان بىرسىنىڭ قوزا ئەكېلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قارىغاي ياغىچى بىرىشنى ۋەدە قىلغان ئىدى. ئەمما كۈز كەلگەندە، تاققا چىقىپ ياغاچ كېسىش ئۇنىڭغا خۇشياقمىدى. بۇ ئىش ئېيتماقىغۇ ئاسان. ئۆزەڭ كېلىپ سىناپ باقساڭ بىلىسەن! تاققا تەرلەپ-پىشىپ، مىڭ مۇشەققەتتە

ئاران چىققىلى بولىدۇ. يەنە تېخى كېسىش. سورەشكە توغرا كېلىدۇ،
نىمىدىگەن جاپا بۇ! ئەگەر سەن 10 يىلدىن ئارتۇق بولغان قېرى
قارىغاينى كەسمەكچى بولساڭ، ئۇزەڭ بىر سىناپ كور! ساڭا ھەرقانچە
كوپ ئالتۇن بەرسىمۇ بۇنداق ئىشنى قىلغۇڭ كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ
ئۇستىگە، ئاشۇ كۇنلەردە مومىن بوۋاي ئاغرىپ يېتىپ قالدى. بۇ
ئىشنى يالغۇز ئىشلىگىلى بولمايتتى،ـــ مەيلى كىم بولسۇن، يالغۇز
ئادەم ياغاچنى ئودۇر بويى تاغدىن ئېلىپ چۇشەلمەيتتى. ئۇ بەلكىم
قارىغاينى كېسىپ يىقىتالىشى مۇمكىن، ئەمما تاغدىن چۇشۇرەلمەيدى-
غانلىغى ئېنىق...... دەرۋەقە، بۇنى ئالدىن مولچەرلىگەن بولسا، ئۇ
خېلى بۇرۇنلا سېيدەخمەت بىلەن بىللە قارىغاي ياغىچىنى تاغدىن ئېلىپ
چۇشكەن بولاتتى. بىراق تاققا چىقىشقا راستلا ھورۇنلۇق قىلدى، ئۇ
بىرەر تال ياغاچ بېرىپ تۇققىنىنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سالماقچى
بولغان ئىدى، ئۇ تۇققىنى بۇنىڭغا ئۇنىماي، ساپ قارىغاي بېرىسەن،
ھازىرلا لازىم دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ يەنە: "قوزىنى ئالدىڭ، ئەمدى
لەۋزىڭدە تۇرمامسەن؟" دىدى. ئاروزقۇلنىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپ:
"ئالمساڭ كوزۇمدىن يوقال!" دەپ ئۇنى قوغلاپ چىقاردى. ئۇ
تەنتەك چېچەن ئىكەن! ئۇ دەرھال سان-تاش ئورمان ئاسراش
تەپتىشى ئاروزقۇل بوراننوۋدىچنىڭ ئۇستىدىن ئەرز يازدى. ئۇ راست
بىلەن يالغاننى قوشۇپ، غىرىچنى غۇلاچ قىلدى، يەنە ئاروز-
قۇلنىــ "سوتسىيالىستىك ئورماننى خاراپ قىلغۇچى"نى ئېتىش كېرەك
دىدى. شۇنىڭ بىلەن، رايون ۋە ئورمانچىلىق مىنىستىرلىگىنىڭ
تۇرلۇك تەكشۇرۇش كومىسسىيىلىرى ئۇنى خېلى ئۇزاق ئاۋارە قىلدى،
ئۇ بۇنىڭدىن مىڭ تەسلىكتە قۇتۇلدى...... ھىم! شۇمۇ تۇققان
بوپتىمىش! يەنە قانداقتۇ: "بىز مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانىنىڭ باللىرى،

مەن ھەممە ئۇچۇن، ھەممە مەن ئۇچۇن!“ دېيىشىدۇ، ھەممىسى بىكار گەپ! بۇغىسى قۇرۇپ كەتسۇن! بىر تىيىن ئۇچۇن بىر بىرىنىڭ گېلىنى بوغۇشىدۇ، قارشى تەرەپنى سولىتىپ قويىدۇ! مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانىغا قەدىمقى زامانىدىكى كىشىلەرلا ئىشەنگەن، ئۇ چاغدا ئادەملەر نادانلىق ۋە بىلىمسىزلىكتە كۆلكىلىك دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن! ھازىر ھەممە كىشى بىلىمگە ئىگە مەدەنىيەتلىك ئادەملەردىن بولۇپ قالدى، ئۇ نەرسىلەرگە كىم ئىشىنىدۇ! بۇغا توغرىسىدىكى چوچەكلەر — باللار ئاڭلايدىغان ئەپسانىلەر.

شۇ ۋەقە بولغاندىن كېيىن، ئاروزقۇل، مەيلى كىم بولسۇن، قانداق يېقىن تونۇش، قانداق قەۋم-قېرىنداش بولسۇن، ئۇلار ئۇزلىرىنى مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانىنىڭ بالىلىرى دەپ ھەرقانچە ئاقلىسمۇ بىكار، ئۇلارغا بىرەر تال ياغاچ، بىرەر تال شاخمۇ بەرمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئىدى.

بىراق، يەنە ياز كەلدى. ئېگىز تاغدىكى ياپ-يېشىل ئوتلاقتا يەنە ئاپپاق چېدىرلار تىكىلدى. چارۋىلارنىڭ ئاۋازى ھەممە يەرنى بىر ئالدى. دەريا بويىدا ئوچاقتىن چىققان ئىس تولغىنىپ يۇقۇرى كوتىرىلمەكتە. قۇياش نۇر سېپىپ تۇرماقتا، مەيىن شامالدىن دەممۇ-دەم قىمىز ۋە گۇللەرنىڭ خۇشپۇرىقى كېلىپ تۇرماقتا. مۇشۇنداق ساپ ھاۋادا، ياپ-يېشىل ئوتلاقتا چېدىرگە يولىنىپ ئولتۇرۇپ، ئاغىنىلىرىڭ بىلەن قىمىز ئىچسەڭ ۋە مەزىلىك قوي گوشى يېسەڭ، نىمدىگەن پەيزى-ھە! ئاندىن يەنە بىر رومكا ۋوتكا ئىچىدىغان بولساڭ شىركەيىپ بولسەن، چوڭ دەرەخنى قومۇرۇپ تاشلىغۇدەك، ياكى چوڭ تاغنى ئورۇۋەتكۇدەك كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە بولغانلىغىڭنى ھىس قىلىسەن..... مۇشۇنداق كۇنلەردە، ئاروزقۇل ئۇزىنىڭ قەسىمىنى

پۈتۈنلەي ئەستىن چىقىرىپ قوياتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىشىلەر ئۇنى چوڭ ئورمانىنىڭ خوجايىنى دەپ ماختاپ ئۇچۇرغاندا، ئۇنىڭ كۆڭلى ئالامەت يايراپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يەنە ۋەدە بېرىشكە باشلايتتى. سوغا ـ سالامنىمۇ ئالاتتى؛ شۇنىڭدىن كېيىن، كۆز كەلسىلا، ئورماندىن يەنە مەلۇم بىر تۈپ قارىغاي كېسىلەتتى.

كۆز زىرائەتلەر يىغىۋېلىنغان ئېتىزلاردىن ئاستاغىنا تاققا كېلىپ، ئەتراپقا سوقۇنۇشقا باشلايتتى. ئوتلاق ۋە ئورماندىكى يوپۇرماقلار سارغىيىپ ئالتۇندەك تاۋلىناتتى.

ياۋا مىۋىلەر پىشىپ مەي باغلايتتى. قوزىلارمۇ چوڭ بولاتتى. قوشقارلىرى بىلەن ساغلىقلىرى ئايرىلىپ چوڭ قويلار پادىسىغا قوشۇلۇشقا باشلايتتى. ئاياللار قورۇتلارنى قىشلىق تاغارلارغا قاچىلايتتى؛ ئەرلەرمۇ كىمنىڭ بىرىنچى بولۇپ يولغا چىقىپ ئويمانغا قايتىشى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىشكە باشلايتتى. يازدا ئاروزقۇل بىلەن پۈتۈشۈپ قويغان كىشىلەر كېتىش ئالدىدا ئۇنىڭغا: ”بىز پالانى كۈنى، پالانى سائەتتە ئورمان قاراۋۇلخانىسىغا ئاپتوموبىل ھەيدەپ كېلىپ سەن ۋەدە قىلغان ياغاچلارنى ئېلىپ كېتىمىز“ دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ قوياتتى.

بۈگۈن كەچتە، چېتىق كۆزۈپلۈق بىر ئاپتوموبىل بۇ يەرگە كېلىپ ئىككى تال قارىغاي ياغىچىنى ئېلىپ كېتىدىغان بولدى. بۇ ياغاچنىڭ بىرسى تاغ باغرىغا چۈشۈرۈلۈپ، دەريادىن ئوتكۈزۈلۈپ، ئاپتوموبىل كېلىدىغان جايغا قويۇلغان ئىدى؛ يەنە بىرسىنى ئۇلار مانا مۇشۇ پەيتتە سورەپ كېلىۋاتىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، ئەگەر ئاروزقۇل ياغاچ بەرمەكچى بولۇپ بۇرۇن يىگەن-ئىچكەن نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بېرەلەيدىغان، ياكى قوسۇپ بېرەلەيدىغان بولسا، ئۇ

هازىرلا شۇنداق قىلىشقا رازى ئىدى، هازىرقى بۇ چىدىغۇسىز هارغىنلىق ۋە جەۋرى-جاپادىن پاتراق قۇتۇلۇشنى بەكمۇ خالايتتى!

هەي! ئۆزىنىڭ تاغدىكى نەس باسقان تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىز قالدى؛ چېتىق كوزۇپلۇق ئاپتوموبىل بۈگۈن كەچتە كېلىپ، يېرىم كېچىدە ياغاچنى ئېلىپ كېتىدۇ.

ئەگەر هەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولىسىغۇ مەيلىدى: يولدا يەنە سوۋخوز ئىشخانىسىدىن ئوتتۇشكە توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋخوزغا ساقچى ئىدارىسى ۋە دۆلەت تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ تۇرىدۇ، رايوننىڭ ئادەملىرىمۇ كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇلار ياغاچ بېسىلغان ئاپتوموبىلنى كۆرۈپ قېلىپ: ”بۇ ياغاچلارنى نەدىن ئەكەلدىڭلار، قەيەرگە توشۇيسىلەر؟“ دەپ سوراپ قالسا، قانداق قىلىش كېرەك؟

مۇشۇ ئىشلارنى ئويلىغاندا ئاروزقۇلنى سوغاق تەر باستى. مۇشۇ سائەتتە، ئۇ هەممە نەرسىدىن يىرگىنىدى، هەممە ئادەمدىن نەپرەتلەندى. باش ئۈستىدە قاقىلدىشىۋاتقان ئالا قاغىلارغا ئاچچىقى كەلدى، بەختسىز مومىن بوۋايغا ئاچچىقى كەلدى، سېيدەخمەتكىمۇ ئاچچىقى كەلدى. بۇ هورۇن هۇشيار نىمە ئىكەن، ئۇنىڭدىن 3 كۈن بۇرۇن شەهەرگە ياڭيۇ ساتقىلى كەتتى، تاققا چىقىپ ياغاچ توشۇيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، غىپپىدە كېتىپ قالدى ......ئۇ بازاردا ئۆز ئىشىنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ. هازىر ئۇ بولغان بولسا، ئاروزقۇل سېيدەخمەتنى بوۋاي بىلەن بىللە ياغاچ توشۇشقا ئەۋەتكەن، ئۆزى ئۇنچىۋالا ئازاپ چەكمىگەن بولاتتى.

ئەپسۇسكى، سېيدەخمەت يىراقتا، ئالا قاغىلارنى ئېتىشقا ئامال

يوق، ئۇيگە قايتىپ خوتۇنىنى دۇمبالاي دىسە، ئۇيى ئاندىن يىراق، ئەمدى بوزەك قىلىشقا مومىن بوۋايلا قالدى. تاغ يولىنىڭ ئازاۋى ئاروزقۇلنىڭ سەپراسىنى تېخىمۇ ئۇرلىتىۋەتتى. ئۇ ئاچچىغىدا، ماڭدامدا بىر تىللاپ كېتىۋاتاتتى، ئاتنىمۇ ئاسرىماي، ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان بوۋايغىمۇ ئىچ ئاغرىتماي، ھېچنېمىگە قارىماستىن دەرەخ-لىقنى بوسۇپ كەلمەكتە. ئات ئۇلسۇن! بوۋايمۇ ئۇلۇپ كەتسۇن! ئۇنىڭ يۇرىگى ئاجىزلىشىپ كەتتى، ئۇمۇ ئۇلۇپ تۇگەشسۇن! بۇ دۇنيامۇ تامامەن يەكسان بولسۇن! ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك بولمايۋاتىدۇ، ئاروزقۇلنىڭ قەدىر-قىممىتى ۋە خىزمەت ھوقۇقىغا لايىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلمايۋاتىدۇ.

ئاروزقۇل ئەمدى ئۇزىنى تۇتۇۋالالماي، چىپىلغاق بوۋاينى ياغاچ ئەتراپىدا پايپىتەك بولۇپ يۇرسۇن دەپ، ئاتنى چاتقاللىق بىلەن تىك تاغ باغرىغا ئېلىپ ماڭدى. ئاروزقۇل: "مومىن ياغاچنى توختىتىۋالمايدىغان بولسا، بۇ قېرى قاقۋاشنى ھازىرلا ساۋايمەن" دىگەن ئۇيغا كەلدى. ئۇ بۇرۇن ياغاچ سورەپ مۇنداق خەتەرلىك يانتۇ يەردىن قاراملىق بىلەن ئۇتۇشكە جۇرئەت قىلالمايتتى، ئەمدى بولسا شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كەتتى. مومىن ئۇنى توختىتىۋېلىشقا ئۇلگۇرەلمەي: "نەگە كېتىۋاتىسەن؟ نەگە؟ توختا!" دەپ تۇۋلاشقىلا ئۇلگۇرەلدى. بۇ چاغدا زەنجىرگە باغلانغان ياغاچ پىقىراپ، دەرەخلەرنى بېسىپ پەسكە دۇملاشقا باشلىدى. مومىن كالتەك بىلەن توسۇپ ياغاچنى توختىتىۋالماقچى بولغان ئىدى، لېكىن ھول ھەم ئېغىر ياغاچ مومىننىڭ قولىدىكى كالتەكنى چۇشۇرۇۋەتتى.

بۇ ئىشلار ھەش-پەش دىگۇچە يۇز بەردى. ئات يىقىلىپ پەسكە دۇملاپ كەتتي-دە، ئاروزقۇلنى ئورۇۋەتتى، ئۇ دۇملاپ

چۈشۈۋېتىپ، ئەسەبىيلىك بىلەن دەرەخنى تۇتۇۋالدى. شۇ چاغدا، بىرنەچچە مۈڭگۈزلۈك ھايۋان ئۈركۈپ كېتىپ قېلىن ئورمان ئىچىگە يۈگۈردى-دە، چېچىلىشىپ، ئويناقلىشىپ، تېزلا قېيىنزارلىق ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

—بۇغا! بۇغا!—دەپ ئىختىيارسىز توۋلىۋەتتى مومىن بوۋاي ھەم ھەيران، ھەم خوشال بولۇپ، ئارقىدىن، ئۆز-ىنىڭ كۆزىگە ئىشەن-مىگەندەك بولۇپ، يەنە جىم بولۇپ قالدى.

تۇيۇقسىز، ئالا قاغىلار بىردىنلا ئۈچۈپ تۇزۇپ كەتتى، تاغ جىمجىت بولۇپ قالدى، ياغاچ بىرمۇنچە قاتتىق ئاق قېيىنلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، تاغ قاپتىلىدا توختىدى. ئايىغى سورىگۈچكە چىرمىلىپ قالغان ئاتمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ئۈستىئۈبىشى جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن ئاروزقۇل بىر چەتكە ئومىلەپ كېتىۋاتاتتى. مومىن يۈگۈرەپ بېرىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالدى ۋە:

—مۈڭگۈزلۈك مۇقەددەس بۇغا ئانا! ئۇ بىزنى قۇتقۇزۇۋالدى! كۆرگەنسەن. بۇلار مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانىنىڭ بالىلىرى. بىزنىڭ ئانىمىز قايتىپ كەلدى! كۆرگەنسەن!—دىدى.

چىرايى تۇتۇق ئاروزقۇل ئۇيالغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى، كۆز ئالدىدا بولغان بۇ ئىشلارنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمىدى، ئۇ ئۈستىۋېشىدىكى توپىنى قېقىپ تۇرۇپ:

—بولدى، چال، كاپشىما! توشۇقنى يېشىۋەت!—دىدى.

مومىن ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئاتنى بوشاتتى.

—ئېھ، مۈڭگۈزلۈك مۇقەددەس بۇغا ئانا!—دەپ داۋاملىق پىچىرلىدى بوۋاي خوشال ھالدا،—بۇغا بىزنىڭ ئورمانلىرىمىزغا قايتىپ كەپتۇ، مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانا بىزنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ! ئۇ

گۇنايىمىزنى كەچۈرۈپتۇ......

— يەنە نىمە دەپ ۋالاقلاپ تۇرىسەن؟ — دەپ زەردە قىلدى ئاروزقۇل. ئۇ، قورقۇنچىدىن ئىسىغا كەلگەن ئىدى، بايىقى غەزەپ- نەپرەت يەنە ئۇنى چولغىۋالدى، — ئۆزەڭنىڭ چىرچىگىڭنى ئىبتىۋا- تامسەن؟ ئۆزەڭگۇ ئالجىدىڭ، باشقىلارنىڭمۇ ئۆزەڭ توقۇپ چىققان بولمىغۇر ئەپسانىگە ئىشەندۈرمەكچى بولۇۋاتامسەن؟

— ئۇ دىگەن بۇغا، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، — دىدى مومىن بوش كەلمەي، — بالام، سەن كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۆزەڭمۇ كۆردۈڭغۇ دەيمەن.

— هەئە، كۆردۈم، 3 بۇغا ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلدى......

— دۇرۇس، مەنمۇ 3 بۇغىنى كۆرگەندەك تۇرىمەن.

— هىم، نىمە بولماقچىدى؟ بۇغا دىگەن بۇغا-دە! بايا بىشىڭدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدىڭ، بۇنىڭ خوشال بولىدىغان نىمىسى بار؟ ئەگەر راست بۇغا بولسا، تاغنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن قېچىپ كەل- گەندۇ. ئۇ يەردە، قازاقىستاندا، تاغنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئور- ماندا بۇغا بىقىلىۋاتقانمىش. ئۇ يەرمۇ چەكلەنگەن رايون، ئېھتىمال، ئۇۋ قىلىشمۇ چەكلەنگەن جاي بولۇشى مۇمكىن. بۇغىلار بۇ يەرگە كەلسە كېلىۋەرسۇن، بۇنىڭ بىلەن ئىشىمىز يوق، قازاقىستان بىلەن ئالاقىمىز يوق.

— بەلكىم بۇغىلار بۇ يەردە ماكانلىشىپ قالار، — دىدى ئۆز خىيالى بىلەن مومىن بوۋاي، — بۇ يەردە تۇرۇپ قالسا قانداق ياخشى بولاتتى......

— بەس، بولدى، — ئاروزقۇل بوۋاينىڭ سوزىنى ئۈزۈۋەتتى، — قېنى، ماڭايلى!

ئۇلار يەنە ياغاچنى سورەپ، پەسكە قاراپ خېلى ئۇزاق مېڭىشى، ئاندىن دەريادىن ئۆتتۈشى، ئۇنىڭدىن كېيىن سورىگۈچكە چېتىپ سورىتىشى كېرەك ئىدى، دېمەك، قىيىنچىلىق كوپ ئىدى.

ياغاچنى ئوڭۇشلۇق هالدا دەريادىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، يەنە كىچىك تاغنىڭ توپىسىگە ئېلىپ كېلىش لازىم ئىدى، چۈنكى ياغاچ باسىدىغان ئاپتوموبىل شۇ يەردە ئىدى.

هەي، بۇنىڭغا قانچە كوپ كۈچ كېتىدۇ-هە!

ئاروزقۇل ئوزىنىڭ تولىمۇ بەختسىز ئىكەنلىكىنى هىس قىلدى، ئەتراپتا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان جىمىكى ئىش ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئادالەتسىز بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. تاغلارنىڭ هېچنېمىنى سەزمەي، هېچنېمىگە ئىچ ئاغرىتماي، هېچنېمىدىن ئاغرىماي تۇرغىنى تۇرغان؛ كۆز كىردى، قىش-زىمىستانمۇ كەلدى، ئورمانلار بولسا هېچقانداق مۇشكۈللۈك كورگىنى يوق. ئالا قاغىلار ئەركىن پەرۋاز قىلىپ، قاقىلدىشىپ يۇرمەكتە، بۇ نېمىدىگەن ئامەت! بۇغا ئەگەر راست بۇغا، تاغنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن كەلگەن بۇغا بولسا، بۇلارمۇ ئورماندا ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا يۈگۈرۈشۈپ يۇرىدۇ، قانچىلىك يۈگۈرگۈسى كەلسە شۇنچىلىك يۈگۈرەيدۇ، نەگە بارغۇسى كەلسە شۇ يەرگە بارىدۇ، نېمىدىگەن ئەركىن. شەهەردە، كىشىلەر غەم-غۇسسىسىز هالدا ئاسپالت يوللاردا مېڭىپ، تاكسى ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ، ئاشپۇزۇللا كىرىپ، ئويۇن-تاماشا ئىچىدە ئوتىدۇ. ئۇچۇ، تەقدىر ئۇنى مۇشۇ جىلغىغا تاشلىۋەتتى، ئۇ نېمىدىگەن بەختسىز...... هەتتا مانا مۇشۇ چېپىلغاق مومىن. كارغا يارىماس قېيناتىسىمۇ ئۇنىڭدىن بەختلىكرەك، چۈنكى ئۇ چوچەك-ئەپسانىلەرگە ئىشىنىدۇ، ئۇ كالۋا. كالۋا ئادەم هەرقاچان تۇرمۇشقا شۈكرى قىلىدۇ.

ئاروزقۇل ئۇزىنىڭ تۇرمۇشىدىن بىزار بولدى، بۇنداق تۇرمۇش ئۇنىڭ كوڭلىگە ھەرگىز ياقمايتتى، بۇنداق تۇرمۇش چىپىلغاق مومىنگە ئوخشاش ئادەملەرگىلا باپ كېلىدۇ. مومىن نىمىگە مۇھتاج بولاتتى؟ ئۇ قانچە ئۇزاق ئومۇر كورسە شۇنچە ئۇزاق ئات-ئىشەك بولۇپ ئىشلەيدۇ، ئۇ يىلدىن-بۇ يىلغىچە شۇنداق ئوتىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىدا ھېچكىم ئۇنىڭغا بوي سۇنمىغان، ئۇ بولسا ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىغا قارايدۇ، ھەتتا ئۇزىنىڭ خوتۇنىغىمۇ سوز قايتۇرالمايدۇ. بۇ نەس قېرى چىرچەك-ئەپسانىلەردىن لەززەتلىنىدۇ، ئورماندىكى بۇغىنى كورسە، گويا جاھاننى كېزىپ يۇرۇپ 100 يىلدا ئاران تېپىشقان قېرىنداشلىرى بىلەن كورۇشكەندەك خوشال بولۇپ كوز يېشى قىلىدۇ.

ھەي، بولدىلا، بۇنىڭ دەپ يۇرگۇدەك نىمىسى بار......

ئۇلار مېڭىپ ئاخىرقى پاسىلغا يېتىپ كەلدى، بىر ئۇزۇن خەتەرلىك دوڭ يول شۇ يەردىن باشلىنىپ دەريا بويىغىچە سوزۇلاتتى، ئۇلار دەم ئېلىشقا توختىدى.

دەريانىڭ ئۇ قېتىدا، ئورمان قاراۋۇلخانىسىنىڭ ھويلىسىدا ئاروزقۇلنىڭ ئويىنىڭ يېنىدا ئىس چىقىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن ئويدە ساماۋار قايناۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى، دىمەك، ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. لېكىن بۇ ھال ئۇنىڭغا ئارام بەخش قىلمىدى. ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى، ئۇنىڭغا ھاۋا يېتىشمىگەندەك سېزىلەتتى. كوكسى چىڭقىلىپ ئاغرىيتتى، بېشىمۇ ئەكس سادا چىقىۋاتقاندەك ۋىڭىلدايتتى. يۇرىگى قاتتىق سىقىلىپ، پېشانىسىدىن ئاققان تەر كوزىگە چۇشۇپ تۇراتتى. ئالدى تەرەپتە بولسا يەنە خېلى ئۇزۇن، خېلىلا تىك يانتۇلۇق بار ئىدى. تۇغماس خوتۇنى

ساماۋارنى تەييارلاپ، ئۇنىڭ كوڭلىنى ئالماقچى بولۇپ ئويدە ساقلاپ ئولتۇراتتى...... ئۇنىڭدا بىردىنلا شۇنداق بىر كۆچلۈك ۋەسۋەسە پەيدا بولدىكى يۈگۈرەپ بېرىپ قوساقلىق ساماۋارنى بىر تېپىپ كوزدىن يوقاتقۇسى، ئاندىن خوتۇنىغا ئېتىلىپ، ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپ، ئاغزى-بۇرنىنى قانغا بوياپ، نىمجان قىلىپ قويغۇسى كەلدى. خوتۇنىنىڭ دات-پەريادىنى ئاڭلىسا، بەختسىز تەقدىرى توغرىسىدىكى قاغىشلىرىنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭ كوڭلى بىرئاز ئارام تېپىپ قالاتتى.

"ئۇنىڭ شورى قۇرىسۇن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — شورى قۇرىسۇن. مەن ياخشى ئوتەلمەيۋاتسام، نىمىشقا ئۇ ياخشى ئوتىدىكەن؟"

مومىن ئۇنىڭ ئوي-خىيالىنى بۇزۇۋەتتى.

— بىر ئىش ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ، بالام، — دەپ ئالدىراپ ئاروزقۇلنىڭ يېنىغا كەلدى مومىن بوۋاي بىر ئىشنى تۇيۇقسىزلا ئېسىگە ئالغاندەك. — باللار ئوقۇشتىن ئازات بولدى، مەن بېرىپ بالىنى ئېلىپ كېلىشىم كېرەك.

— يەنە نىمە ئىش؟ — ئاروزقۇل ئەتەي بىلمەسكە سېلىپ سورىدى، — نىمە قىلماقچىسەن؟

— ئاچچىغىڭ كەلمىسۇن بالام. ياغاچ مەشەدە تۇرۇپ تۇرسۇن، بىر ئازدىن كېيىن ئېلىپ كېتەيلى، سەن قايتىپ چۈشلۈك تامىقىڭنى يەۋال، مەن ئاتلىق بېرىپ بالىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، بىز قايتىپ كېلىپ ياغاچنى دەريادىن ئوتكۈزەيلى.

— چال، بۇ ئامالنى ئويلاپ تاپقىچە قانچىلىك باش قاتۇرغانسەن؟ — دىدى ئاروزقۇل بوۋاينىڭ چىشىغا تېگىپ.

— بىلىشىڭ كېرەك، بالا يىغلاپ قالىدۇ.

— يىغلىسا نىمە بوپتۇ؟ — ئاروزقۇلنىڭ ئوغىسى قايىنىدى-دە،

چالغا ئۇبدان تەنبىھ بېرىپ قويىماقچى بولدى. ئۇ مۇشۇنداق بىر پۇرسەتنى پايلاپ يۈرگەن ئىدى، ھازىر بوۋاينىڭ ئۇزى ئۇنىڭغا بانا تېپىپ بەردى، — كىچىك بالا يىغلاپ قالدۇ دەپ ئىشنى تاشلاپ قويساق بولامدۇ؟ ئەتىگەن مېنى ئەخمەق قىلىپ، بالىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ قويىماقچى بولغان ئىدىڭ. خوپ، ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل دېدىم، ئەمدى يەنە مەكتەپتىن ئېلىپ كېلىمەن دەيسەنا؟ مەن قانداق قىلىمەن؟ بىز بۇ يەردە ئويناۋاتىمىزمۇ؟

— ئۇنداق قىلما، بالام، — دېدى بوۋاي يالۋۇرۇپ، — بۇنداق ياخشى كۈندە ماڭغۇ ھېچنىمە بولمايدۇ، بىراق بالا بۇنداق ياخشى كۈندە يىغلىسا......

— قانداق ياخشى كۈن؟ ئۇنىڭ نىمە خاسىيىتى بار؟

— بۇغا قايتىپ كەلدى، نىمىشقا بۇنداق ياخشى كۈندە......

ئاروزقۇل داڭ قېتىپ قالدى، ئۇ ھەتتا ھەيران قالغىنىدىن جىم بولۇپ قالدى. ئۇ بۇغىلارنى ئاللىقاچانلا ئەستىن چىقىرىپ قويغان ئىدى. ئۇ تىكەنلىك چاتقاللىقتا دۇملاپ چۇشۇۋاتقاندا، قورقۇپ جان-پېنى چىقىپ كېتىۋاتقان چاغدا، بۇغىلار سايدەك غىل-پال كورۇنۇپ ئوقتەك ئوتۇپ كەتكەن ئىدى. يانتۇ يەردىن دوملاپ چۇشۇۋاتقان ياغاچ ئۇنى ھەر سېكۇنتتا بېسىپ مىجىپ تاشلاش ئېھتىمالى بولغاندا، ئۇنىڭ بۇغىغا قارىغۇدەك ھالى قالمىغان ئىدى، بۇ چالنىڭ قۇرۇق گەپلىرىگە قۇلاق سېلىشقىمۇ چولىسى تەگمىگەن ئىدى.

— مېنى نىمە دەپ ئويلايسەن! — دېدى ئاروزقۇل بوۋاينىڭ چىرايىغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ، — ئەپسۇسكى، سەن كوسا بولۇپ قالغان، بولمىسا ساقىلىڭنى يۇلۇپ، سەندەك كالۋا ئەمەسلىگىمنى ساڭا بىلدۇرۇپ قويغان بولاتتىم! سېنىڭ بۇغاڭنىڭ ماڭا نىمە كېرىگى

بار، ئۇلارنى سېغىنىپ قالغىنىم يوق! ئەزمىلىك قىلماي ياغاچنى يوتكە! ياغاچنى دەريادىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ئېغىز ئاچقۇچى بولما! مەكتەپكە كىمنىڭ بېرىشى، ئۇ يەردە كىمنىڭ يىغلىشى بىلەن كارىم يوق. بولدى، ماڭ......

مومىن ئادەتتىكىدەك، يەنىلا بوي سۇندى. ياغاچنى كوزلىگەن يەرگە يەتكۈزمىگۈچە ئاروزقۇلدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بوۋاي بىلەتتى، شۇڭا، ئۇنچىقماي ئۈمىتسىز هالدا ئىشىنى قىلىۋەردى، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلمىدى. ئەمما ئۇنىڭ يۈرىكى يىڭنە سانچىلغاندەك بولۇپ كەتتى: نەۋرىسى مەكتەپنىڭ يېنىدا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغاندۇ؛ باللار ئۆيلىرىگە قايتىپ بولغاندۇ، پەقەت ئۇنىڭ يالغۇز-يىگانە نەۋرىسىلا يولدا بوۋىسىنى كۈتۈپ تۇرغاندۇ.

بوۋاي دەرسخانىدىكى باللارنىڭ مەكتەپتىن قانداق يۈگۈرۈشۈپ چىقىدىغانلىقى، ئۆيلىرىگە قانداق قايتىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈردى. قوشقى ئاچقان باللار يولدا كېتىۋېتىپ ئۆزلىرىگە تەييارلاپ قويغان غىزانىڭ مەزىلىك پۇرىقىنى پۇرايدۇ، خوشال هالدا ئۆز ئۆيىنىڭ دەرىزىسى تۈۋىدىن ئۆتىدۇ. ئانىلار ئۇلارنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ. ئانىلارنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كېتىدۇ، ئانىنىڭ كوڭلى مەيلى ئارامدا بولسۇن، ئارامدا بولمىسۇن، بالىلىرىغا ئوچۇق چىراي ئېچىش قو-لىدىن كېلىدۇ. ئۇلار: ”قارا، قولۇڭنى! كىم يۇيۇپ قويىدۇ؟“ دەپ كايىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كوزىدە يەنىلا كۈلكە ئويناپ تۇرىدۇ.

مومىن بوۋاينىڭ نەۋرىسى مەكتەپكە كىرگەندىن بۇيان قولىنى دا-ئىم سىياغا بويىۋالىدىغان بولدى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى بىرۋىسىغىمۇ ياقاتتى: بۇ، شاكىچىكنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. هازىر بولسا ئۇنىڭ نەۋرىسى سىياغا بويىۋالغان قولىدا يازدا ئەپبەر-

گەن سومكىسىنى تۇتۇپ، يالغۇز ئۆزى يولدا تۇرغاندۇ. بەلكىم ساقلاپ ھېرىپ كەتكەندۇ. بوۋام ئاتقا مىنىپ دوڭگە كەلگەنمىدۇ دەپ ئەنسىزلىك بىلەن يولغا قاراۋاتقان، قولاق سېلىۋاتقاندۇ. شۇنى بىلىشكىمۇ كېرەككى، ئادەتتە بوۋاي ھامان دەل ۋاقتىدا كېلەتتى. بالا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىشىغىلا بوۋىسى يېتىپ كېلىپ، يېقىن جايدا ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. بالىلار ئۆيلىرىگە قايتقاندا، ئۇمۇ بوۋىسىنىڭ ئالدىغا باراتتى. پوپكىسىغا گەپ قىلىپ: "بوۋام كەلدى، بىز ماڭايلى" دەيتتى. بوۋىسىنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىشكە ئاز قالغاندا، خىجىل بولۇپ توختاپ قالاتتى. ئەتراپتا ئادەم يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن، بوۋىسىغا ئېتىلىپ، بوۋىسىنى قۇچاقلاپ، يۈزىنى بوۋىسىنىڭ قوسىقىغا ياقاتتى، بوۋىسىنىڭ تېنىدىلا بولىدىغان كونا كىيىم بىلەن يازلىق قۇرۇق ئوتنىڭ ئارىلاشما ھىدىنى پۇرايتتى. مۇشۇ كۈنلەردە، مومىن بوۋاي دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن بۇ ياققا ئوت توشۇغان ئىدى، قىشتا قاتتىق قار يېغىپ ئۇ ياققا بېرىش قىيىن بولۇپ قالاتتى. شۇڭا مومىن بوۋاينىڭ بەدىنىدىن قۇرۇق ئوت بىلەن چاڭ-توپىنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى.

بوۋاي نەۋرىسىنى ئاتقا ئېلىپ كەينىگە مىندۈرەتتى. ئۇلار ئاتنى بەزىدە يورغىلىتاتتى، بەزىدە ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرەتتى. ئۇلار بەزىدە پاراڭ قىلىشماي ماڭاتتى، بەزىدە ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار ئۈستىدە سوزلىشىپ، تۈيمايلا ئۆيگە يېقىنلاپ قالاتتى، بىر تاغدىن ئوتسىلا سان-تاش جىلغىسىغا كېلەتتى.

بالىنىڭ مەكتەپكە بېرىشتىكى كۈچلۈك ئارزۇسى مومىسىنى تېرىكتۈرۈپ قويىدى. بالا ھەركۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپلا ئالدىراپ كىيىملىرىنى كىيەتتى، كىتاپ-دەپتەرلىرىنى سومكىسىغا سالاتتى.

كېچىدىمۇ سومكىسىنى يېنىغا قويۇپ ياتاتتى، بۇ ھال مومىننىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرەتتى:

— سەن بۇ مەينەت سومكىغا نىمانچە چاپلىشىۋالىسەن؟ يا بولمىسا سومكىنى خوتۇن قىلىۋال. بىزمۇ قىز مېلىنى تېجەپ قالايلى......

مومىننىڭ سوزى بالىنىڭ بۇ قۇلىغىدىن كىرىپ ئۇ قۇلىغىدىن چىقىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە مومىننىڭ نىمە دەۋاتقانلىغىنىمۇ بالا ئانچە ئۇقمايتتى. مەكتەپكە كېچىكمەي بېرىش بالا ئۇچۇن ئاساسلىق ئىش ئىدى. ئۇ ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ، تاقەتسىزلىك بىلەن بوۋىسىنى ئالدىراتاتتى، مەكتەپ كوزگە كورۈنگەندىلا ئاندىن كوڭلى تىناتتى.

شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار بىرقېتىم كېچىكىپ قالدى. ئوتكەن ھەپتىدە، مومىن بوۋاي سەھەردىلا بىر يول قۇرۇق ئوت توشۇۋالماقچى بولۇپ. تاڭ يورۇماستىنلا ئات بىلەن دەريادىن ئوتۇپ ئۇ قاتقا كەتكەن ئىدى. ھەممە ئىشى ئوڭۇشلۇق بولدى، بىراق يولدا ئاغامچا بوشاپ كېتىپ، ئوت چېچىلىپ كەتتى، ئوتنى قايتىدىن باغلاپ يەنە ئاتقا ئارتتى. لېكىن تولىمۇ ئالدىراپ كەتكەچكە، ئوت يەنە چېچىلىپ كەتتى.

بوۋاينىڭ نەۋرىسى ساقلاپ تاقەتسىزلىنىپ تۇراتتى، ئۇ بىر ئوڭغۇل-دوڭغۇل تاشنىڭ ئۇستىگە چىقىپ. سومكىسىنى پولاڭلىتىپ، بىر نىمىلەرنى دەپ چاقىردى. بوۋاي ئالدىراپ كېتىپ ئاغامچىنى چىگىشلەشتۇرۇپ قويدى. چىككەندە ئاغامچا قىسقا كېلىپ باغلىيالماي قالدى. بالا ئۇ يەردە يەنىلا توختىماي چاقىرماقتا ئىدى. بوۋاي بالىنىڭ يىغلىغانلىغىنى بىلدى. شۇڭا ئوتنى، ئاغامچىنى تاشلىدى-دە. ئاتقا مىنىپ. سايدىن ئوتۇپ نەۋرىسى تۇرغان يەرگە قاراپ چاپتى. سايدىن

ئۆتۈشكىمۇ بىرمۇنچە ۋاقىت كەتتى، چۈنكى سايدىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتكىلى بولمايتتى، سۇ ئۇلۇغ بولۇپ، تېز ئاقاتتى. كۆزدىغۇ سايدىن ئۆتۈش ھېچگەپ ئەمەس، يازدا ئاتنى موللاق ئاتقۇزۇپ ئېقىتىپ كېتەتتى. مومىن بوۋاي مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئاران سايدىن ئۆتتى-دە، نەۋرىسىنىڭ يېنىغا باردى، بالا ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى. بالا بوۋىسىغا قارىماي، يىغلاپ تۇرۇپ: "كېچىكىپ قالدىم. ئوقۇشقا كېچىكىپ قالدىم" دەۋاتاتتى. بوۋاي ئاتتىن ئېگىشىپ تۇرۇپ بالىنى كۆتىرىپ ئىگەرگە ئولتۇرغۇزدى-دە، ئاتنى ئۇدۇل چاپتۇردى. مەكتەپ يىراق بولمىغان بولسا، بالىنىڭ ئۆزى ئاللىقاچان كېتىپ قالاتتى. بالا يول بويى يىغىدىن توختىمىدى، بوۋاي ئۇنى تىنجىتىشقا ئامالسىز قالدى، بالا كۆزلىرى ياشقا تولغان ھالدا مەكتەپكە كىردى. مەكتەپتە دەرس باشلىنىپ كەتكەن ئىدى، مومىن بوۋاي نەۋرىسىنى توپ-توغرا دەرسخانىغا ئېلىپ كىردى.

مومىن بوۋاي خانىمىنىڭ ئالدىدا قايتا-قايتا ئەپۇ سورىدى ۋە كېلەر قېتىمدا ھەرگىز بۇنداق ئىشنى سادىر قىلماسلىققا ۋەدە بەردى. بىراق نەۋرىسىنىڭ يىغىدىن توختىماسلىقى بوۋاينى ئەنسىزلەندۈرۈپ قويدى، بۇ قېتىم كېچىكىپ قالغانلىقىغا بالىنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولغاندەك ئىدى. بوۋاي: "نەۋرەم ئىرچىل مۇشۇنداق ئوقۇسۇن" دەپ ئويلىدى. بىراق شاكىچىك نىمىشقا يىغلاۋېرىدۇ؟ بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئىچىدە ئەلەم، ئېيتقۇسىز دەردى بارلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى......

شۇ پەيتتە بوۋاي ياغاچنىڭ يېنىدا كېتىۋاتاتتى، ياغاچنى بىرەر نەرسىگە سوقتۇرۇۋەتمەي، تاغدىن تېخىمۇ تېز دومىلىتىپ چۈشۈرۈش ئۈچۈن، بىر دەم بۇ ياققا، بىر دەم ئۇ ياققا ئۆتۈپ. پات-پات

كالتەك بىلەن تۇرتۇپ باراتتى. مومىن بوۋاي ئۆشلەۋېتىپ: نەۋرەم ئۇ يەردە نىمە قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ دەپ خىيال سۇرەتتى.

لېكىن ئاروزقۇل ئەمدىلىكتە بولسا ھېچنىمىگە ئالدىرىمايتتى. ئۇ خۇددى يىلقىچىغا ئوخشاش بىخارامان كېتىپ باراتتى. ئىش يۈزىدىمۇ بۇ يەردە بەك ئالدىراپ كېتىشكە بولمايتتى، يانتۇلۇق ئۇزۇن ھەم خەتەرلىك بولۇپ، يانتۇلۇقتا قىيپاش مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ياغاچنى ھازىرچە قويۇپ تۇرۇپ، كېيىن ئېلىپ كېتەيلى دىگەن ئوتتۇنۇشىگە هورمەت قىلىش كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئىست، قۇدرىتى يېتىدىغان بولسا، بوۋاي ياغاچنى مۇرىسىگە ئېلىپلا دەرياددىن ئوتتۇپ، ئاپتوموبىلغا باسىدىغان جايغا بىراقلا ئاپىرىپ تاشلاپ: مانا، ياغاچنى ئېلىپ كەت، ماڭ! — دىگەن بولاتتى، شۇنداق بولسا، ئۇمۇ نەۋرىسىنىڭ يېنىغا بارالايتتى.

ئەمما، نەدىمۇ بۇنداق ئىش بولسۇن! تېخى بىر مەنزىل تاشلىق ۋە شېغىللىق يولنى بېسىپ ياغاچنى دەريا بويىغا ئېلىپ كېلىشكە، ئاندىن يەنە ياغاچنى ئات بىلەن سۇيى تېيىز يەردىن ئۇ قاتقا ئوتكۈزۈشكە توغرا كېلەتتى. ئات ھېرىپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالدى. ئات تاغدا خېلى كوپ يول يۈردى. بىر دەم پەسكە چۈشتى، بىر دەم ئېگىزگە چىقتى...... ئەگەر ھەممە يەردىن ئوڭۇشلۇق ئوتتۇپ كەتسىغۇ ياخشى بولاتتى. بىراق ياغاچ دەريادا تاشقا تېگىپ توسۇلۇپ قالسا، ياكى ئات پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشسە قانداق قىلغۇلۇق؟

ئۇلار سۇدىن كېچىپ ئوتىدىغان چاغدا، مومىن بوۋاي: ”مۇڭگۈزلۈك بوغا ئانا. شەپقەت قىلغىن. ياغاچ توسۇلۇپ قالمىغاي، ئات يىقىلىپ كەتمىگەي“ دەپ دۇئا قىلدى. مومىن بوۋاي ئوتۇكىنى سېلىپ مۇرىسىگە ئارتتى. ئىشتاننى تىزىغىچە تۇرۇپ، قولىغا كالتەك-

نى ئېلىپ، لەيلەپ كېتىۋاتقان ياغاچنى ئارقىسىدىن ئىتتىرىپ ماڭدى. ياغاچ ئېقىمغا قارشى قىيپاش سورىلىپ كېتىۋاتاتتى. دەريانىڭ سۈيى سۈپ-سۈزۈك بولسىمۇ، لېكىن كۆز سۈيى بولغاچقا، تولىمۇ سوغاق ئىدى.

بوۋاي چىداشلىق بەرمەكتە: ئېقىپ كېتىۋەرسۇن، پۇت توڭلاپ قالماس، ئۇ هازىر ياغاچنى دەريادىن تېزرەك ئۆتكۈزۈۋېلىشنىلا ئويلايتتى. بىراق قېرىشقاندەك، ياغاچ توسۇلۇپ قالدى، تاشنىڭ ئارىسىغا، يەنە كېلىپ تاش ئەڭ كوپ جايغا بېرىپ قىسىلىپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئاتنى بىر ئاز ئارام ئالدۇرۇپ، ئاندىن تېز چاپتۇ-رۇپ كېلىپ بىرلا كۆچىسە، بەلكىم ياغاچنى تاش ئارىسىدىن چىقىرى-ۋالغىلى بولاتتى. ئەمما ئاروزقۇل ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، ھە-رىپ مادارىدىن كەتكەن ئاتنى رەھىمسىزلىك بىلەن قامچىلاۋەردى. ئات كەينىگە بىر داجىدى-دە، يىقىلدى. ياغاچ مىدىر-سىدىر قىلىپمۇ قويمىدى. بوۋاينىڭ پۇتى كۆيۈشۈپ، كوزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قېيىپ، بىردىنلا، تىنك دەريا قىرغاقلىرى، قىرغاقتىكى ئورمانلار، ئاسماندىكى بۇلۇتلار كومتۇرۇلۇپ، دەرياغا غۇلاپ چۈشۈپ، شىددەتلىك ئېقىندا ئېقىپ كەتكەندەك بولدى، بىر پەستىن كېيىن ئاندىن ئېسىگە كەلدى. مومىن بوۋاينىڭ كوڭلى قاتتىق بىئارام بولدى. لەنىتى ياغاچ! ئۇزاق ساقلانغان قۇرۇق ياغاچ بولسىغۇ ئۇنىڭ ئىشى ئاسان ئىدى، قۇرۇق ياغاچ سۇدا ئۆزى لەيلەيدۇ، ئۇنى تۇتۇپ تۇرسىلا بولغىنى. بىراق ماۋۇ ياغاچ بايىلا كېسىلگەن، بۇنداق ياغاچنى كىم دەريادىن ئۆتكۈزۈپ باققان؟ بۇنىڭدىن ئاقىۋەت چاتاق چىقىدۇ، يامان ئىشنىڭ ياخشى نەتىجە چىقمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئاروزقۇلنىڭ قارىغاينى قۇرۇتۇپ ئاندىن توشۇشنى خالىماسلىقىدىكى ئاساسىي سەۋەپ شۇكى، ئۇ تەپ-

تىش ئورگانلىرىنىڭ تۇيۇقسىز سېزىپ قېلىپ، چەكلەنگەن رايوندا
قىممەتلىك ياغاچلارنى ۋەيران قىلغان دەپ ئەرز قىلىشىدىن قورقات-
تى. شۇ ۋەجىدىن، ياغاچنى كېسىپ دەرھال توشۇۋالايلى دەپ چىڭ
تۇرغان ئىدى.

ئاروزقۇل ئوتۇگىنىڭ پاشىنىسى بىلەن ئاتنى تەپتى، ئاتنىڭ بېشىغا
قامچا ئۇردى. يەنە ئاغزى بېسىلماي تىللىدى. گويا ھەممە چاتاقنى
مومىن تېرىغاندەك. بوۋاينىمۇ تىللىدى. ياغاچ بولسا تاش ئارىسىدا
قىسىلىپ تۇرىۋەردى

بوۋاي راستلا چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم غەزەپ
بىلەن ۋاقىرىدى:

— ئاتتىن چۈش! — بوۋاي قەتئىيلىك بىلەن ئاروزقۇلنىڭ يېنىغا
بېرىپ، ئۇنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرمەكچى بولدى، — كۆرمىدىڭمۇ،
ئات تارتالمايۋاتىدۇ! ھازىرلا ئاتتىن چۈش!

ھاڭ-تاڭ قالغان ئاروزقۇل غىدىك-پىدىك قىلماي بوي سۇندى.
ئۇ ئوتۇگى بىلەنلا ئاتتىن توپ-توغرا سۇغا سەكرەپ چۈشتى. شۇ
مىنۇتتا، ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭلىمايدىغان، ھېچنېمىنى سەزمەيدىغان
كالۋا بولۇپ قالدى.

— كەل، كۈچەپ قوپۇرايلى! تەڭ كۈچەيلى! — مومىن بوۋاينىڭ
باشچىلىقىدا، ئۇلار ياغاچنى كالتەك بىلەن كۈچەپ قوپۇرۇپ، تاش
توسۇۋالغان يەردىن تارتىپ چىقارماقچى بولدى.

ئات دىگەن جانىۋار نېمىدىگەن چىچەن-ھە! دەل شۇ چاغدا ئات
كۈچەپ تارتتى. تاشقا پۇتلىشىپ، تېيىلىپ كەتتى، توشۇك سوزۇلۇپ
تاناپتەك توپ-تۈز بولۇپ كەتتى. ئەمما ياغاچ سەل-پەل مىدىرلاپ
قويۇپ، يەنىلا قوزغالمىدى. ئات يەنە قاتتىق كۈچىگەن بولسىمۇ،

بىراق مادارىدىن كېتىپ سۇغا يىقىلىپ، تىپىرلاپ قالدى. ئات جابدۇقلىرىنىۋ ئىگىز-پەس بولۇپ كەتتى.

— ئاتنى يولە! ئاتنى! — مومىن بوۋاي ئاروزقۇلنى ئالدىراتتى.

ئۇلار مىڭ تەسلىكتە ئاتنى يولەپ تۇرغۇزدى. ئات سوغاقتىن تىترەپ، سۇدا ئارانلا ئۆرە تۇراتتى.

— جابدۇقلارنى ئاتتىن چۈشۈر!

— نېمىشقا؟

— ساڭا ئېيتىۋاتىمەن، چۈشۈر! كېيىن يەنە قايتىدىن جابدۇيمىز. توشۇكنى يېپىشۋەت.

ئاروزقۇل يەنە غىدىڭ-پىدىڭ قىلماي بوي سۇندى. ئاتنىڭ جابدۇقلىرى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، مومىن بوۋاي چۇلۋۇرنى تارتتى.

— ئەمدى ماڭايلى، — دېدى ئۇ، — بىر ئازدىن كېيىن قايتىپ كېلىمىز. ئاتنىڭ ھاردۇغى چىقسۇن.

— ھوي، توختا! — ئاروزقۇل بوۋاينىڭ قولىدىن چۇلۋۇرنى تارتىۋالدى. ئۇ ھۇشىنى تاپقاندەك بولدى، يەنە بىردىنلا ئەسلى ھالىغا كەلدى. — سەن كىمنى ئالدىماقچىسەن؟ سەن ھېچياققا كېتەلمەيسەن. بىز ھازىرلا ياغاچنى يوتكەپ كېتىشىمىز كېرەك، كەچتە ئادەم كېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ. ۋالاقلاشنى قويۇپ، ئاتنى قوش-قىن، ئاڭلىدىڭمۇ؟

مومىن بوۋاي ئۇنچىقماستىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، كۆيۈشۈپ قالغان پۇتىنى سورەپ، سۇ تېيىز يەردىن قىرغاققا قاراپ ماڭدى.

— چال، نەگە بارىسەن؟ نەگە بارىسەن، مەن سەندىن سورا-ۋاتىمەن؟

— نەگە باراتتىم، مەكتەپكە بارىمەن! بالا چۈش ۋاقتىدىن تار-تىپ مەكتەپتە ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— قايتىپ كەل! كەينىڭگە يان!

بوۋاي قولاق سالمىدى. ئاروزقۇل ئاتنى سۇدا قالدۇرۇپ، دەريا بويىدىكى سايدا مومىن بوۋايغا يېتىشىۋېلىپ، مۈرىسىدىن كاپلا قىلىپ تۇتۇپ تارتتى.

ئۇلار ئەنە شۇ تەرىقىدە يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ توختىدى.

ئاروزقۇل مومىن بوۋاينىڭ مۈرىسىدە ئېسىقلىق تۇرغان كونا ئوتۇكنى شاققىدە تارتىپ ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قېيناتىسىنىڭ باش-كۆزىگە قاتتىق ئۇردى.

— مېنىڭ بىلەن قايت! بول! — دېدى، ئاروزقۇل بوغۇق ئاۋاز بىلەن ۋاقىراپ، ئوتۇكنى بىر چەتكە تاشلىۋەتتى.

بوۋاي بېرىپ، نەم سايدىن ئوتۇكنى قولىغا ئالدى. ئۇ قەددىنى رۇسلىغاندا ئاغزىدىن قان ئاقتى.

— لۆكچەك — دېدى مومىن بوۋاي ئاغزىدىكى قاننى تۈكۈرۈۋېتىپ. ئوتۇكنى قايتىدىن مۈرىسىگە تاشلىدى.

بۇ گەپ ھېچقاچان باشقا ئادەم بىلەن تاكاللاشمىغان چېپىلغاق مومىننىڭ ئاغزىدىن چىقتى. بۇ گەپ توكۇپ يۈزى كوكىرىپ كەتكەن، مۈرىسىگە ئەسكى ئوتۇكنى ئارتىۋالغان، كالپۇكلىرىدا قان ئىزى قالغان بىچارە بوۋاينىڭ ئاغزىدىن چىقتى.

— مېنىڭ بىلەن ماڭ!

ئاروزقۇل ئۇنى سورەپ ماڭماقچى بولغان ئىدى. مومىن بوۋاي ئۇنى قاتتىق سىلكىۋېتىپ، كەينىگە قارىماي، گەپمۇ قىلماي كېتىپ قالدى.

— قاقۋاش چال، ئۇزەڭگە پەخەس بول، بۇ ئىشنى ئۇەۋرۋايەت ئېسىڭدىن چىقمايدىغان قىلىپ قويمىسام! — دەپ ۋاقىرىدى ئاروزقۇل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مۇشتىنى تەڭلەپ تۇرۇپ.

بوۋاي ئارقىسىغا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ "ياتقان توگە" يېنىدىكى چىغىر يولغا چۈشكەندىن كېيىن، ئولتۇرۇپ ئوتۇكنى كىيدى-دە، تېزلا ئويگە قايتتى. ئۇ ھېچيەردە ھايال بولماي، ئۇدۇل ئاتخانىغا كەلدى. ئاتخانىدىن ئادەتتە ھېچكىم يېقىن كېلەلمەيدىغان ئاروزقۇل سىرتقا چىققاندا مىنىدىغان ئالاباش سۇر ئاتنى يېتىلەپ چىقتى. ئادەتتە، بۇ ئاتقا ھېچكىم مىنەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئاتنىڭ يۈرۈشىنى بۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنى ھارۋىغا قوشمايتتى. مومىن بوۋاي ئاتنى ئىگەرلەپمۇ ئولتۇرماي، ياياق مىنىپلا خۇددى ئوت ئوچۇرۇشقا ماڭغاندەك ھويلىدىن ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ دەرىزىنىڭ تۈۋىدىن، ئىس چىقىپ تۇرغان ساماۋارنىڭ يېنىدىن ئوتكەن چاغدا، سىرتقا يۈگۈرۈشۈپ چىققان ئاياللار — مومىننىڭ كەمپىرى، قىزى بېكەي، ياش گۈلجامال — بوۋايغا بىرەر ئىش بولغانلىقىنى دەرھال پەملىدى. ئۇ ئەزەلدىن ئالا باشقا مىنىپ باقمىغان ئىدى، ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك ئولە-تىرىلىشكە قارىماي ھويلىدا چاپتۇرمىغان ئىدى. بۇ، چېپىلغاق مومىن بوۋاينىڭ ئىسيان كوتەرگەنلىكى ئىكەنلىكىنى ئۇلار تېخى بىلمەيتتى. يەنە كېلىپ، بۇ قېتىمقى ئىسيان ئۈچۈن بۇ ياشانغان بوۋاينىڭ قانچىلىك بەدەل تولەيدىغانلىقىنىمۇ ئەسلا بىلمەيتتى.

ئاروزقۇل ياياق ئاتنى يېتىلەپ دەريادىن قايتىپ كەلدى. ئاتنىڭ ئالدى پۇتى ئاقساپ قالغان ئىدى. ئۇ ھويلىغا يېقىنلاشقىچە، ئاياللار ئۇن-تىنسىز قاراپ تۇردى. ئاروزقۇلنىڭ خىيالىغا نىمە ئويلار

كەلگەنلىكىنى ئۇلار بىلمەيتتى، بۈگۈن ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە نېمە ئالغاچ كەلگەنلىكىنى، قانداق بالايى-ئاپەت ۋە ۋەھىمە ئېلىپ كەلگەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى......

ئاروزقۇلنىڭ ئوتتۇگى، ئىشتىنى چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن ئىدى،ئۇ ئېغىر قەدەم تاشلاپ ئۇلارغا يېقىنلاشتى، قاپىغى سېلىنغان ھالدا ئۇلارغا قاراپ قويدى،ئۇنىڭ خوتۇنى ھودۇقۇپ كەتتى.

—ئاروزقۇل، ساڭا نېمە بولدى؟ نېمە ۋەقە بولدى؟ ئۇستىۋېشىڭ ھول بولۇپ كېتىپتۇ. ياغاچ ئېتىپ كەتتىمۇ؟

—ياق، —دەپ—قولىنى سىلكىدى، ئاروزقۇل ۋە—مانى تۇت دەپ چۇلۇۋرنى گۈلجامالغا بەردى، —ئاتنى ئاتخانىغا ئەكىرىپ قوي.

—ئۇ ئىشىككە قاراپ ماڭدى ۋە خوتۇنىغا:

—مېنىڭ بىلەن ئۆيگە كىرگىن، —دېدى.

موماي ئۇلار بىلەن بىللە كىرمەكچى بولغان ئىدى، بىراق ئاروزقۇل ئۇنى كىرگۈزمىدى:

—كەمپىر، كوزۇمدىن يوقال. بۇ يەردە سېنىڭ كېرىكىڭ يوق. ماڭ، كەلگۈچى بولما!

—ساڭا نېمە بولدى!—موماي ئاچچىقلاندى، —بۇ قانداق گەپ؟ بىزنىڭ چال قېنى؟ ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ نېمە ۋەقە بولدى!

—ئۇنىڭ ئۆزىدىن سورا، —دەپ جاۋاپ بەردى ئاروزقۇل.

ئۆيدە، بېكەي ئېرىنىڭ ھول كىيىمىنى سالدۇرۇپ جۇۋىسىنى ئېلىپ بەردى، ساماۋارنى ئېلىپ كىرىپ، چاي قۇيۇشقا باشلىدى.

—ئىچمەيمەن، —دەپ قولىنى سىلكىدى ئاروزقۇل. —ھاراق ئەكەل!

خوتۇنى ئاغزى ئېچىلمىغان بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ، رۇمكىغا

قوّيدى.

— تولدۇرۇپ قوي! — دەپ بۇيرۇدى ئاروزقۇل. ئۇ بىر رۇمكا هاراقنى بىراقلا ئىچىۋەتتى. جۇۋىغا مەهكەم ئورىنىپ كىگىز ئۇستىدە ياتتى ۋە خوتۇنىغا:

— سەن مېنىڭ خوتۇنۇم ئەمەس. مەن سىبىنىڭ ئېرىڭ ئەمەس. سەن كوزۇمدىن يوقال. بۇ ئويگە ئىككىنچى كىرگۇچى بولما. ماڭ، هازىر ماڭساڭمۇ ئۇلگۇرەلەيسەن، — دىدى.

بېكەي ئۇۋە تارتىپ كارۋاتقا ئولتۇردى، ئادىتى بويىچە كوزىگە ياش ئېلىپ، ئاستا سوزلىدى:

— يەنە جۇدۇنى تۇتۇپ قالدى؟

— يەنە جۇدۇنى تۇتۇپ قالدى دەمسەنا؟ — دەپ هوكىرىدى ئاروزقۇل، — كوزۇمدىن يوقال!

بېكەي ئويدىن چىقىپ، ئادەتتىكىدەك، قولىنى تىزىغا ئۇرۇپ، هويلىدا دات-پەريات كوتەردى:

— نىمىشقىمۇ بۇ دۇنياغا كەلگەن بولغىيتىم، مەن بىتەلەي.....

بۇ چاغدا، مومىن بوۋاي ئالا باشقا مىنىپ نەۋرىسىنىڭ قېشىغا كېتىۋاتاتتى. ئالا باش يۇگۇرەك ئات ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ مومىن بوۋاي 2 سائەتتىن كوپرەك كېچىكىپ قالدى. ئۇ يولدا نەۋرىسى بىلەن ئۇچراشتى. خانىم ئورى بالىنى ئويگە باشلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئىسسىق-سوغاقلاردىن ئوتكەن يوغان قوللۇق، 5 يىل كىيگەن پەلتۇنى ئۇچىسىدىن چۇشۇرمەيدىغان خانىم ئىدى. چارچاپ كەتكەن بۇ خانىمنىڭ رەڭگى-رويى ئانچە ياخشى ئەمەستەك كورۇنەتتى. كوپ يىغلاپ بالىنىڭ كوزلىرى ئىششىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ سومكىسىنى ئېسىپ خانىمنىڭ يېنىدا روهسىز، بىچارە قىياپەتتە

كېلىۋاتاتتى. خانىم مومىن بوۋاينى قاتتىق تەنقىتلىدى. بوۋاي ئاتتىن چۈشۈپ، خانىمنىڭ ئالدىدا باش ئېگىپ تۇردى.
— ئەگەر سىز بالىنى ۋاقتىدا ئېلىپ كېتەلمىسىڭىز، — دېدى خانىم. — ئۇنى مەكتەپكە ئەۋەتمەڭ. ئەكېلىپ-ئاپىرىپ قويار دەپ مەندىن ئۈمىد كۈتمەڭ، مېنىڭ 4 بالام بار.
مومىن بوۋاي يەنە بىر قېتىم ئەپۇ سورىدى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشنى سادىر قىلماسلىققا يەنە ۋەدە بەردى.
خانىم جېلىسايغا قايتىپ كەتتى، بوۋاي نەۋرىسىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتتى.
بوۋاي ئاتقا مىنىپ بالىنى ئالدىغا ئالدى، بالا گەپ-سۆز قىلمىدى. بوۋايمۇ بالىغا نېمە دېيىش لازىملىقىنى بىلمەي قالدى.
— قورسىقىڭ ئېچىپ كەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى بوۋاي.
— ياق، خانىم ماڭا بولكا بەردى، — دەپ جاۋاپ بەردى نەۋرىسى.
— نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟
بالا بۇ سۆزگىمۇ جاۋاپ قايتۇرمىدى.
مومىن بوۋاي ناھاقۇل بولۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ:
— مېنىڭدىن خاپا بولغان ئوخشايسەن، — ئۇ بالىنىڭ شەپكىسىنى بېشىدىن ئېلىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن، شەپكىسىنى يەنە كىيگۈزۈپ قويدى.
بالا ئورۇلمىدى.
ئۇلار ئات ئۈستىدە ئەنە شۇنداق گەپ-سۆز قىلماي كېلىۋاتاتتى. مومىن بوۋاي، يايتاق ئات بالىنى سىلكىتىپ قويمىسۇن، دەپ ئالا باشنى چاپتۇرماي، تىزگىننى چىڭ تارتىپ ماڭدى. دېمىسىمۇ، ھازىر

ئۇنچىلا ئالدىراپ مېڭىشىنىڭ زورۇرىيىتىمۇ بوق ئىدى.

بوۋاينىڭ ئوي-خىيالىنى تېزلا بايقىغان ئات ئاستا يورغىلاپ ماڭدى. ئاتنىڭ ئاغزىدىن ھور پۇقۇراپ چىقىپ، تۇياقلىرى يولدا دۈپۈرلەپ باراتتى. بۇنداق ئاتقا بىرلا ئادەم مىنىپ، مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىپ ماڭسا — ئۆزى ئېيتىپ، ئۆزى ئاڭلىسا، كارامەت پەيزى بولىدۇ. ئۆزى يالغۇز قالغاندا، ئېيتىدىغان نەرسىلەر كوپ بولىدۇ-دە! ئەمەلگە ئاشمىغان غايىگە. ئۆتمۈش دەۋرلەرگە. مۇھەببەت تەلەشكەندە پەيدا بولغان بەزى ئىشلارغا..... كەلسەك، كىشىلەر ئاشۇ ئۆتۈپ كەتكەن يىللار ئۈچۈن نادامەت چېكىشنى. يىللار بىلەن بىللە ئۆتۈپ كەتكەن، قايتا ئۇچراشتۇرغىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى ئەسلەشنى ياخشى كورىدۇ. ۋاھالەنكى. بۇلارنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ ئايان ئەمەس. بىراق ھەممىشە بۇ نەرسىلەرنى ئەسلەپ تۇرۇشنى ياخشى كورىدۇ، ئۆز ئەسلىمىلىرىدىن لەززەت ئېلىشنى ياخشى كورىدۇ.

كوڭۇلدىكىدەك ماڭىدىغان ياخشى ئات كىشىگە ياخشى ھەمرا بولىدۇ.

مۆمىن بوۋاي نەۋرىسىنىڭ پاكىز چۈشۈرۈلگەن بېشىنى، ئىنچىكە بويىنى ۋە سالپاڭ قۇلىقىنى كورۇپ، ئۆزىنىڭ بەختسىز ھاياتىنى، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىشى ۋە مېھنىتىنى، پۈتكۈل قايغۇ-ھەسرەت ۋە دەرت-ئەلىمىنى، ھازىر يېنىدا مۇشۇ بالىلا، مۇشۇ ئىگە-چاقىسىز كىچىك جانلا قالغانلىقىنى ئەسلىدى. ئۇنى بېقىپ قاتارغا قوشۇشقا ئومرى يار بەرسىغۇ ياخشى بولاتتى. لېكىن، ئەگەر كېيىنكى چاغلاردا بالا ئۆزى يالغۇز قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ كۈنى تەس بولاتتى. ئۇ ئۆزى شۇنداق كىچىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق

مىجەز-خۇلقى بار. ئەمما ئۇنىڭ بەنىلا چىقىشتاقراق، مۇلايىمراق بولغىنى ياخشى.... چونكى ئاروزقۇلغا ئوخشاش ئادەملەر ئۇنىڭدىن يىرگىنىدۇ. بورە بالا-قازاغا ئۇچرىغان بۈغىنى ئازاپلىغاندەك. ئۇلارمۇ ئۇنى ئازاپلىشى مۇمكىن......

بۇ ئارىدا، مومىن بوۋاي يەنە بۈغىنى، ھىلىلا ئۇنىڭ ئالدىدىن سايىدەك تىزلا ئوتۇپ كەتكەن ھەمدە ئۇنى ھەيران قالدۇرۇپ خوشال قىلغان بۈغىنى يادىغا ئالدى.

— بىلەمسەن، بالام؟ بۈغا بىز تەرەپكە كەلدى، — دىدى بوۋاي.

بالا دەرھال بۇرۇلۇپ بوۋىسىغا قارىدى:

— راستما؟

— راست. ئوز كۆزۈم بىلەن كوردۇم. ئۈچ بۈغا كەپتۇ!

— قەيەردىن كەپتۇ؟

— تاغنىڭ نېرىسىدىن كەلگەندەك قىلىدۇ. ئۇ يەردە ئوۋ ئوۋلاش چەكلەنگەن ئورمان بار. بۇ يىل كۆزدە. يازدىكىگە ئوخشاش، تاغ ئاغزى ئېچىۋېتىلگەن، شۇڭا بۈغىلار بۇ ياققا مېھمان بولۇپ كەلگەن.

— بۈغىلار سىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇپ قالارمۇ؟

— ياقتۇرسا تۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئادەملەر ئۇلارغا چېقىلمىسا، ئۇلار بۇ يەردە ياشايدۇ. بۇ يەردە يەم-خەشەك كوپ، مىڭ تۇياق بۈغا بېقىشقىمۇ يېتىدۇ. بۇرۇن، مۈڭگۈزلۈك بۈغا ئانا زامانىدا، بۇ يەردە بۈغا دىگەن ھەددى-ھېساپسىز كوپ بولغان ئىكەن......

بوۋاي نەۋرىسىنىڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يۇمشىغانلىقى، ئاچچىغىدىن يانغانلىقىنى سېزىپ، ئوتكەن ئىشلارنى ۋە مۈڭگۈزلۈك بۈغا ئانىنى قايتىدىن سوزلەپ بەردى. ئوزىمۇ ئورى ئېيتقان چوچەككە

مەپتۇن بولۇپ كەتتى. بىردىنلا بەختلىك بولۇش ھەممە باشقىلارغا بەخت يەتكۈزۈش تەس ئەمەس ئىكەن، دەپ ئويلىدى. باشتىن-ئاخىر مۇشۇنىداق ئوتتۇش نىسىپ بولغاي. دۇرۇس. مۇشۇنىداق ئوتتۇش، ھازىرقىدەك، مۇشۇ مىنۇتتىكىدەك ئوتتۇش نىسىپ بولغاي. ئەپسۇسكى، رىيال تۇرمۇش بۇنىداق ئورۇنلاشتۇرۇلمايدۇ، بەخت بىلەن بىللە بەختسىزلىكمۇ ساڭا مەڭگۈ ئەگىشىپ يۈرىدۇ، مەڭگۈ-لۈك بولغان، سەندىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغان بەختسىزلىك دائىم سىنى پايلاپ يۈرىدۇ، پات-پات سىنىڭ ئىچكى دۇنيايىڭغا ۋە تۇرمۇشىڭغا بوسۇپ كىرىدۇ. ھەتتا بوۋاي ئۆزىنىڭ نەۋرىسى بىلەن بەختنى ھىس قىلغان شۇ مىنۇتلاردا، قايغۇ-ئەندىشە خوشاللىق بىلەن بىللە ئۇنىڭ قەلبىنى چۇلغىۋالىدى: ئاروزقۇل ئۇ يەردە نىمە قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ ئۇ نىملەرنى تەييارلاۋاتقاندۇ؟ قانداق جازا كىلەر؟ يىنىشقا جۇرئەت قىلغان چالنى ئۇ قانداق چارە-ئامالار بىلەن جازالىماقچى بولغاندۇ؟ ئاروزقۇلنىڭ بۇ ئىشنى مۇشۇنداقلا ئوتكۈزۈۋەتمەيدىغانلىقى سوزسىز، ئۇنداق قىلمايدىغان بولسا، ئۇ ئاروزقۇل بولماي قالىدۇ.

ئۆزىنىڭ ۋە قىزىنىڭ بېشىغا كىلىدىغان بەختسىزلىكنى ئويلىماس-لىق ئۈچۈن، مومىن بوۋاي نەۋرىسىگە داۋاملىق ھالدا بۇغا توغرىسى-دىكى چوچەكنى ئېيتىپ بەردى، بۇغىلارنىڭ ئالىجاناپ خىسلىتى، گۈزەللىكى، سەكرەش سۈرئىتىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ ھىلىقى قۇتۇلغۇسىز بالايى-ئاپەتتىن ئاشۇ يول بىلەن ساقلىنىپ قالغىلى بولىدىغاندەك، شۇنچە ئىشتىياق بىلەن سوزلىدى.

بالىنىڭ كەيپى جايىغا چۈشتى. ئويىدە ئۇنى نىمە ئىشلارنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقى زادىلا ئۇنىڭ خىيالىدا يوق ئىدى. ئۇنىڭ كوز-قۇلاقلىرى قىزىپ تۇردى: بۇغا راستلا قايتىپ كەلگەنمىدۇ؟ بۇ

گەپچە، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى راست ئوخشايدۇ: مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانا ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان گۇنايىنى كەچۈرۈپتۇ، يەنە ئۇز باللىرىنىڭ ئىسسىق كول تاغلىرىغا قايتىپ كېلىشىگە ئىجازەت قىپتۇ. بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر كەلگەن 3 بۇغا بۇ يەردە ئەھۋالىنىڭ قانداق ئىكەنلىگىنى كورۇپ باقماقچى بولسا كېرەك، ئەگەر ئۇلار ياقتۇرسا، قالغان بۇغىلارنىڭ ھەممىسى يەنە ئۇز يۇرتىغا قايتىپ كەلگۇدەكمىش.

— بوۋا، — دەپ بوۋاينىڭ گېپىنى ئۇزۇۋەتتى نەۋرىسى، — مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانىنىڭ ئوزى كەلگەندىمۇ؟ ئېھتىمال، بىز تەرەپنىڭ قانداق ئىكەنلىگىنى كورۇپ بېقىپ، ئاندىن ئوز باللىرىنى چاقىرىپ كەلسە كېرەك، شۇنداقمۇ؟

— بەلكىم، — مومىن بوۋاي ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇ، سوزىنى توختاتتى. بىر ئاز خىجىللىق ھىس قىلدى بولغاي: ئۇ بەك ئاشۇرىۋەتتىمۇ، يا بالا ئۇنىڭ سوزىگە راست ئىشىنىپ قالدىمۇ يا؟ لېكىن بوۋاي بالىغا باياتىنقى گەپلەرگە ئىشەنمە دىمىدى. ئۇنداق قىلىشقىمۇ ئەمدى كېچىكىپ قالغان ئىدى.

— كىم بىلىدۇ، — دەپ بوۋاي مۇرىسىنى قىسىپ قويدى، — بەلكىم، ئېھتىمال مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانىنىڭ ئوزى كەلگەندۇ. كىم بىلىدۇ......

— بىلىپ قالارمىز. بوۋا، بايا سىز بۇغىنى ئۇچراتقان يەرگە بارايلىچۇ، — دىدى نەۋرىسى، — مېنىڭمۇ بۇغىنى كورگۇم كېلىۋاتىدۇ.

— لېكىن سەن بىلمەك بولىدۇ، بۇغا دىگەن بىر جايدا تۇردۇۋەرمەيدۇ!

— بۇغىلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ ماڭايلى. شۇ ئىز بىلەن ئۇزاق يەرلەرگە بارايلى. ئۇلارنى بىر كورۇۋېلىپ قايتىپ كېلىمىز. شۇ

چاعدا، بۇنىلار ئادەملەرنىڭ ئۇلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەي-
دىغانلىغىنى بىلدۇ.

— سەن راستلا كىچىك بالسەن-دە، — دەپ كۆلدى بوۋاي، —
بىز ئاۋال ئۆيگە قايتايلى، كېيىن بىر گەپ بولار.

ئۇلار ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى چىغىر يول بىلەن مېڭىپ ئورمان
قاراۋۇلخانىسىغا يېقىنلاشتى. ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا تۇرسا، خۇددى
ئادەمنىڭ كەينىدە تۇرغاندەك بىلىنەتتى. ئۇچ ئۆيىنىڭ ھېچقايسىسىدا
ئىچكىرىدە قانداق ۋەقەلەر بولغانلىغىنى ئۇقتۇرۇپ بېرەلىگۇدەك
بىرەر ئالامەت كورۇنمەيتتى. ھويلىدا بىرەر ئادەممۇ يوق ئىدى،
بىرەر ئاۋازمۇ ئاڭلانمايتتى. كېلىشمەسلىكنىڭ بىشارىتى بوۋاينىڭ
يۇرىگىنى مۇجىدى: بىرەر ۋەقە بولدىمىكىنا؟ ئاروزقۇل مەس بولۇۋې-
لىپ، ئۇنىڭ بەختسىز قىزى بېكەيىنى قاتتىق دۇمبالىدىمىكىن؟ يەنە
نىمە ئىش بولدىكىن؟ نىمىشقا مۇنداق جىمجىت بولۇپ كېتىشتە-
كىن؟ بۇ ۋاقىتتا نىمىشقا ھويلىدا بىرەر ئادەم كورۇنمەيدۇ؟

"ئەگەر ھەممە ئىش جايىدا بولسا، ئۇ ياققا بېرىپ، ھېلىقى نەس
باسقان ياغاچنى دەريادىن ئېلىپ چىقىمەن، — دەپ ئويلىدى مومىن
بوۋاي، — بۇ ئاروزقۇل دىگەن قۇرۇپ كەتسۇن، ئۇنىڭ بىلەن
تەگەشمىگەن ياخشى، ئۇ قىلماقچى بولغان ئىشنى ئوبدان ئىشلەپ،
پۇتتۇرۇۋەتكەن ياخشى. ئېشەككە ئوزىنىڭ ئېشەك ئىكەنلىگىنى
ئىسپاتلاپ بېرىش تەس."

مومىن ئاتخانىغا يېقىنلاشتى.

— چۇش، كەلدۇق. — ئۇ ئوزىنىڭ ھاياجىنىنى بىلدۇرمەسلىككە
تىرىشىپ، گويا ئوزلىرى يىراق جايدىن كەلگەندەك، نەۋرىسىگە
شۇنداق دىدى. بالا سومكىسىنى كوتىرىپ ئويگە ماڭماقچى بولغاندا،

مومىن بوۋاي ئۇنى توختاتتى:

— توختا، بىللە ماڭىمىز.

ئۇ ئالا باشنى ئاتخانىغا ئەكىرىپ قويغاندىن كېيىن، بالىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆيگە ماڭدى.

— دىققەت قىل، — دېدى بوۋاي نەۋرىسىگە، — ئۇلار مېنى تىللىسا قورقما، ھەر خىل يوقىلاڭ گەپلەرگە قۇلاق سالما. بۇنىڭ بىلەن ئىشىڭ بولمىسۇن، سېنىڭ ئىشىڭ ئوقۇش.

بىراق ئۇنداق ئىش ئەسلا سادىر بولمىدى. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، موماي بوۋايغا ئەيىپلەش نەزىرى بىلەن ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى-دە، ئارقىدىن ئاغزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ يىڭنە ئىشىنى قايتىدىن قولىغا ئالدى. بوۋايمۇ مومايغا بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىدى. بوۋاي چىرايىنى تۈرۈپ، دەككە-دۈككە ئىچىدە ئۆيدە بىرئاز تۇردى، ئاندىن ئوچاق بېشىدىن چوڭ چىنىدىكى ئۆگرىنى، يەنە قوشۇق ۋە بولكىنى ئېلىپ، نەۋرىسى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن چۈشلۈك غىزاسىنى يېگىلى تۇردى.

ئۇلار ئۈنچىقماي ئولتۇرۇپ غىزالاندى. موماي ھەتتا ئۇلارغا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ قورۇق باسقان قوڭۇر چىرايىدىن غەزەپ يېغىپ تۇراتتى. بالا چوقۇم بىرەر پىشكەللىك بولغانلىقىنى پەملىدى. بوۋاي بىلەن موماي يەنىلا گەپ قىلماي ئولتۇرۇشتى.

بالىنى قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە بېسىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كېلىدىن ھېچنىمە ئۆتمىدى. ئادەم ئۈچۈن غىزا ئۈستىدە ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ ئۆز بېشىدىكى بىرەر كېلىشمەسلىكنى ۋە گۇمانلىق ئىشنى ئويلاشتىنمۇ يامان ئىش بولماس. ئۇ ئىچىدە سومكىغا: "بەلكىم، ئەيىپ سىردىن ئۆتۈلگەندۇ؟" دېدى. سومكا دەرىزىدە ئىدى. ئۇنىڭ

كوڭلى پولدىن يۇگۇرەپ ئۇتۇپ دەرىزىگە چىقتى ۋە سومكىغا يىقىنلىشىپ، سومكا بىلەن پىچىرلىششقا باشلىدى:

"نىمە بولغانلىغىنى بىلەمسەن؟ بوۋام نىمشقا مۇنداق مەيۇسلىنىپ قالدى؟ ئۇنىڭدا نىمە ئەيىپ بار؟ بۇگۇن نىمشقا كىچىكىپ قالدى؟ نىمە ئۇچۇن ئالا باشنى ئىگەرلىمەيلا مىندى؟ بۇنداق ئىش ھىچقاچان بولۇپ باقمىغان. بوۋام ئورماندا بۇغىنى كورىمەن دەپ كىچىكىپ قالدىمۇ يا؟......بەلكىم ھىچقانداق بۇغا بولمىغان بولسىچۇ؟ بەلكىم بۇ يالغان بولسىچۇ؟ قانداق قىلىش كىرەك؟ نىمشقا ئۇ بۇ چوچەكنى ئېيتىدۇ؟ بىزنى ئالدىغان بولسا، مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانا خاپا بولىدۇ......"

غىزالنىپ بولغاندىن كىيىن، بوۋاي نەۋرىسىگە ئاستاغىنا:

— ھويلىغا چىقىپ بىر ئىشقا ياردەملەشكىن. مەن ھازىرلا چىقىمەن، — دەپ پىچىرلىدى.

بالا ئىناغىتمەنلىك بىلەن چىقىپ كەتتى. بوۋاي ئىشكنى يىپىشىغىلا موماينىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— نەگە بارىسەن؟

— ياغاچ توشۇغىلى بارىمەن. بايا ياغاچنى دەريادا قالدۇرۇپ قويغان ئىدۇق، — دىدى مومىن بوۋاي.

— ئوھو، ئاخىر ئويلاپسەن، — دىدى موماي ۋاقىراپ، — ھۇشۇڭنى تېپىپسەن! بىرىپ قىزىڭنى كورۇپ باق. گۇلجامال ئۇنى ئويىگە ئېلىپ كەتتى. ئەمدى سىنىڭ ئۇ تۇغماس قىزىڭنىڭ كىمگە كېرىگى بار؟ بارغىن، ھازىر ئۇ قانداق ئادەم بولۇپ قالغانلىغىنى ئوزى سوزلەپ بەرسۇن! ئىرى بىر لالما ئىتنى ھەيدىۋەتكەندەك ئۇنى ئويدىن قوغلاپ چىقاردى!

— نىمە بوپتۇ، ھەيدىۋېتىمەن دىسە ھەيدىۋەتسۇن! — دىدى مومىن بوۋاي مەيۇس ھالدا.

— سەنزە! سەن ئۇزەڭ قانداق ئادەم؟ ئۇزەڭنىڭ قىزى كۆتكەن يەردىن چىقمىدى، ئەمدى سەن نەۋرەڭنى تەربىيلەپ ئەمەلدار قىلماقچى بولۇۋاتامسەن؟ قوي! سەن تېخى مۇشۇ بىر نىمەڭ ئۇچۇن ئۇزەڭنى خەتەرگە ئۇرماقچى بولۇۋاتىسەن، ھەتتا قورقماستىن ئالا باشقا مىنىپ كېتىپسەن، راستلا نوچى ئىكەنسەن! باشتىلا ئۇزەڭنىڭ مەرتىۋىسىنى بىلىشىڭ، كىم بىلەن دادى - مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىڭنى ئەستە تۇتۇشۇڭ لازىم ئىدى...... ئۇ چوجىنىڭ بويىنىنى ئۇزگەندەك سېنىڭ بوينۇڭنى ئۇزۇۋېتىدۇ. سەن قاچاندىن بېرى خەق بىلەن تاكاللىشىدىغان بولۇپ كەتتىڭ؟ قاچاندىن باشلاپ مۇنداق باتۇر بولۇپ قالدىڭ؟ قىزىڭنى ئويگە قايتۇرۇپ كېلىشنى ئويلىما، خىيالىڭغىمۇ كەلتۇرمە، ئۇنى بوسۇغامىغىمۇ يېقىن يولاتمايمەن......

بالا روھسىز ھالدا ھويلىغا قاراپ ماڭدى. ئويدە مومايىنىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۇساتتىن، ئىشىك ئېچىلىپ، مومىن بوۋاي ئويدىن يۈگۈرۈپ چىقتى. بوۋاي سېيدەخمەتنىڭ ئويگە قاراپ ماڭغان ئىدى، بىراق گۇلجامال ئۇنى ئىشىك ئالدىدا كۆتۈۋالدى.

— ھازىر كىرمىگىنىڭىز ياخشى، سەل تۇرۇپ تۇرۇڭ، — دىدى گۇلجامال مومىن بوۋايغا ئاستا پىچىرلاپ. مومىن بوۋاي تەمتىرەپ تۇرۇپ قالدى، — بېكەي يىغلاۋاتىدۇ، ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ. ئاروزقۇل ئۇنى قويۇۋېتىپتۇ. ئۇ سىزنى قاغاۋاتىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى دادامنىڭ شورىدىن بولدى، دەۋاتىدۇ.

مومىن بوۋاي گەپ قىلمىدى. دەيدىغان نىمە گىپى بولاتتى؟ مانا ئەمدى ئۇز قىزىمۇ ئۇنىڭ بىلەن كورۇشۇشنى خالىمايۋاتىدۇ.

—ئاروزقۇل ھىلىمۇ ئۇيىدە ھاراق ئىچىۋاتىدۇ. يىرتقۇچ مەخلۇققا ئوخشاپ قاپتۇ، —دىدى گۇلجامال پىچىرلاپ.

گۇلجامال ھىسداشلىق قىلىپ ئۇلۇغ-كىچىك تىندى. ئۇلار خىيالغا چومدى.

—بىزنىڭ سىيدەخمەت بالدۇرراق قايتىپ كەلسە ياخشى بولاتتى. ئۇ بۇگۇن يىتىپ كىلىشى كىرەك ئىدى. ئۇ قايتىپ كەلسە ياغاچنى توشۇۋالغىلى، ھىچ بولمىغاندا ماۋۇ ئىشنى بىر ياقلىق قىلغىلى بولاتتى.

—گەپ ياغاچتىمۇ؟ —مومىن بوۋاي بىشىنى چايقىدى. ئۇ بىرئاز ئويلاندى-دە، بىر چەتتە تۇرغان نەۋرىسىنى كورۇپ، ئۇنىڭغا:

—چىقىپ ئوينىغىن! —دىدى.

بالا بىر چەتكە مىڭىپ، لاپاسقا كىردى ۋە بۇ يەرگە تىقىپ قويغان دۇربۇننى ئىلىپ سۇرتتى.

"بىزنىڭ ئىشىمىز چاتاق بولۇۋاتىدۇ، دىدى ئۇ ھەسرەتلەنگەن ھالدا دۇربۇنغا قاراپ، —بۇ، سومكا بىلەن ئىككىمىزنىڭ كاساپىتىدىن بولغان ئوخشايدۇ. بىرەر جايدا باشقا بىر مەكتەپ بولسا ياخشى بولاتتى. سومكا بىلەن ئىككىمىز بۇ يەردىن كىتىپ، ھىچكىمگە بىلدۇرمەي شۇ يەردە ئوقۇيتتۇق. بىراق بوۋامغا بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئۇ بىزنى ئىزلەپ قالىدۇ. دۇربۇن، سەنچۇ، ئاق پاراخوتنى كورۇشكە كىم بىلەن بارىسەن؟ مىنى بىلىققا ئايلىنالمايدۇ دەپ ئويلامسەن؟ قاراپ تۇر! مەن ئۇزۇپ بىرىپ ئاق پاراخوتقا چىقىمەن......"

بالا بىر ئوت دوۋىسىنىڭ ئارقىسىدا موكۇنۇپ تۇرۇپ، دۇربۇن

بىلەن ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى. ئۇ روھسىز ھالدا بىر پەس كوز سالدى. باشقا بىر چاغ بولسا، ئۇ ئىچى پۇشماستىن، چوقۇم قانغىچە كورۇۋالاتتى: كوز ۋاقتى بولۇپ، كوزگى دەل-دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان تاغلار تىك قەد كوتىرىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇستى ئاق قار بىلەن قاپلانغان، ئاستى چوغدەك تاۋلانغان ئىدى.

بالا دۇربۇنىنى قويۇپ، لاپاستىن چىقتى، بۇ چاغدا بوۋىسى بوينىغا جامبۇ سېلىنغان ۋە سورىگۇچ چېتىلغان ئاتنى ھويلىدىن يېتىلەپ چىقىپ ساي تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. بالا بوۋىسىنىڭ يېنىغا بارماقچى بولغان ئىدى، لېكىن ئاروزقۇلنىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازى ئۇنى توختىتىپ قويدى. ئاروزقۇل بەدىنىگە چىپ كەلگەن كوينەكنى كىيىپ، جۇۋىنى يېپىنچاقلاپ ئويدىن ئېتىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ، خۇددى سىيىرنىڭ تومپىيىپ چىققان يېلىنىغا ئوخشاپ كەتكەن ئىدى.

— ھوي، سەن! — دەپ مومىن بوۋايغا قاتتىق ۋاقىرىدى ئۇ، — سەن ئاتنى نەگە ئاپىرىسەن؟ ئوز جايىغا ئاپىرىپ قوي، ئاتقا تەك-كۇچى بولما! بىز سېنىڭسىزمۇ ياغاچنى توشۇۋالالايمىز. ئەمدى بۇ يەردە سېنىڭ كېرىكىڭ يوق، مەن سېنى قاراۋۇلخانىدىن بوشىتىۋەت-تىم. سەن يوقال، نەگە بارساڭ بار!

بوۋاي ئاچچىق كۇلۇپ قويۇپ، ئاتنى ئاتخانىغا ئەكىرىپ قويدى. ئۇ بىردىنلا قېرىلىق يەتكەن ۋە پاكارلاپ قالغاندەك بولدى. پۇتىنى سورەپ، ئىككى ياققا كوزمۇ سالماي ماڭدى.

بالا بوۋىسىغا ئۇۋال قىلىنغىنىغا چىداپ تۇرالماي، ئاچچىقىدا بوغۇلۇپ كەتتى. كوز يېشىنى ھېچكىمگە كورسەتمەسلىك ئۇچۇن، دەريانى ياقىلاپ يۇگۇردى. ئالدى تەرەپتىكى يول تۇماندا قالدى،

بىردەم كوزدىن غايىپ بولۇپ، بىردەمدىن كېيىن يەنە ئاياق ئاستىدا پەيدا بولدى. ئۇ يىغلاۋېتىپ يۈگۈردى. ئۇ ئىچ-ئىچىدىن ياخشى كورىدىغان تاش ئالدىغا: "تانكا"، "بورە"، "ئىگەر"، "ياتقان توگە"نىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ ئۇلارغا ھېچنىمە دېمىدى، چۈنكى بۇ تاشلار شۇ يەردە تۇرۇشتىن باشقا ھېچنىمىنى ئۇقمايتتى. ئۇ پەقەت "ياتقان توگە"نىڭ لوكىسىنى قۇچاقلاپ، گىل رەڭ گىرانىت تاشنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ، ھەسرەتلەنگەن، ئوزىنى باسالمىغان ھالدا ھوكرەپ يىغلىدى. ئۇ خېلى ئۇزاق يىغلاپ ئاستا-ئاستا تىنجىدى.

ئاخىردا، بېشىنى كوتىرىپ، كوزىنى سۈرتتى ۋە ئالدى تەرەپكە قاراپ داڭ قېتىپ قالدى.

ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا، ئۇ قاتتىكى سۇ بويىدا ئۈچ بۇغا تۇراتتى. بۇلار راست بۇغا، تىرىك بۇغا ئىدى. ئۇلار سۇ ئىچىۋاتاتتى، يەنە كېلىپ سۇغا قېنىۋالغاندەك كورۈنەتتى. بۇلاردىن بىرسى — مۈڭگۈزى ھەممىدىن يوغان، ھەممىدىن ئۇزۇن بىرسى — قايتىدىن بېشىنى سۇغا تەڭلىدى ھەمدە خۇددى ئەينەككە قارىغاندەك، تېپىز سۇدا ئوزىنىڭ مۈڭگۈزىنى كوزىتىۋاتقاندەك، بويىنىنى سوزدى. ئۇنىڭ تۈكى ئاچ قوڭۇر بولۇپ، كوكسى يوغان، تولىمۇ تېمەن ئىدى. ئۇ بېشىنى كوتەرگەندە، سۇ مونچاقلىرى ئۇنىڭ يوللۇق كەلگەن نەم تۇمشۇغىدىن سۇغا تامچىلىدى. بۇغا قۇلىغىنى مىدىرلىتىپ قويۇپ، بالىغا تىكىلىپ قاراپ قويدى.

ئۇنىڭغا ھەممىدىن كوپرەك قارىغىنى بېشىدا ئىنچىكە شاخلىق مۈڭگۈزى بار، بېقىنلىرى تولغان ئاق ئانا بۇغا بولدى. ئۇنىڭ مۈڭگۈزى سەل كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئالامەت چىرايلىق ئىدى. ئۇ مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. كوزلىرى

يوغان، ياقۇتتەك سۇزۇك بولۇپ، پۇلتىيىپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ، يىلدا بىر قۇلۇنلايدىغان، بويى كېلىشكەن بايتالغا ئوخشاپ كېتەتتى. مۇڭگۈزلۈك بۇغا ئانا گويا بۇ يوغان باش، يوغان قۇلاق بالىنى نەدە كورگەنلىگىنى ئەسلەۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا سەپ سېلىپ، جىمجىت قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كوزىدە نەمخۇش نۇر چاقناپ، يىراقتا پاقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇرنىدىن غۇۋا ھور چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا مۇڭگۈزسىز بىر بۇغىچاق بولۇپ، بۇ بۇغىچاق ساغرىسىنى تولغاپ تۇرۇپ تالنى يەۋاتاتتى. ئۇ ھېچ ئىش قىلمايتتى. مىختا ئوسكەن بولۇپ، ئويناقلاپ يۇرەتتى. تۇيۇقسىزلا، ئۇ، تالنى قويۇۋېتىپ، دىككىلداپ سەكرەپ، گەۋدىسىنى بۇغا ئانىغا سوقتى، يەنە ئەتراپتا بىر پەس سەكرەپ، بۇغا ئانىغا ئەركىلەشكە باشلىدى. مۇڭگۈزسىز بېشىنى بۇغا ئانىنىڭ قوسىقىغا سۇركىدى. مۇڭگۈزلۈك بۇغا ئانا بولسا ھېلىغىچە بالىغا كوز تىكىپ تۇرماقتا ئىدى.

بالا تىنىغىنىمۇ چىقارماي، تاشنىڭ كەينىدىن چىقتى ۋە چۇش كورۇۋاتقاندەك، قولىنى ئالدىغا سوزۇپ، دەريا بويىغا كەلدى. بۇ بۇغىلار قىلچە ئۇركمىدى، ئۇلار دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن ئۇنىڭغا جىمغىنا قاراپ تۇردى.

ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا توغرىسىغا تۇرغان كوكۇش سۇزۇك دەريا سۇيى تاشقا ئۇرۇلۇپ ئوركەشلەپ ۋە دەممۇ-دەم كوپۇك چاچرىتىپ تېز ئېقىۋاتاتتى. ئۇلارنى ئايرىپ تۇرغان بۇ دەريا بولمىسا ئىدى، بالا بەلكىم بۇغىلارغا يېقىن كېلىپ، ئۇلارنى قولى بىلەن سىلىغان بولاتتى. بۇغا توپ-توز كەتكەن، پاكىز تاشلىق ئۇستىدە ئىدى. تاشلىقنىڭ بېشىدا، كۇزگى ساي ئورمانلىرىنىڭ قويۇق ئۇچلىرى قىزىل رەڭلىك تامغا ئوخشاش كورۇنەتتى. ئىگىزرەك كەلگەن جاي

قىزغۇچ ئاق قېيىن ۋە تاغ تېرىگى ئۇسۇۋاتقان سېغىز توپىلىق تىك يار ئىدى. ئۇنىڭدىنمۇ ئىگىز يەردە بولسا كەڭ ئورمان ۋە چوققىدىكى ئاپپاق قار كۆزگە كورۇنۇپ تۇراتتى.

بالا كۆزىنى يۇمۇپ يەنە ئاستا ئاچتى. كۆز ئالدىدا يەنە شۇ مەنزىرە ئايان بولدى: قىزىل يوپۇرماقلىق ساي ئورمانلىرىنىڭ ئۇچىدىن يېقىنراق جايدا، پاك-پاكىز قۇملۇق سايدا ھىلىقى ئاجايىپ بۇغىلار يەنىلا تۇرماقتا ئىدى.

يىراق شۇ ئارىدا بۇغىلار كەينىگە بۇرۇلۇپ، قۇملۇق سايدىن بىر-بىرلەپ دەرەخلىققە قاراپ كېتىشتى. ئالدىدا چوڭ ئەركەك بۇغا، ئوتتۇرىدا مۈڭگۈزسىز بۇغىچاق، ئارقىدا مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانا ماڭدى. بۇغا ئانا بېشىنى ئارقىغا بۇراپ، بالىغا يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى. ئارقىدىن ئۇلار چاتقاللىقتىن ئوتۇپ، ساي ئورمانلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. قىزغۇچ دەرەخ شاخلىرى ئۇلارنىڭ بېشىدا ئېغاڭلاشتى، قىزغۇچ يوپۇرماقلار ئۇلارنىڭ تەكشى-سىلىق، ئەۋرىشىملىق دۈمبىسىگە توكۇلۇپ تۇردى.

كېيىن، ئۇلار چىغىر يول بىلەن يۇقىرى ئورلەپ، ئۇدۇل يارنىڭ ئۇستىگە چىقتى. ئۇ يەردە يەنە توختىدى. بۇنىڭدىن بالا يەنە بۇغا ماڭا قاراۋاتىدۇ دېگەن ھېسسىياتقا كەلدى. چوڭ ئەركەك بۇغا بوينىنى سوزۇپ، مۈڭگۈزىنى دۈمبىسىگە تىرەپ، كاناي چالغاندەك مورىدى. ئۇنىڭ تىك قىرغاقتا، دەريا ئۇستىدە ياڭرىغان ئاۋازى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئەكس سادا پەيدا قىلدى.

شۇ چاغدىلا، بالا ئېسىنى يىغدى. ئۇ كۆچىنى ئايىماي، ئۇزىگە تونۇش چىغىر يول بىلەن ئويىگە قاراپ چاپتى. ئۇ توختىماستىن

هويلىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئىشىكنى تاراققىدا ئاچتى ـ دە، ئىشىك ئالدىدا هاسىراپ تۇرۇپ توۋلىدى:

ـــ بوۋا! بۆغا كەلدى! بۆغا! ئۇلار مەشەدە!

مومىن بوۋاي ئويىنىڭ بۇلۇڭىدىن بالىغا قاراپ قويدى. بوۋاي شۇ يەردە هەسرەتلىنىپ جىمجىت ئولتۇراتتى، بالىنىڭ نىمە دىگەنلىگىنى ئۇقمىغاندەك، هىچنىمە دىمىدى.

ـــ غەلۋە قىلما! ـــ دىدى موماي بالىغا كايىپ، ـــ كەلگەن بولسا بوپتۇ، هازىر بۆغىلار بىلەن كىمنىڭ كارى!

بالا ئاستا چىقىپ كەتتى. هويلىدا بىرمۇ ئادەم كورۈنمەيتتى. كۆز قۇياشى قاراۋۇل تىغىنىڭ ۋە يىقىن ئەتراپتىكى فاتار سوزۇلغان خىرە تاقىر تاغلارنىڭ كەينىگە ئولتۇرۇپ كەتكەن ئىدى. قاقاس، تىم ـ تاس تاغلارغا ئولتۇرۇپ كىتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئوچۇق، ئىسسىغى قالمىغان ئاخىرقى نۇرى چۇشۇپ تۇراتتى. جىلۋە قىلىپ تۇرغان بۇ قىپ ـ قىزىل قۇياش نۇرى يەنە بۇ يەردىن تاغلارنىڭ كۆزگى چوق- قىسىغا يورۇق چۇشۇرۇپ تۇراتتى. كۆگۈم تۇمانى پۈتكۈل ئورمانىنى قاپلاپ كەتكەن ئىدى.

قارلىق تاغدىن دەممۇ ـ دەم كىلىۋاتقان سوغاق شامالدا بالىنىڭ تىنى جۇغۇلداپ، پۈتۈن ئەزايى تىترەشكە باشلىدى.

## (6)

بالا يوتقانغا كىرگەندىن كىيىنمۇ توڭلاپ تۇردى. هويلا قاراڭغۇ

ئىدى. بالا خېلى ۋاقىتقىچە ئۇخلىيالمىدى. بېشى لوقۇلداپ ئاغرىد- سىمۇ، لېكىن ئۇ بىرەمۇ ئىڭراپ قويمىدى. ئۇنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، كىشىلەر ئۇنى ئەستىن چىقىرىپ قويغاندەك ئىدى.

قانداقمۇ ئۇنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشمىسۇن؟

بوۋاي تامامەن گاڭگىراپ، خۇددىنى يوقىتىپ قويدى. بىردەم چىقىپ كېتەتتى، بىر ئازدىن كېيىن يەنە يېنىپ كىرەتتى، بىردەم دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ، قاتتىق ئۇلۇغ-كىچىك تىنىناتتى، بىردەمدىن كېيىن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاللىقاياقلارغا كېتەتتى. موماي مۇ زەردە بىلەن بوۋايغا قاراپ غوتۇلداپ، بىردەم ئالدىغا- بىردەم كەينىگە مېڭىپ يۈرەتتى، ھويلىغا چىقىپ كېتىپ يەنە قايتىپ كىرەتتى. ھويلىدا تۇرۇپ-تۇرۇپ گەپلەشكەن تۇتۇق ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالاتتى. گۇسۇلدەپ ئىتتىك ماڭغان ئاياق تىۋىشى چىقىپ تۇراتتى، يەنە كىمدۇ بىرىنىڭ تىل-ھاقارەتلىرىمۇ ئاڭلىناتتى. ئېھتىمال، ئاروزقۇل يەنە ئادەم تىللاۋاتقان بولسا كېرەك. كىمدۇ بىرى ئۆك- سۈپ يىغلاۋاتماقتا......

بالا تىپ-تىنچ ياتاتتى. بۇ ئاۋازلار ۋە دۈپۈرلىگەن ئاياق تىۋىشلىرى سەۋىيىدىن، ئۆيدە ۋە ھويلىدا يۈز بەرگەن ئىشلار سەۋەبىدىن ئۇ بارغانسېرى ھارغىنلىق ھىس قىلدى.

ئوزىنىڭ ئەستىن چىقىرىپ قويۇلغانلىقىدەك غېرىپلىق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇ كوزىنى يۇموپ، بۇگۈن بولغان ۋەقەنى ئەس- لىدى. ئۇ چوڭ دەريانىڭ بويىدا تۇراتتى. تېز ئېقىۋاتقان سۇغا ئۇزاق قاراپ بېشى قايدى. نېرىقى قىرغاقتا بۇغا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرماقتا، ئۇ تۇنۇگۈن كورگەن ھىلىقى ئۇچ بۇغا ھازىر يەنە شۇ

يەردە تۇراتتى. ھەممە نەرسە يەنە قايتىدىن پەيدا بولدى. چوڭ ئەركەك بۇغا سۇدىن بېشىنى كوتەرگەندە ئۇنىڭ نەم تۇمشۇغىدىن يەنە شۇ سۇ مۇنچاقلىرى تېپىز سۇغا تېمىپ چۇشتى. مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانا بولسا يەنىلا مۇلايىم، زېرەك كوزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كوزلىرى تولىمۇ يوغان، قاپ-قارا بولۇپ، نەمخۇش ۋە نۇرلۇق ئىدى. مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانىنىڭ ئادەمگە ئوخشاش ئۇھ تارتقانلىغىغا بالا بەك ھەيران بولدى، بۇغا ئۇنىڭ بوۋىسىغا ئوخشاش غەمكىن، مەيۇس ئىدى. كېيىن، بۇغىلار يەنە ساي ئورمانلىغىدىكى چاتقاللىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. قىزغۇچ دەرەخ شاخلىرى ئۇلارنىڭ بېشىدا ئىغاڭلايتتى، قىزغۇچ يوپۇرماقلىرى ئۇلارنىڭ تەكشى-سىلىق، ئەۋرىشىم دۇمبىسىگە توكۇلەتتى. ئۇلارنىڭ قىرغاقتا چىقىپ شۇ يەردە توختىدى. چوڭ ئەركەك بۇغا بوينىنى سوزۇپ، مۇڭگۇزىنى دۇمبىسىگە تىرەپ، كاناي چالغاندەك، مورەشكە باشلىدى. ئۇ چوڭ ئەركەك بۇغىنىڭ ئاۋازىنىڭ دەريا ئۇستىدە ياڭراپ ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئەكس سادا پەيدا قىلغانلىغىنى خىيالىغا كەلتۇرۇپ، ئىچىدە كۇلۇپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن. بۇ بۇغىلار ئورمان ئىچىدە غايىپ بولدى. ئۇنىڭ ئۇلاردىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەچكە، كورمەكچى بولغان ئىشلارنى خىيال قىلىشقا باشلىدى.

تېز ئاقىدىغان بىر چوڭ دەريا قايتىدىن ئۇنىڭ كوز ئالدىدا ئىنتىلىپ ئېقىپ ئوتمەكتە ئىدى. سۇنىڭ تېز ئېقىشىدىن بېشى قېيىپ كەتتى. ئۇ سەكرەپ دەريادىن ئوتتى. سىلىق، ئاستا چۇشۇپ، بۇغىلارنىڭ قېشىغا كەلدى. بۇغىلار يەنىلا سايدا تۇراتتى. مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانا ئۇنى يېنىغا قىچقاردى:

— سەن كىمنىڭ بالىسى؟

بالا بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىشكە خىجىل بولۇپ گەپ قىلمىدى.

— مۈكچۈزلۈك بۇغا ئانا، بوۋام بىلەن ئىككىمىز سىزنى بەك ياخشى كۆرىمىز. بىز بۇرۇنلا سىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدۇق، — دېدى بالا.

— مەن سېنى بىلمەن، بوۋاڭنىمۇ بىلمەن. ئۇ ياخشى ئادەم، — دېدى مۈكچۈزلۈك بۇغا ئانا.

بالا خۇش بولۇپ كەتتى، ئەمما بۇغىغا نىمە دەپ رەخمەت ئېيتىشنى بىلمەي قالدى.

— سىزچە، مەن بېلىق بولۇپ ئىسسىق كول ئارقىلىق ئاق پاراخوتنىڭ يېنىغا بارسام بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ بىردىنلا.

بۇ ئىش ئۇنىڭ قولىدىن كېلەتتى، ئەمما مۈكچۈزلۈك بۇغا ئانا ھېچنىمە دەپ جاۋاپ قايتۇرمىدى. شۇڭا ئۇ كىيىمىنى سېلىشقا باشلىدى ۋە ياز كۈنلىرىدىكىدەك، تۇگۇلۇپ ۋە قىرغاقتىكى تاللارنى تۇتۇپ تۇرۇپ سۇغا شۇڭغۇپ كىردى. بىراق، سۇ مۇزدەك سوغاق بولماي، بەلكى ئادەم دېمىقىپ قالغۇدەك دەرىجىدە ئىسسىق، قىزىق ئىدى. ئۇ كوزىنى ئېچىپ سۇ تېگىدە ئۈزۈشكە باشلىدى، سان- ساناقسىز سېرىق قۇملار، سۇ تېگىدىكى ئۇششاق تاشلار ئەتراپتا چوگىلەپ يۈرۈشەتتى. ئۇنىڭ دېمى سىقىلىشقا باشلىدى، ئىسسىق سۇ ئۇنى تارتىپ، سورەپ كېتىۋاتاتتى.

— ماڭا ياردەم قىل، مۈكچۈزلۈك بۇغا ئانا، مېنى قۇتقاز مۈكچۈز- لۈك بۇغا ئانا، مەنمۇ سېنىڭ بالاڭغۇ؟ — دەپ ئۇنلۇك ۋاقىرىۋەتتى.

مۈكچۈزلۈك بۇغا ئانا ئاۋازنى ئاڭلاپ، قىرغاقنى ياقىلاپ يۈگۈرۈپ كەلدى. ناھايىتى تېز يۈگۈرگەنلىكتىن، شامالدا ئۇنىڭ مۈكچۈزى

ئۇستىدىن ھۇۋۇلدىغان ئاۋاز چىقىپ كەتتى.

بالا يوتقاننى ئۇستىدىن ئىچۇەتتى-دە، دەرھال يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى تەرلىگەن ئىدى، ئۇنداق ئەھۋالدا بوۋىسىنىڭ ئۇزىنى يوتقانغا چىڭ يوگەپ قويمىدىغانلىقىنى ئىسگە ئېلىپ، يوتقاننى يەنە يېپىنىۋالدى. ئۆيدە بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. چىراقنىڭ پىلىگى كويۈپ تۈگىگەچكە، يورۇغى خىرەلىشىپ قالغان ئىدى. بالا ئورنىدىن تۇرۇپ سۇ ئىچمەكچى بولغاندا، ھويلىدىن يەنە قاتتىق سوزلەشكەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بىرسى ۋاقىرىماقتا، بىرسى يىغلىماقتا. بىرسى بەزلىمەكتە ئىدى. ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازى، ئاياق تاۋۇشى قۇلاقتىن كەتمىدى. ئارقىدىنلا دەرىزە تۈۋىدىن ئىككى ئادەم دات-پەريات كوتىرىپ، ۋاقىراپ ئۆتتى، ئۇلارنىڭ بىرسى يەنە بىرسىنى سورەۋاتقاندەك ئىدى. ئىشىك جالاققىدە قىلىپ ئېچىلدى، ئەسەبىلەشكەن موماي قاتتىق ھاسىراپ تۇرۇپ، مومىن بوۋاينى ئىتتىرىپ ئۆيگە كىرگۈزدى. بالا بوۋىسىنى ھېچقاچان بۇنداق قورقۇش ھالىتىدە كورمىگەن ئىدى. ئۇ ئەس-ھۇشىنى يوقىتىپ قويغاندەك كورۇنەتتى. بوۋىسىنىڭ كوزى ئالاق-جالاق بولۇپ كەتكەن ئىدى. مومىسى ئۇنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ ئولتۇرغۇزدى.

— ئولتۇر، جۇۋاينىمەك قېرى. خەق سېنى چاقىرمىغاندىن كېيىن. كىرمەي قوي. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇنداق ئىشلار بىرىنچى قېتىم بولغانمۇ؟ ھەممە ئىش ئۇڭشىلىپ قالسۇن دەيدىغان بولساڭ، ئۇلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. مەن نىمە قىل دىسەم شۇنى قىل. ئاڭلىدىڭمۇ؟ بولمىسا، ئۇ بىزنى ھەيدىۋېتىدۇ، ئۇقامسەن. ئۇ بىزنى بۇ دۇنيادا ياشىغىلى قويمايدۇ! بىز ياشىنىپ قالدۇق، بارىدىغان

يېرىمىز بارمۇ؟ نەگە بارىمىز؟

سوزى تۈگىگەندىن كېيىن، مومىسى ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ قويۇپ، ئالدىراپ-سالدىراپ چىقىپ كەتتى.

ئۆيدە يەنە جىمجىتلىق باشلاندى. بوۋىسىنىڭ ئارىلاپ-ئارىلاپ بوغۇلۇپ ھاسىرىغان تىنىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئوچاقنىڭ يېنىدىكى تاختايدا، تىترەك قوللىرى بىلەن بېشىنى چىڭ تۇتۇپ ئولتۇراتتى. بىردىنلا يۈكۈنۈپ، ئىككى قولىنى كوتىرىپ، كىمدۇ بىرسىگە ئىلتىجا قىلىشقا باشلىدى:

"مېنى ئېلىپ كەتكىن، مەن بىتەلەيىنى ئوز دەرگاھىڭغا ئېلىپ كەتكىن! بېكەيگە بىر پەرزەنت ئاتا قىلغىن! ئەمدى ئۇنى كورۇشكە تاقىتىم قالمىدى. ئۇنىڭغا بىرەر يالغۇز پەرزەنت بەرسەڭمۇ مەيلى، بىزگە رەھىم-شەپقەت قىلغىن......"

بوۋىسى يىغلاۋېتىپ، ئىغاڭلاپ ئورنىدىن تۇردى-دە، تامنى سىپاپ يۈرۈپ ئىشىكنى تاپتى. ئۇ سىرتقا چىققاندىن كېيىن ئىشىكنى يېپىپ قويدى. شۇ يەردە، ئىشىكنىڭ كەينىدە قولى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ، ئۈن چىقارماي ئاچچىق يىغلىدى.

بالىنىڭ كوڭلى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ يەنە توڭغاندەك بولدى. بىر دەم قىزىپ، بىر دەم سوۋۇپ تۇردى. ئورنىدىن تۇرۇپ بوۋىسىنىڭ يېنىغا بارماقچى بولغان ئىدى. بىراق پۇت-قولى قولاشماي قالدى، بېشى قاتتىق ئاغرىغىلى تۇردى. بوۋاي ئىشىكنىڭ كەينىدە يىغلاۋاتاتتى. مەس بولۇۋالغان ئاروزقۇل ھويلىدا يەنە ئاچچىقلاپ چىچىلىشقا باشلىدى، بېكەي ھاماچا پەريات كوتىرىپ چىقىرىماقتا، گۈلجامال بىلەن كەمپىر بىر چەتتە تۇرۇپ تەسەللى بەرمەكتە ئىدى.

بالا يەنە ئۇلاردىن چەتنەپ، ئۆز خىيالىدىكى ئالەمگە كىرىپ كەتتى.

ئۇ يەنە سۇيى ئالامەت تېز ئېقىۋاتقان دەريانىڭ بويىغا كېلىپ تۇردى، ئۇ قاتتا، سايدا يەنە شۇ بۇغىلار تۇراتتى. شۇڭا ئۇ: "مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانا، مۈڭگۈزىڭىزدە بېكەي ھاماچامغا بىر بوشۇك ئالغاچ كېلىڭ. سىزدىن تىلەي، ئۇلارغا بىر بوشۇك ئالغاچ كېلىڭ. ئۇلار بىر پەرزەنت كورسۇن!" دەپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى. ئۇ مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ سۇ ئۇستىدىن مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانا تەرەپكە ماڭ-دى. ئۇ سۇغا چوكۇپ كەتمىدى. ئۇ قاتتىقمۇ يېقىنلىشالمىدى، گويا ئوز جايىدا يۈگۈرۈۋاتقاندەك ئىدى. يەنە تىنماي دۇئا قىلىپ: "مۈڭ-گۈزىڭىزدە ئۇلارغا بىر بوشۇك ئالغاچ كېلىڭ! ساۋاپ بولار، بوۋام يىغلىمىسۇن، ئاروزقۇل تاغام بېكەي ھاماچامنى ئۇرمىسۇن. ئۇلارغا بىر بالا ئاتا قىلىڭ! مەن ھەممە ئادەمنى سۆيىمەن، ئاروزقۇل تاغامنىمۇ سۆيىمەن، سىزدىن تىلەي، ئۇلار بالا يۈزى كورسۇن. مۈڭگۈزىڭىزدە ئۇلارغا بىر بوشۇك ئالغاچ كېلىڭ......" دەپ مۈڭگۈز-لۈك بۇغا ئانىغا ئىلتىجا قىلدى.

شۇ چاغدا، بالا يىراقتا جاراڭلىغان قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىغان-دەك بولدى. قوڭغۇراق ئاۋازى بارغانسېرى ئوچۇق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇغا ئانا تاغ ئىچىدە يۈگۈرۈپ، مۈڭگۈزىدە بىر بوشۇك-نى — ئاق قېيىن ياغىچىدىن ياسالغان، قوڭغۇراقلىق بوشۇكنى كوتىرىپ كەلمەكتە. بوشۇكتىكى قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى ئەتراپتا ياڭرىماقتا. مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانا ئۇچقاندەك يۈگۈرمەكتە. قوڭغۇراق-نىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كەلدى.

ئەمما بۇ نىمىنىڭ ئاۋازىدۇ؟ يىراقتا ماتورنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى

بىلەن قوڭغۇراق ئاۋازى قوشۇلۇپ كەتتى. ئاللاقەيەردىن بىر يۈك ئاپتوموبىلى ئۆتتى. ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئوچۇق ئاڭلىنىشقا باشلىدى، قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى بولسا بارا-بارا ئاجىزلىشىپ، ئارىلاپ-ئارىلاپ ئاڭلىنىپ قويۇپ، ماتور ئاۋازى ئىچىدە تېزلا تامامەن يوقاپ كەتتى.

بالا ئېغىر ئاپتوموبىل ھويلىغا يېقىنلاشقاندا تومۇر تاختىنىڭ جالاقلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئىت ھاۋشۇپ ھويلىنىڭ سىرتىغا ئېتىلىپ چىقتى. ماشىنا چىرىغىنىڭ ئەكس نۇرى دەرىزىگە چۈشتىيۇ، ئەمما تېزلا ئۆچۈپ قالدى. ماتورمۇ توختىدى. كېبىنكىنىڭ ئىشكى جالاقىدە قىلىپ قالدى. ئاۋازدىن پەرەز قىلغاندا، كەلگەنلەر ئۈچ كىشى ئىدى، ئۇلار ئۆزئارا پاراڭلاشقاچ، بالا ياتقان ئۆينىڭ دەرىزىسى يېنىدىن ئۆتتۇشتى.

— سېيدەخمەت كەلدى! — بىردىنلا گۈلجامالنىڭ خۇشال ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇنىڭ ئالدىراپ ئېرى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، — ساقلاپ ھالىمىز قالمىدى.

— ئامانمۇ سىز! — بىرنەچچە ناتونۇش ئادەم ئۇنىڭدىن ئامانلىق سورىدى.

— قانداقراق تۇردىڭلار؟ — دەپ سورىدى سېيدەخمەت.

— يامان ئەمەس. ئەپلەپ-سەپلەپ كۈننى ئۆتكۈزدۇق. نېمىشقا بۇنداق كەچ كەلدىڭ؟

— بۇنىڭغىمۇ شۈكرى قىلىشىڭ كېرەك. مەن سوۋخوزغا بېرىپ، يولدىن ئۆتىدىغان ماشىنا چىقىپ قالارمىكىن دەپ ئۇزاق تۇرۇپ قالدىم، جىلېسايغا بارىدىغان ماشىنىمۇ كەلمىدى. تەلىيىمگە يارىشا، بۇلارغا يولۇقتۇم، بۇلار بۇ يەرگە ياغاچقا كەلمەكچى ئىكەن، —

دىدى سېيدەخمەت، ــ جىلغىنىڭ ئىچى قاراڭغۇ، يولنى ئوزەڭ بىلىسەن......

ــ ئاروزقۇل قېنى؟ ئويدە بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى كەلگەنلەردىن بىرى.

ــ ئويدە بار، ــ دەپ ئىككىلىنىپ جاۋاپ بەردى گۈلجامال، ــ سەل ساقسىز بولۇپ قالدى. بىراق ئەندىشە قىلماڭلار. بىزنىڭ بۇ يەردە قونۇپ قېلىشىڭلار، ئورۇن بار، يۈرۈڭلار!

ئۇلار قوزغالدى. لېكىن بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ توختاپ قېلىشتى.

ــ ئامانمۇ سىز، چوڭ دادا. ئامانمۇ سىز، چوڭ ئانا!

كەلگەن كىشىلەر مومىن بوۋاي بىلەن مومايدىن ئامانلىق سورىدى. بوۋاي بىلەن مومايمۇ ئۇلارنى خۇددى مېھماننى كۈتۈۋالغان چاغدىكىدەك تەكەللۇپ بىلەن ھويلىدا كۈتۈۋالدى. ئېھتىمال، ئاروزقۇلمۇ ئانچە-مۇنچە تەكەللۇپ قىلار؟ ئورنىمۇ، باشقىلارنىمۇ يەرگە قارىتىپ قويماس.

بالا بىرئاز تىنجىدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ سەل كۆڭلى ئېچىلىپ قالدى. باش ئاغرىقىمۇ پەسەيدى، ئۇ ھەتتا: ئورۇندىن تۇرۇپ چىقىپ ماشىنىنى كورۇپ باقايمۇ؟ بۇ ماشىنا قانداقراقكىن، 4 چاقلىقمىدۇ، ياكى 6 چاقلىقمىدۇ؟ كونىمىدۇ، ياكى يېڭىمىدۇ؟ چېتىق كوزۇپ قانداق بولىدىكىنا؟ دەپ ئويلىنىپ قالدى. بۇ يىل ئەتىيازدا، بىر كۈنى، ئۇلارنىڭ ئورمان قاراۋۇلخانىسىغا ئىگىز بالۇنلۇق بىر ھەربىي قارا ماشىنا كەلگەن ئىدى، ئۇنىڭ تۇمشۇغى كېسىپ تاشلىغاندەك كالتە ئىدى. ياش ئەسكەر شوپۇر بالىنى كابىنكىدا ئولتۇرغۇزغان ئىدى، نىمىدىگەن پەيزى! ھىلىقى سېرىق

پاگون تاقىغان ھەربى ئادەم ئاروزقۇل بىلەن بىللە ئۇرمانلىقتا كەتتى.
بۇ نىمە ئىش؟ ھېچقاچان بۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغان ئىدى.

— سىلەر نىمە قىلىسىلەر، جاسۇس تۇتامسىلەر؟ — بالا كۈلۈپ تۇرۇپ ئەسكەر شوپۇردىن سورىدى.

— ھەئە. جاسۇس تۇتىمىز.

— بىزنىڭ بۇ يەرگە بىرەرمۇ جاسۇس كىلىپ باقمىغان، — دىدى ئۇ ئەپسۇسلىنىپ.

ئەسكەر كۈلۈپ كەتتى:

— بۇ ئىشنىڭ سىنىڭ بىلەن نىمە ئالاقىسى بار؟

— ئۇنى قوغلاپ تۇتىمەن.

— پاھ، يارايسەن. بىراق سەن تېخى كىچىك. چوڭ بولغىن، جۇمۇ!

سېرىق پاگون تاقىغان ھەربى ئادەم ئاروزقۇل بىلەن بىللە ئۇرمانلىقتا يۈرگەندە، بالا بىلەن شوپۇر پاراڭغا چۈشتى.

— مەن جىمى ماشىنا ۋە ھەممە شوپۇرنى ياخشى كۆرىمەن، — دىدى بالا.

— نىمىشقا؟ — دەپ قىزىقسىنىپ سورىدى ئەسكەر.

— ماشىنا دىگەن ياخشى. كۈچلۈك كىلىدۇ، تېز ماڭىدۇ. ماشىنىلاردىن خۇشبۇي بېنزىن پۇرىغى چىقىپ تۇرىدۇ. شوپۇرلارنىڭ ھەممىسى ياش، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانىنىڭ باللىرى.

— نىمە؟ نىمە دىدىڭ؟ — ئەسكەر ئۇقالماي قالدى، — مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانا دىدىڭما؟

— سەن تېخى بىلمەمسەن؟

— ياق، بۇنداق غەلىتە گەپنى ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغانمەن.
— سەن نەلىك؟
— مەن قاراغاندالىق، ئۆزەم قازاق. كانچىلىق مەكتىۋىدە ئوقۇغان.
— ياق، سەن كىمنىڭ بالىسى؟
— ئاتا-ئاتامنىڭ بالىسى.
— ئۇلار كىمنىڭ بالىسى؟
— ئۇلارمۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ بالىسى.
— ئۇلارچۇ؟
— قارا، بۇنداق سوراۋەرسەڭ گەپ تۈگىمەيدۇ.
— مەن بولسام مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانىنىڭ بالىلىرىنىڭ بالىسى.
— بۇ گەپنى ساڭا كىم ئېيتتى؟
— بوۋام.
— قاملاشمىغان گەپ، — دەپ ئەسكەر گۇمانلىنىپ بېشىنى چايقىدى.

بۇ يوغان باش، سالپاڭ قۇلاق بالىغا، مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانىنىڭ بالىلىرىنىڭ بالىسىغا ئەسكەر قىزىقىپ قالدى. ئەمما، ئەسكەر بىرئاز ئوڭايسىزلىنىپ قالدى، ئۇرۇق-جەمەتلىرىنىڭ تېگى-تەكتىنىلا بىلمەي قالماستىن، ھەتتا يەتتە ئەجدادىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ھىس قىلدى. ئۇ پەقەت دادىسى، چوڭ دادىسى، چوڭ بوۋىسىنىلا بىلەتتى، ئۇنىڭ نېرىسىنىچۇ؟......

— يەتتە ئەجداتنىڭ نامىنى ئەستە تۇتۇشنى كىشىلەر ساڭا ئۆگەتمىگەنمۇ؟

— ئۆگەتمىگەن. بۇنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ بىلمىسەممۇ مەن

ھېچنېمە بولمىدىم مەن ئۇبدان ئوتتۇۋاتىمەن.

— بوۋامنىڭ ئېيتىشىچە، ئەگەر كىشىلەر ئاتا-بوۋىسىنى ئەستە ساقلىمايدىغان بولسا، ئۇلار بۇزۇلۇپ كېتىدىكەن.

— كىم بۇزۇلۇپ كېتىدىكەن؟ كىشىلەرما؟

— ھەئە.

— نېمىشقا؟

— بوۋامنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ چاغدا، يامان ئىش قىلغانلىقىدىن ئۇيۇلىدىغان ئادەم چىقمايدىكەن، چۈنكى باللار ۋە باللارنىڭ بالىسى بەرىبىر ئۇلارنى ئەسلىيەلمەيدىكەن. ياخشى ئىش قىلىدىغان ئادەملەرمۇ بولمايدىكەن، چۈنكى باللىرىمۇ بۇنى بەرىبىر بىلمەيدىكەن.

— سېنىڭ بوۋاڭزە! — دېدى ئەسكەر راستلا ھەيران بولۇپ، — تازا قىزىق بوۋاي ئىكەن، ھەر خىل قاملاشمىغان نېمىلەرنى كاللاڭغا قاچىلاپ قويۇپتۇ. سېنىڭ بېشىڭ بەك يوغان ئەمەسمۇ..... قۇلىقىڭمۇ شۇنداق. قارىغا ئېتىش مەيدانىمىزدىكى ئورۇن بەلگىلىگۈچكە ئوخشايدۇ! بوۋاڭنىڭ گېپىگە قۇلاق سالما. بىز كوممۇنىزىمغا بار-ماقچى، ئالەم بوشلۇقىغا چىقماقچى بولۇۋاتساق، ئۇ ساڭا نېمىلەرنى ئۆگىتىۋېتىپتۇ؟ ئەڭ ياخشىسى، ئۇ بىزنىڭ سىياسى دەرسىمىزگە كەلسۇن، بىز ئۇنى تېزلا ئۆزگەرتىۋالىمىز. سەن چوڭ بولغاندا ئوبدان ئوقۇغىن، بوۋاڭدىن ئايرىلىپ كەتكىن. جۇمۇ! ئۇ نادان، مەدەنىيەتسىز ئادەم ئىكەن.

— ياق، مەن ھەرگىز بوۋامدىن ئايرىلمايمەن، — دېدى بالا رەددىيە بېرىپ، — ئۇ ياخشى ئادەم.

— بوپتۇ، ھازىر شۇنداق دەپ تۇر. كېيىن بىلىپ قالىسەن.

ئەمدى، بالا سوزنى تىڭشاۋېتىپ، ئاشۇ ھەربى ماشىنىنى يادىغا كەلتۈردى، شۇ چاغدا ئەسكەرگە بۇ يەردىكى شوپۇرلارنىڭ، ھېچ بولمىغاندا، ئۆزى بىلىدىغان شوپۇرلارنىڭ ھەممىسى نىمىشقا مۇڭگۈز-لۈك بۇغا ئاننىڭ باللىرى ھىساپلىنىدىغانلىغىنى ئوبدان چۈشەندۈ-رەلمىگەن ئىدى.

بالىنىڭ ئۇنىڭغا ئېيتقىنى راست گەپ ئىدى. ئۇنىڭ گېپىدە ھىچقانداق ياسالمىلىق يوق ئىدى. بولتۇرمۇ كۈزدە ياكى ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك ۋاقىتتا، سوۋخوزنىڭ ماشىنىلىرى تاغ ئىچىگە ئوت توشۇشقا كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئورمان قاراۋۇلخانىسىدىن ئوتمەي، ئۇنىڭدىن يىراقراق جايدىن بۇرۇلۇپ، ئارچا جىلغىسىغا بارىدىغان يولنى بويلاپ ئۇدۇل كوتىرىلىپ بىر جايغا يېتىپ باردى، ئۇ يەردە كۈزدە سوۋخوزغا توشۇش ئۈچۈن يازدا ئورۇپ قويۇلغان ئوت-چوپ بار ئىدى. قاراۋۇل تېغىدا ھىچقاچان ماتورنىڭ مۇنداق گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ باقمىغان ئىدى، بالا ئاۋازنى ئاڭلاپ ئالدىراشلىق بىلەن ئاچا يولغا قاراپ چاپتى. پاھ، بۇ نىمىدىگەن جىق ماشىنا! ماشىنلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېتىۋاتقان بولۇپ، توپ-توغرا بىر كالوننا ئىدى! ئۇ ساناپ باقسا، جەمى 15 ئىكەن.

ھاۋا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ۋاقىت بولغاچقا، ھە دىگەنىدىلا قار چۈشۈشى مۇمكىن ئىدى، ئۇ چاغدا "خەير-خوش قۇرۇق ئوت، كېلەر يىلى كورۇشەيلى" دىمەكتىن باشقا ئامال قالمايتتى. بۇنداق جايدا قۇرۇق ئوت ئۇز ۋاقتىدا توشۇپ كېتىلمىسە، كېيىن يول ئېتىلىپ قالاتتى. ماڭغىلى بولماي قالاتتى. ھازىر سوۋخوزنىڭ ھەر خىل ئىشلار بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپ ۋاقىت قىس بولۇپ قالغانلىقتىن ھەننىۋا ماشىنىنى ئىشقا سېلىپ، ئورۇپ قويۇلغان ئوت-چوپىنى بىر

يولىلا توشۇپ كەتمەكچى بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. لېكىن ئىش بۇنداق ئاسان ئەمەس ئىدى......

بالا بۇلارنى بىلمەيتتى، راستىنى ئېيتقاندا، بۇنىڭ ئۇنىڭ بىلەن نىمە ئالاقىسى بولسۇن؟ ئۇ ئالدىراپ-تېنەپ، خوشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتمىغان هالدا بىر ماشىنىغا قاراپ چاپتى، ئۇنىڭ بىلەن بىر مەهەل بىللە چاپقاندىن كېيىن يەنە بىرىنى كۇتۇۋالدى. ماشىنىلارنىڭ هەممىسى يېڭى بولۇپ، چىرايلىق كابىنكىسى ۋە چوڭ ئەينىگى بار ئىدى. كابىنكىدا ياش شوپۇرلار ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ هەممىسى ساقال-بۇرۇتى چىقمىغان ياشلار ئىدى. بەزى كابىنكىلاردا ئىككى يىگىت بار بولۇپ، ئۇلار قۇرۇق ئوتنى دوۋد-لەشكە ۋە باغلاشقا كەلگەن ئىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ هەممىسى بالىغا چىرايلىق، قالتىس ۋە خوشال كورۇنەتتى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بالا خاتا ئويلىمىغان ئىدى. ئىشمۇ هەقىقە-تەن شۇنداق ئىدى. يىگىتلەرنىڭ ماشىنىلىرى ياخشى ئىدى، ماشى-نىلار قېتىپ كەتكەن شېغىللىق يولنى بويلاپ تېز چېپىپ، قاراۋۇل تېغىنىڭ قاپتىلىدىن ئوتتى. يىگىتلەرنىڭ كەيپىياتى ناهايىتى ياخشى ئىدى، — هاۋا يامان ئەمەس ئىدى، بۇ يەردە قەيەردىندۇ بىر يەردىن كەلگەن سالپاڭ قۇلاق، يوغان باش، كىيىملىرى جۇل-جۇل بىر بالا هەر بىر ماشىنىنى كۇتۇۋالاتتى، ئۇ خوشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي قالغاندەك ئىدى. ئۇلارنىڭ قانداقمۇ ئۇنىڭدىن كۇل-گۇسى، ئۇنىڭغا قول پۇلاڭلاتقۇسى كەلمسۇن، يەنە قانداقمۇ ئۇنى چاقچاق قىلىپ قورقۇتقۇسى، ئۇنى تېخىمۇ خوش قىلغۇسى، تېخىمۇ شوخلۇق قىلدۇرغۇسى كەلمسۇن!......

ئەڭ ئارقىدىكى بىر ماشىنا هەتتا توختىدى. ماتىروس كىيىمى

كىيگەن، لېكىن پاگون تاقىمىغان، ھەربىچە شەپكە كىيمەي، چەسىنچە شەپكە كىيگەن بىر يىگىت كابىنكىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ شوپۇر ئىدى.

— ياخشىمۇ سەن، بۇ يەردە نىمە قىلىپ يۈرىسەن؟— دىدى ئۇ بالىغا قاراپ سەمىمى ھالدا كوزىنى قىسىپ قويۇپ.

— ئوزەمچە ئويناپ يۈردۈم، — دەپ جاۋاپ بەردى بالا ئازا تارتقان ھالدا.

— سەن مومىن بوۋاينىڭ نەۋرىسىغۇ دەيمەن؟

— ھەئە.

— مەن بىلىۋاپتىمەن، بىلىپ قوي، مەنمۇ بۇغا ئەۋلادى، بۇ يەرگە كەلگەن يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى بۇغا ئەۋلاتلىرى. بىز ئوت توشۇغىلى كېتىۋاتىمىز. ھەي يىي، ھازىرقى بۇغا ئەۋلاتلىرى تارقىلىپ كەتتى، بىر بىرىنى تونۇمايدىغان بولۇپ قالدى..... بوۋاڭغا سالام ئېيتقىن! ئۇنىڭغا قۇلىبكىنى، چات باينىڭ ئوغلى قۇلىبكىنى كوردۇم؛ قۇلىبك ھەربىدىن قايتىپ كەپتۇ، ھازىر سوۋخوزدا شوپۇرلۇق قىلىۋېتىپتۇ دەپ ئېيتىپ قويغىن. بولدى، خەير! — دىدى ۋە مېڭىش ئالدىدا بالىغا ھەربىلەرنىڭ بىر ئىزنىگىنى بەردى. ئىزناك ناھايىتى چىراي-لىق بولۇپ، ئوردىنغا ئوخشايتتى.

ماشىنا يىلپىزدەك بىر ھوكىرىدى-دە، ئوز قوشۇنىنى ئۇچقاندەك قوغلاپ كەتتى. بالا ماتىروس كىيىمى كىيگەن بۇ سەمىمى، سالاپەت-لىك يىگىت بىلەن، بۇغا ئەۋلادى بولغان بۇ قېرىنددىشى بىلەن بىللە بېرىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى-ھە! بىراق يولدا ھېچكىم قالمىغان ئىدى، ئۇ ئويگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئويگە مەغرۇر ھالدا قايتىپ كېلىپ، بوۋىسىغا شوپۇرنى كورگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ

ئىزناكنى مەيدىسىگە قادىۋالغان ئىدى.

شۇ كۈنى زاۋال ۋاقتىغا ئاز قالغاندا، ئاسماندا تاقاشقان تاغ تەرەپتىن تۇيۇقسىز سان - تاش بورىنى چىقىپ، شىۋىرغان بولۇپ كەتتى. ئورمانلىقنىڭ ئۈستىدە يوپۇرماقلار ئۇچۇپ، بارغانسېرى ئىگىزگە ئورلەپ، شار - شۇر قىلىپ تاغلارنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئوتتى. هايت - هۇيت دېگىچە هاۋا مۇشۇنداق بۇزۇلۇپ، كوزنىمۇ ئاچقىلى بولماي قالدى. بىردەمدىلا قار يېغىپ. كەڭ زىمىن ئاپپاقچىلىق بولۇپ كەتتى، ئورمان ئىغاڭلايتتى، دەريا سۇيى چايقىلاتتى، شىۋىر - غان شىددەت بىلەن ئۇراتتى.

كىشلەر مالىلارنى مىڭ تەسلىكتە قوتانىغا سولاپ هويلىدىكى نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ، قۇرۇق ئوتۇننى ئىمكان قەدەر ئويلىرىگە جىقراق توشۇۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن هەتتا بېشىنىمۇ ئويىنىڭ سىرتىغا چىقارمىدى. بۇنداق قورقۇنچلۇق شىۋىرغاندا بارغۇدەك هېچقانداق يەر يوق ئىدى.

— نېمە بولۇپ كەتتى؟ — دېدى مومىن بوۋاي مەشكە ئوت قالاۋېتىپ گاڭگىرىغان ۋە دەككە - دۈككىگە چۈشكەن هالدا. ئۇ هە دېگەندىلا دەرىزىنىڭ يېنىغا بېرىپ بورانىنىڭ گۈكىرىگەن ئاۋازىغا قۇلاق سالاتتى. سىرتتا، پايانسىز قار تېزلىكتە قويۇقلىماقتا ئىدى.

— ئولتۇرساڭچۇ، — دېدى موماي كوتۇلداپ، — بۇنداق ئىش بىرىنچى قېتىم بولۇۋاتامتى؟ نېمە بولۇپ كەتتى، نېمە بولۇپ كەتتى دەۋەرگىنىنى، — دېدى موماي ئۇنى دوراپ، — قىش كەلگەنلىكى ئۇچۇن - دە!

— بۇ بەك تېز بولۇپ كەتتى، بىر كۈندىلا......

— نىمىشقا بولمايدىكەن؟ سەندىن سوراپ ئاندىن بولامتى-يا؟ قىش كېلىدىغان بولغاندىكىن، كەلدى-دە!

مورا گۇرۇلدەيتتى. بالا دەسلەپتە قورقۇشقا باشلىدى، ئۇ بۇۋىسىغا ئۇي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىۋاتقاندا توڭلاپ قالايلا دىگەن ئىدى، لېكىن تېزلا ئوت قالىنىپ، ئۆي ئىسسىپ كەتتى، مەشتىن قىزىپ كەتكەن دېۋرقاي ۋە قارىغاي ئىسىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى، بالا خاتىرجەم بولۇپ، ئوت سۇنۇشقا باشلىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن كەچلىك تاماق يېيىشتى. كېيىن ئۇخلاشقا ياتتى. هويلىدا قار ئۇچۇپ، بوران گۇكىرەيتتى.

”ئورمانلىقنىڭ ئىچى ناهايىتى قورقۇنچلۇق بولسا كېرەك“ دەپ ئويلىدى بالا دەرىزىنىڭ سىرتىدىكى ئاۋازنى ئاڭلاپ. تۇيۇقسىزلا ئادەملەرنىڭ بىر خىل گۇڭگا ئاۋازى، ۋاقىراشلىرى ئاڭلاندى، ئۇ ئەنسىزلىككە چۈشكەندەك بولدى. بىرسى بىرەيلەننى قىچقاردى، بىرسى جاۋاپ بەردى. دەسلەپتە، بالا بۇنى خىيالىممىكىن دەپ ئويلىدى، بۇنداق چاغلاردا قانداق ئادەم ئورمان قاراۋۇلخانىسىغا كېلىدۇ؟ ئەمما مومىن بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ دىققىتى قوزغالدى.

— بىركىم كەلدى، — دىدى موماي.

— هە، — دىدى بوۋاي ئىككىلەنگەن هالدا. ئاندىن كېيىن: — بۇنداق چاغلاردا، نەدىن كەلگەن ئادەمدۇ؟ — دەپ ئالدىراشلىق بىلەن كىيىنىشكە باشلىدى.

مومايمۇ ئالدىراپ قوپۇپ چىراقنى ياندۇردى. بالىمۇ قورققانلىقىدىن تېزلىكتە كىيىملىرىنى كىيدى. بۇ چاغدا كىشىلەر ئۆيگە يېقىن كېلىپ قالغان ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. قار كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا غاچىلدايتتى، ئۇلار پەلەمپەيگە كېلىپ

پۈتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ قويۇپ ئىشىكنى دوقۇلدىتىپ قاقتى:
— چوڭ دادا، ئىشىكنى ئېچىڭ! بىز توڭلاپ قالاي دېدۇق!
— سىلەر كىم؟
— ئۆز ئادەملەر.
مومىن ئىشىكنى ئاچتى. سوغاق ھاۋا، شامال ۋە قار بىلەن تەڭ ئۆيگە كىرىپ كەلگەنلەر كۈندۈزى ماشىنا بىلەن ئارچا رايونىغا ئوت توشۇشقا كەتكەن ھىلىقى يىگىتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىۋېشى قارغا كومۇلۇپ كەتكەن ئىدى. بالا ئۇلارنى دەرھاللا تونۇۋالدى. ماتىروس كىيىمى كىيگەن، ئۆزىگە ئىنزاك بەرگەن قۇلىپكىنىمۇ تونۇ-ۋالدى. ئۇلار ئىڭراۋاتقان، بىر پۇتى سۇرىلىپ قالغان بىرەيلەننى يولەپ كىرىپ كەلدى. ئۆينىڭ ئىچى شۇ زاماتلا پاتىپاراق بولۇپ كەتتى.
— خۇدايىم ساقلىسۇن! نىمە بولدۇڭلار؟ — دېدى مومىن بوۋاي بىلەن موماي بىردەكلا.
— سەل تۇرۇپ سوزلەپ بېرەيلى! كەينىمىزدە يەنە 7 ئادىمىمىز بار. ئۇلار يولدىن ئادىشىپ قالمىسلا بولاتتى. خوش، سەن مايەردە ئولتۇرۇپ تۇرغىن. ئۇ پۇتىنى قايرىۋالدى! — دېدى قۇلىپك ئالدىراپ، ئىڭراۋاتقان يىگىتنى ئوچاقنىڭ يېنىدىكى تاختايغا ئولتۇرغۇزۇۋېتىپ.
— ئادىمىڭلار قەيەردە؟ — دەپ سورىدى مومىن بوۋاي ئالدىراپ، — مەن دەرھال بېرىپ ئۇلارنى باشلاپ كېلەي. سەن تېز بارغىن. — دېدى ئۇ نەۋرىسىگە، — سېيىدەخمەتكە دېگىن، قول چىرىغىنى ئېلىپ دەرھال كەلسۇن.
بالا ئۆيدىن چىقىپلا تىنالماي قالدى. ئۇ بۇ جىددى پەيتنى

ئومۇرۋايەت ئۇنتۇمايدۇ. بىر خىل قويۇق، سوغاق، هوكۇرەۋاتقان مەخلۇق ئۇنىڭ كېكىرتىكىنى بوغۇۋېلىپ، ئۇنى لاغىلدىتىۋەتتى. لېكىن ئۇ قورقمىدى. ئۇ ئۇزىنىڭ كېكىرتىكىنى بوغۇۋالغان پەنجىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، قولى بىلەن بېشىنى قوغدىغان پېتى سېپىدەخمەتنىڭ ئويىگە قاراپ يۈگۈردى. بارى-يوقى 20-30 قەدەمچىلىكلا ئارىلىق بولسىمۇ ئۇنىڭغا بوران-چاپقۇننى يېرىپ ئوتۇپ ناھايىتى ئۇزاق ماڭغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، ئوز جەڭچىلىرىنى قۇتقۇزۇشقا كېتىۋاتقان باتۇردەك، ئۇنىڭ قەلبى جاسارەت ۋە قەتئىيلىككە تولدى، ئۇ ئوزىنى قەيسەر، يېڭىلمەس ھىس قىلدى. ئۇ تېخى سېپىدەخمەتنىڭ ئويىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرەپ يېتىپ بارماي تۇرۇپلا، ئوزىنى گويا مۇنداق قەھرىمانلىقلارنى كورسەتكەنلىكى ئۈچۈن ھاياجانلىنىپ دېمىسىمۇ ئالالماي قالغاندەك ھىس قىلدى: ئۇ ئوز خىيالىدا، چوڭقۇر ھاڭدىن سەكرەپ، بىر تاغدىن يەنە بىر تاققا ئوتتى، زۇلپىقارىنى ئويىنىتىپ بىرتالاي دۈشمەنىنى يوقىتىپ، ئوتتا كويۈۋاتقان ۋە دەرياغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنى قۇتقۇزۇپ چىقتى، ئۇ قىزىل بايراق لەپىلدەپ تۇرغان رېئاكتىپ قىرغۇچى ئايروپىلاننى ھەيدەپ، تۇكلۈك، قاپ-قارا بىر مەخلۇقنى قوغلىدى، ئۇ مەخلۇق جىلغا ۋە تاشلارنى بويلاپ ئالدىغا قاراپ قاچتى. ئۇنىڭ رېئاكتىپ قىرغۇچى ئايروپىلانى ئۇ مەخلۇققا تېزلا يەتتى. بالا پىلىموت بىلەن ئۇنى ئوققا تۇتتى ھەمدە: "فاشىستلارنى يوقىتايلى!" دەپ توۋلىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانا ئۇنىڭ يېنىدا بىللە بولدى. بۇغا ئانا بۇ بالا بىلەن مەغرۇرلاندى. بالا سېپىدەخمەتلەرنىڭ ئويى-نىڭ ئىشىگى ئالدىغا يۈگۈرەپ يېتىپ كەلگەندە، مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانا ئۇنىڭغا:"سەن ھازىر بېرىپ مېنىڭ باللىرىمنى—ھىلىقى ياش

شوپۇرلارنى قۇتقۇزغىن!“ دېدى. ”مەن جەزمەن ئۇلارنى قۇتقۇ-
زىمەن، مۇڭگۈزلۈك بۇغا ئانا، مەن سىزگە قەسەمىيات قىلىمەن!“
دېدى بالا ھەمدە دوك-دوك قىلىپ ئىشكنى قاقتى.

— تېز بول، سېيدەخمەت ئاكا، ئۇزىمىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى قۇتقۇزغىلى بىللە بارغىن! — ئۇ بۇ سوزلەرنى بىراقلا دېدى، سېيىدەخمەت بىلەن گۈلجامال بۇ سوزلەردىن چوچۇپ سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

— كىمنى قۇتقۇزىمىز؟ نىمە ئىش بولدى؟

— بوۋام سېنى قول چىرىغىنى ئېلىپ دەرھال كەلسۇن دېدى، سوۋخوزنىڭ شوپۇرلىرى يولدا ئېزىپ قاپتۇ.

— ئەخمەق، — دەپ تىللىۋەتتى سېيدەخمەت ئۇنى، — نىمىشقا بالدۇرراق دېمەيسەن؟ — دېدى-دە، شۇ زامات ئالدىراشقا باشلىدى.

لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن بالا قىلچىمۇ ئازار يېگەندەك بولمىدى. سېيدەخمەت ئۇنىڭ جېنىنى تىكىپ قويۇپ ئوزىنى ئىزلەپ كېلىشىۋىتىپ نەقەدەر ئۇلۇغ خىزمەت كورسەتكەنلىگىنى، يەنە نەقەدەر ئۇلۇغۋار قەسەمنى بېرىپ ئوتكەنلىگىنى نەدىن بىلسۇن! كېيىن، بوۋىسى بىلەن سېيدەخمەتنىڭ ئورمان قاراۋۇلخانىسىنىڭ يېنىدىن 7 شوپۇرنى تېزلا تاپقانلىغىنى ھەمدە ئۇلارنى ئويگە باشلاپ كەلگەنلىگىنى بىلگەندە، ئۇنىڭ كوڭلى ئانچە يېرىم بولۇپمۇ كەتمىدى. ناۋادا ئۇچىرىشالماي قالسا ئىش چاتاق بولمامتى! خەتەر ئوتۇپ كەتكەندە، ئىش ھامان خېلى ئاساندەك كورۇنىدۇ..... قىسقىسى، بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تېپىلدى. سېيدەخمەت ئۇلارنى ئوزىنىڭ ئويىگە قوندۇرغىلى ئېلىپ كەتتى. ھەتتا قىچقىرىپ ئويغىتىلغان ئاروزقۇلمۇ 5 ئادەمنى ئوز ئويىدە قوندۇرۇپ قالدى. قالغانلارنىڭ

ھەممىسى مومىن بوۋاينىڭ ئۆيىگە ئىتقىلىشتى.

تاغدىكى شۇرغان ئېخچىلا توختىمىغان ئىدى. بالا پەلەمپەيدە سەل تۇرۇپىلا يۇقۇرى بىلەن تووەنىنى، ئوڭ بىلەن سولىنى پەرق ئېتەلمەي قالدى. قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى، بوران ئېخىمۇ كۈچەيمەكتە ئىدى. ياققان قار ئادەمنىڭ تىزىغا كەلگەن ئىدى.

ئەمدىلا، سوۋخوزنىڭ شوپۇرلىرىنىڭ ھەممىسى تېپىلىپ بولغان، ھەممىسى ئىسسىنىپ بولغان ھەمدە قورقۇنچ ۋە سوغاق ئىچىدىن ئەسلىگە كەلگەن چاغدىلا. مومىن بوۋاي ئۇلاردىن نىمە ئىش بولغانلىغىنى ئېھتىيات بىلەن سورىدى. سورىمىسىمۇ ئۇلارنىڭ يول ئۈستىدە ناچار ھاۋاغا يولۇقۇپ قالغانلىغى ئېنىق ئىدى. يىگىتلەر سوزلەيتتى، چال بىلەن موماي ئۇھ تارتىپ ئولتۇراتتى.

— ۋاي-ۋاي، ياپىر! — دەيتتى ئۇلار بولۇپ ئوتكەن ئىشلارغا ھەيران بولۇپ، ھە دىگەندىلا قولىنى كوكرىگىگە قويۇپ، خۇداغا تەشەككۇر ئېيتاتتى.

— سىلەرمۇزە، يىگىتلەر، بەكلا ئېپىز كىيىنىۋاپسىلەر، — دىدى موماي ئۇلارنى ئەيىپلەپ ۋە ئۇلارغا قىزىق چاي قۇيۇپ، — مۇشۇنداق كىيىم بىلەنمۇ تاغ ئىچىگە كىرگىلى بولامدۇ؟ باللار-دە، سىلەر باللار! چىرايلىق بولۇشنىلا ئويلايسىلەر، شەھەرلىكلەرنى دورايسىلەر. ناۋادا بۇ دورەم خۇدايىم ساقلىماي، يولدىن ئادىشىپ قالغان بولساڭلار، ئەتە ئەتىگەنگىچە نىمە بولاتتىڭلار؟ مۇزدەك قېتىپلا قالاتتىڭلار!

— بۇنداق ئىشقا ئۇچراپ قېلىشنى كىم ئويلاپتۇ دەيسىز؟ — دىدى قۇلىبېك ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىپ، — بىز ئۇنچىۋالا قېلىن كىيىنىپ نىمە قىلاتتۇق؟ بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالسا. ماشىنىنىڭ ئىچىدە پار

بولغاندىكىن، ئۇيەدە ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇۋېرىمىز. رولنى ئايلاندۇرۇپ قويساقلا بولدى. ئايروپىلانغا ئولتۇرغان بولساق — ئۇ قانچىلىك ئىگىز ئۇچاتتى ـ ھە. بۇ تاغلار ئايروپىلاندىن كىچىك توپا دوۋىلىرىدەكلا كورۇنىدۇ — ئايروپىلاننىڭ سىرتىدا نولدىن تووەن 40 گىرادۇس بولسىمۇ، لېكىن ئىچىدە كىشلەر كوينەكچان يۇرۇۋېرىدۇ......

بالا قوي تېرىسىنىڭ ئۇستىدە، شوپۇرلارنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ، قۇلىبېكىنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ، يوغان قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ ھەتتا ئۇشتۇمتۇت بولغان بۇ شۇرغاندىن خوشال بولغانلىغىنى ھېچكىممۇ ئويلىمايتتى، چۇنكى شۇرغان بۇ يىگىتلەرنى ئورمان قاراۋۇلخانىسىغا پانا ئىزلەپ كېلىشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى. ئۇ ئىچىدە شۇرغاننىڭ نەچچە كۇنگىچە توختىماسلىغىنى، ئاز دىگەندىمۇ ئۇچ كۇنگىچە داۋام قىلىشنى ئۇمىت قىلاتتى، ئۇنداقتا ئۇلار مۇشۇ يەردە تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇلار بىلەن بىللە بولۇش نىمىدىگەن ياخشى، نىمىدىگەن كوڭۇللۇك ـ ھە! ئەسلىدە ئۇنىڭ بوۋىسى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تونۇيتتى. ئوزىنى تونۇمىسىمۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تونۇيتتى.

— ياخشى بولدى، — دىدى بوۋاي سەل مەغرۇرلانغان ھالدا نەۋرىسىگە. — ئوز قېرىنداشلىرىمىزنى. بۇغا ئەۋلاتلىرىنى كوردۇق. ئۇلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىگىنى سەن ئەمدى بىلىسەن. قارىغىنا! پاھ، ھازىرقى چەۋەندازلار نىمىدىگەن بەستلىك! سىلەرنى خۇدايىم ئامان ساقلىسۇن. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىزنى 42 ـ يىلى قىشتا ماگنىتوگورسكىدىكى ئىش ئورنىغا ئېلىپ بېرىشقان ئىدى......

شۇنىڭ بىلەن بوۋاي بالا ئاللىقاچان بىلىدىغان ھىلىقى تارىخنى سوزلەشكە باشلىدى: ”ئۇ چاغدا، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى

جايلىرىدىن كەلگەن ئەمگەك جەكچىلىرى بويىچە ئۆزۈن بىر سەپكە تىزىلغان ئىدى، نەتىجىدە، قىرغىزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىگۈدەك ئەڭ ئارقىدا تۇرغانلىقى، پەتەك ئىكەنلىگى مەلۇم بولدى. يوقلىما قىلىپ بولغاندىن كىيىن، كوپچىلىك دەم ئالىدىغىنى دەم ئالدى، تاماكا چىكىدىغىنى تاماكا چەكتى. بۇغداي ئۇكلۇك، تەمبەل بىر داگازا بىزگە قاراپ مىڭىپ كەلدى. ئۇ:

— بۇلار قەيەردىن كەلگەن ئادەملەر؟ مانجۇرىيىلىكلەرمۇ؟ — دەپ ۋاقىردى.

بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بىر قىرى مۇئەللىم جاۋاپ بىرىپ:

— بىز قىرغىز بولىمىز. بىز بۇ يەرنىڭ يىنىدا مانجۇرىيىلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان چاغدا ماگنىتوگورسكىنىڭ سايىسىمۇ يوق ئىدى. بىزنىڭ بويىمىزمۇ ئۇ چاغدا سىزنىڭكىدەك ئىدى. ئۇرۇش تۈگىسە، بىزنىڭ بويىمىز يەنە ئۇسىدۇ...... — دىدى.“

بوۋاي ناھايىتى ئۇزاق بولۇپ كەتكەن بۇ ئىشنى ئەسلەپ، قانائەتلەنگىنىدىن كۈلۈمسىرىدى، ئوزىنىڭ مىھمانلىرىغا يەنە بىر قىتىم قاراپ قويۇپ:

— ئۇ مۇئەللىم توغرا ئىيتقان. ھازىر مەن شەھەردە ياكى يولدا كىتىۋىتىپ سەپ سىلىپ قارىسام، ھەممىلا ئادەم كىلىشكەن، ئىگىز بوي بولۇپ كىتىپتۇ، بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ...... — دىدى.

يىگىتلەر ئۇنىڭ گىپىنى چۈشەنگەن ھالدا كۈلۈپ قويۇپ:

— بۇ بوۋاي پاراڭچىكەن، — دىيىشتى.

— بىزنىڭ بويىمىزغۇ خىلى ئىگىز، — دىدى ئۇلاردىن بىرى — لىكىن دوكدە ماشىنا ئوكتۇرۇلۇپ كەتكەن چاغدا، بىز مۇشۇنچىلىك كوپ تۇرساقمۇ كۈچىمىز يەتمىدى......

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ-دە. ماشىنىغا ئوت ئېلىنغان تۇرسا، يەنە كېلىپ شۇ-رغان بولۇۋاتسا. — دېدى مومىن بوۋاي ئۇلارغا بولۇشۇپ، — بۇنداق ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. خۇدايىم ئەگەر رەھمى قىلسا، ئەتە ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتەر. مۇھىمى، بوران توختىسۇن.

يىگىتلەر بوۋايغا مۇنۇلارنى سوزلەپ بەردى: ئۇلار بۈگۈن ئارچا ئوتلىقىغا يېتىپ بارغان ئىدى. ئۇ يەردە ئورۇپ قويۇلغان ئۈچ دوۋە قۇرۇق ئوت بار ئىدى. ئۇلار بىراقلا تۇتۇش قىلىپ ئۈچ دوۋە ئوتنى ماشىنىغا بېسىشقا باشلىدى. ئوتنى ئويدىنمۇ ئېگىز قىلىپ باستىكى، ئۇنىڭ توپىسىدىكىلەر ئاغامچىغا ئېسىلىپ يەرگە چۈشتى. مۇشۇ تەرىقىدە، ماشىنىلارغا ئوت كەينى-كەينىدىن بېسىلدى. كابىنكىنىڭ ئەينىكى، ماشىنىنىڭ تۇمشۇغى ۋە چاقىدىن باشقا ھېچقانداق يېرى كورۇنمەي قالدى. ھامىنى كەلگەندىن كېيىن، يەنە قايتا كىلىپ يۇرگىچە دەپ، ھەننۇۋا ئوتنى بېسىپ كەتمەكچى بولدى. ئۇلار ئوت ئېشىپ قالسا، كېلەر يىلىغا قالىدىغانلىغىنى بىلەتتى. ئۇلار ناھايىتى قىزغىن ئىشلىدى. كىمنىڭ ماشىنىسىغا ئوت بېسىلىپ بولسا، شۇ ماشىنىسىنى بىر چەتكە ھەيدەپ چىقىرىپ قويۇپ، يەنە بىرسىگە بېسىشىپ بەردى. قۇرۇق ئوتنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك بېسىلىپ بولدى، ئېشىپ قالغىنىمۇ ئىككى ماشىنىدىن ئاشمايتتى. كوپچىلىك تاماكا چېكىشىۋالغاندىن كېيىن، ماشىنىلارنىڭ مېڭىش تەرتىۋىنى ئورۇنلاش-تۇرۇپ، قاتار سەپ بولۇپ يولغا چىقىشتى. ئۇلار تىمىسقىلاپ يۇرۇپ دىگۇدەك ناھايىتى ئاۋايلاپ تاغدىن چۈشتى. ئوت يېنىك بولسىمۇ، لېكىن ماشىنىنى ھەيدەش بەپ ھەتتا ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى، بولۇپمۇ تار ۋە جىددى بۇرۇلىدىغان جايلار شۇنداق ئىدى.

ئۇلار ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، ئالدىدا ئۇزلىرىنى نىمە ئىشلارنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىغىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى.

ئارچا ئىگىزلىكىدىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۇلار بىر تار جىلغىغا كىردى، ئۇنىڭدىن چىققاندا نامازشام ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇلارنى قاتتىق بوران كۈتۈۋالدى، قارمۇ چۈشۈشكە باشلىدى.

— شۇېرغاننىڭ پەيلى شۇنچىلىك يامان ئىدىكى، قورققىنىمىزدىن ئۈچىمىز دەرھال چىلىق-چىلىق بولۇپ كەتتى، — دىدى قۇلبېك. — ھايت-ھۇيت دىگۈچە ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ، بوراننىڭ دەستىدىن رولنىمۇ تۇتالماي قالدۇق. ماشىنا ئوكتۇرۇلۇپ چۈشەرمىكىن دەپ ئەنسىرەپ كەتتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە يولنىڭ ئوسالىلىغىدىن ھەتتا كۈندۈزى مېڭىشمۇ خەتەرلىك ئىدى......

بالا تىنىغىنىمۇ چىقارماي، مىدىرلاپمۇ قويماي گەپكە قۇلاق سالاتتى، ئۇنىڭ پاقىراپ تۇرغان كوزلىرى قۇلبېككە تىكىلگەن ئىدى. ئۇ كېيىنى قىلىۋاتقان بوران بىلەن قار تالادا تېخىچىلا ئەدىمەكتە ئىدى. بىرمۇنچە شوپۇر ۋە قاچىلاش ئىشچىلىرى پولدا ئۇ ياققا، بۇ ياققا سوزۇلۇشۇپ ياتاتتى، ئۇلار ھەتتا كىيىم-كېچەك ۋە ئوتۇكلىرىنىمۇ يەشمەيلا ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. ئۇلار بېشىدىن كەچۇرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، ئەمدىلىكتە بولسا، بۇ خاپان باش، ئىنچىكە بويۇن ۋە سالپاڭ قۇلاق بالا ئوز بېشىدىن كەچۇرۇۋاتاتتى.

بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە يولنى كورگىلى بولماي قالدى. ماشىنىلار ئايرىلىپ قېلىپ سەپتىن چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، خۇددى بىراۋ يېتىلەپ كېتىۋاتقان قارغۇ ئادەمدەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سوگىدىشىپ ماڭاتتى، توختىماي سىگنال بېرەتتى. قار ناھايىتى قېلىن ياققانلىقتىن گويا ئالدىنى بىر تام توسۇپ تۇرغاندەك تۇراتتى.

ماشىنىنىڭ چىراقلىرى كومۇلۇپ قالدى، كابىنكىنىڭ ئەينىگىدىكى سۇرتكۇچ ئەينەككە چۈشكەن قارنى سۇرتۇپ ئۇلگۇرەلمەيتتى، ئەلاجسىزلىقتىن ماشىنىنى كابىنكىدىن باشنى چىقىرىپ تۇرۇپ ھەيدەشكە توغرا كېلەتتى. شۇمۇ ماشىنا ھەيدەش بولدىمۇ؟ قار توختىماي ياغاتتى. چاقلار تېيىلىشقا باشلىدى. ماشىنىلار بىر تىك دوڭدە توختاپ قالدى. ماتورلار ھە دەپ گۇكىرىسىمۇ ئىش ئەپلەشمىدى......ماشىنا دوڭگە چىقالمىدى. كابىنكىدىكىلەر سەكرەپ چۈشۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ، بىر ماشىنىنىڭ يېنىدىن يەنە بىر ماشىنىنىڭ يېنىغا بىرىپ، كالونىنىڭ ئالدىدا يىغىلىشتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ گۇلخان يېقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كابىنكىدىن چىقماي ئولتۇرۇۋەرگەندە، قېپقالغان يېقىلغۇ تۈگەيتتى، ئەسلىدە بۇ يېقىلغۇ بىلەن سوۋخوزغا بېرىۋېلىشمۇ قىيىن ئىدى. پارنى ئاچماي كابىنكىدا ئولتۇرۇۋەرگەندە توڭلاپ قېلىش تۇرغان گەپ ئىدى. يىگىتلەر ھودۇقۇشقا باشلىدى. ھەممىگە قادىر تېخنىكىلىق جابدۇقلارمۇ شۇ تاپتا كارغا كەلمەي قالدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بىرەيلەن بىر ماشىنىدىكى ئوتنى چۈشۈرۈپ ھەممىمىز ئوتنىڭ ئىچىگە كىرىۋالمامدۇق دەپ تەكلىپ بەردى. لېكىن ئارغامچا بوشىتىلسىلا، ئوتتىن بىر تالمۇ قالمايدىغانلىقى يەنى كوزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە شۇۋرغان ھەممىنى ئوتنى پاك-پاكىز ئۇچۇرۇپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بۇ چاغدا ماشىنىغا قار بارغانسېرى يىغىلىپ چاقىنىڭ ئاستىغىمۇ دوۋىلىنىپ كەتتى. يىگىتلەر پۈتۈنلەي ئامالسىز قالدى. بوراندا ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەزايى مۇزلاپ كەتتى.

— توۋۇقسىز سىز ئاقساقال يادىمىغا كېلىپ قالدىڭىز، — دىدى قۇلبېك مومىن بوۋايغا، — بىز ئارچىغا كېتىۋاتقاندا يولدا بۇنىڭغا،

مانا بۇ بۇغا ئەۋلادى ئىنىمىزغا يولۇققان ئىدۇق، — دەپ ئۇ يېنىدىكى بالىنى كورسەتتى ۋە سەمىمى هالدا بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى، — ئۇ يول ياقىسىدا يۈگۈرەپ كېتىۋاتاتتى. مەن توختىدىم. ئەلۋەتتە، ئامانلىق سوراشتۇق. بىز بىرئاز پاراڭلاشتۇق. شۇنداقمۇ؟ سەن نىمىشقا ئۇخلىمايسەن؟

بالا كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى. لېكىن. خوشال بولغانلىقى ۋە مەغرۇرلانغانلىقىدىن، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ شۇ تاپتا قانچىلىك قاتتىق، قانچىلىك كۈچلۈك سوقۇۋاتقانلىقىنى هىچكىم بىلمەيتتى. بۇ يىگىتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قاۋۇل، ئەڭ باتۇر، ئەڭ كېلىشكىنى يەنى قۇلبېك ئۇزى ئۇنى تىللىغا ئالغان ئىدى. بالا ئۇزىنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

شۇنىڭ بىلەن، بوۋىسى ئوتقا ئوتۇن تاشلاپ تۇرۇپ ئۇنى ماختىدى:

— بۇ بالا ئاشۇنداق. باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا ئامراق. قارىماسەن، ئۇنىڭ قۇلىقىنى دىڭگايتىپ تۇرغىنىنى!

— شۇ چاغدا بۇنىڭمۇ قانداق بولۇپ يادىمغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئۇزەم بىلمەيمەن، — دىدى قۇلبېك سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن يىگىتلەرگە ئېيتتىم، ئاۋازىم گويا ۋاقىرىغاندەك قاتتىق چىقاتتى، چۈنكى بوران ئادەمنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كېتەتتى. مەن، ئورمان قاراۋۇلخانىسىغا بارايلى، بولمىسا مۇشۇ يەردە ئولۇپ قالىدىغان ئوخشايمىز، دىدىم. يىگىتلەر مېنىڭ يۈزۈمگە يېقىن قىلىپ: قانداق بارىمىز؟ دىدى. مېكىپ ئۇ يەرگە بېرىپ بولغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىنىلارنىمۇ تاشلاپ كەتكىلى بولمايتتى. مەن ئۇلارغا: ماشىنىلارنى تاققا ئىتتىرىپ ئېپچىقىپ، شۇ يەردىن تووەنگە چۈشەيلى،

بىز پەقەت سان-تاش جىلغىسىغىلا بىرىۋالساق. ئۇ يەر ئورمان قاراۋۇلخانىسىغا يىراق ئەمەس، ئۇ يەردىن پىيادە مېڭىپ. ئورمان قاراۋۇللىرىنى تاپالايمىز، دېدىم. يىگىتلەر چۈشەندى. ئۇلار. قېنى ئەمسە، سەن قوماندانلىق قىلغىن، دېدى. ھەي، مۇشۇنداق ئىش يۈز بەرگەن ئىكەن..... بىرىنچى ماشىنىدىن باشلايلى: ئوسمونال، سەن كابىنكىغا چىق! دېدىم. قالغانلىرىمىز ماشىنىنى مۈرىمىز بىلەن ئىتتەردۇق. قوزغالدى! دەسلىۋىدە سىلجىغاندەك قىلدى، كېيىن ماغدۇرىمىز قالمىدى. ماشىنىنى ئارقىغا قايتۇرۇشقىمۇ بولمايتتى. ئۇ چاغدا. بىزگە، گويا بىر ماشىنىنى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن بىر تاغنى يۇقۇرىغا ئىتتىرىۋاتقاندەك بىلىندى. ماشىنا بەئەينى چاق بېكىتىلگەن چوڭ بىر ئوت-چۆپ دۆۋىسىگە ئوخشايتتى! مەن جېنىمنىڭ بېرىچە: ئىتتىرىڭلار! ئىتتىرىڭلار! ئىتتىرىڭلار! دەپلا توۋلاپ بەردىم، لېكىن ئۆزەمنىڭ ئاۋازىنى ئۆزەم ئاڭلىيالمايتتىم. بوران، قاردىن باشقا ھېچنىمىنى كورگىلى بولمايتتى. ماشىنا خۇددى تىرىك نەرسىگە ئوخشاش ۋاقىرايتتى، يىغلايتتى، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى چىقىرىپ ئومىلەپ چىقىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ يەرگە يېتىپ كەلدۇق. يۈرەك-باغرىمىز پارتلاپ كېتىدىغاندەك، پارە-پارە بولۇپ چېچىلىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ كەتتى، باشلىرىمىز ئىلەڭ-سىلەڭ بولۇپ كەتتى.....

—توۋا! —دېدى مومىن بوۋاي ئىچىنغان ھالدا، —مۇشۇنداق ئىشلارغا ئۇچراپسىلەر. ئېھتىمال يەنىلا مۆڭگۈزلۈك بۇغا ئانا سىلەرنى —ئۆز بالىلىرىنى قوغدىغان بولسا كېرەك. ئۇ سىلەرنى قۇتقۇزغان. بولمىسا، كىم بىلسۇن..... ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ تالادا بوران ھازىرغىچىمۇ بېسىقمىدى، تېخىچىلا چىقىۋاتىدۇ.....

بالىنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئۇخلاپ قالماسلىققا تىرىش-
سىمۇ كۆزىنى ئاچالمىدى. ئۇ ئۇيقۇلۇقتا بوۋىسى بىلەن قۇلبېكىنىڭ
سۆزىنى چالا-پۇچۇق ئاڭلاپ ياتاتتى، ئۇ رېياللىق بىلەن خىيالنى
ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇ ئۆزىنىمۇ شۇ يەردىدەك. تاغ ئارىسىدا شەۋىر-
غاندا قالغان يىگىتلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرغاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ
كۆز ئالدىدا ئاپپاق قارلىق تاققا چىقىدىغان ئىنتايىن تىك بىر يول
پەيدا بولدى. شۇۋىرغان ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىگە نەشتەردەك سان-
جاتتى، كۆزى پىچاق سانجىغاندەك ئاغرىيتتى. ئۇلار قورۇق ئوت
بېسىلغان يوغان ئويدەك تۇرغان ماشىنىلارنى يۇقۇرىغا ئىتتىرەتتى.
ئۇلار يولدا يۇقۇرىغا قاراپ ئاستا، ناھايىتى ئاستا ئۆرلەيتتى. ماشىنا
بولسا چاتاق چىقىپ توختاپ قالدى، ئارقىغا چېكىندى. بۇ نىمدىگەن
قورقۇنچلۇق ئەھۋال، ھاۋا نىمدىگەن قاراڭغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە
بوراننىڭ سۆڭەكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىچۇ. بالا ماشىنا تېيىلىپ كېتىپ
بۇلارنى مىجىۋېتىدىغان بولدى دەپ قورقۇپ، تۈگۈلۈپ كەتتى.
لېكىن شۇ ئەسنادا قاياقتىندۇ بىر ياقتىن مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانا پەيدا
بولدى. ئۇ ماشىنىنى مۈڭگۈزى بىلەن توختىتىپ، يۇقۇرىغا ئىتتىرىشىپ
بەردى. بالا "ئىتتىرىڭلار، ئىتتىرىڭلار، ئىتتىرىڭلار!" دەپ توۋلىدى.
ماشىنا قوزغالدى، ماڭدى. ماشىنا تاغنىڭ تۆپىسىگە چىقتى-دە،
ئۆزىلا تۆۋەنگە قاراپ مېڭىپ كەتتى. ئۇلار بولسا، ئىككىنچىسىنى،
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۈچىنچىسىنى ۋە قېپقالغان ماشىنىلارنىڭ ھەممى-
سىنى تاغنىڭ ئۈستىگە چىقاردى، ھەر قېتىمدا ئۇلارغا مۈڭگۈزلۈك
بۇغا ئانا ياردەم قىلدى. ئۇنى ھېچكىم كۆرمىدى، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ
ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ئۇنى يالغۇز بالىلا
كۆرەتتى ۋە بىلەتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئۆزلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي

قالغان، ئەھۋال جىددىلىشىپ كەتكەن. ماغدۇرى ئۈزۈلۈپ قالغان چاغدا، مۆڭگۈزلۈك بۇغا ئانىسىنىڭ چىپىپ كېلىپ ماشىننى مۆڭگۈزى بىلەن ئىتتىرىپ چىقىرىشىپ بەرگەنلىكىنى كوردى. بالا يەنە "ئىتتى-رىڭلار، ئىتتىرىڭلار! ئىتتىرىڭلار!" دەيتتى. ئۇ قۇلبېكنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى. كېيىن قۇلبېك ئۇنىڭغا: "رولنىڭ ئارقىسىغا ئوتۇپ ئولتۇر" دىدى. ئۇ كابىنكىغا چىقىۋالدى. ماشىنا سىلكىنىشكە ۋە گۆكىرەشكە باشلىدى. رول ئۇنىڭ قولىدا ئۆزىلا ئايلىناتتى، شۇنداق ئەركىن ئايلىناتتىكى، بەئەينى ئۇ كىچىك چېغىدا ماشىنا قىلىپ دۇگۈلىتىپ ئوينىغان چەمبىرەككە ئوخشايتتى. بالا، قولۇمدىكى رول قانداق قىلىپ ئويۇنچۇقتا ئوخشاپ قالدى؟ دەپ ئويالىدى. تۇيۇقسىز، ماشىنا قىيسىيىپ بىر تەرەپكە ئورۇلۇپ كەتتى. ئورۇل-گەندىمۇ گۈلدۈرلەپ غولاپ چۈشۈپ، پاچاق-پاچاق بولۇپ كەتتى. ئۇ ۋاقىراپ يىغلىۋەتتى. ئۇ شۇنداق خىجىل بولۇپ كەتتىكى، قۇلبېككە قايتا تىكىلىپ قاراشتىن ئىزا تارتقۇدەك بولۇپ كەتتى.

— نىمە بولدۇڭ؟ نىمە بولدۇڭ، ھە؟ — دەپ قۇلبېك ئۇنى ئويغىتىۋەتتى.

بالا كوزىنى ئاچتى. ئۇ بايا چۈش كورگەنلىكىنى بىلىپ، كوڭلى يايراپ كەتتى. قۇلبېك ئۇنى كوتىرىپ، چىڭ قۇچاغلىۋالدى:

— چۈش كوردۇڭمۇ؟ قورقۇپ كەتتىڭمۇ؟ ھەي، سەنمۇزە، باتۇر بولۇپ قاپسەن تېخى! — دىدى ئۇ شاماللاپ قۇرۇپ كەتكەن قاتتىق لەۋلىرى بىلەن بالىنى سۆيۈپ قويۇپ، — خوپ، مەن سېنى ياتقۇزۇپ قوياي، ئۇخلا، ئۇخلايدىغان ۋاقىت بولدى.

ئۇ بالىنى قوي تېرىسى سېلىنغان پولغا، ئۇخلاۋاتقان شوپۇرلار-نىڭ ئوتتۇرىسىغا ياتقۇزدى. ئۆزى ئۇنىڭغا ياندىشىپ يېتىپ، ئۈستىگە

ماتـرو-چە چاپىننى يېپىندى.

سەھەردە بوۋىسى ئۇنى ئويغاتتى.

— ئويغۇغىنى ئاچە، — دېدى بوۋاي ئاستاغىنا، — قېلىنراق كىيىن، ماڭا قارىشىپ بېرىدىغان ئىشلىك بار، تۇرە!

تالادا ئەمدى تاڭ ئېتىۋاتاتتى. ئويدە كوپچىلىك ئۇ يان-بۇ يان سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇخلاۋاتاتتى.

— مە. پىماڭنى كىيىۋال، — دېدى مومىن بوۋاي. بوۋىسىدىن يېڭى قۇرۇق ئوتنىڭ پۇرىغى كېلەتتى. دېمەك، ئۇ ئاتلارغا ئاللىقاچان ئوت سېلىپ بەرگەن ئىدى. بالا پىمىسىنى كىيىپ بولۇپ، بوۋىسى بىلەن ھويلىغا چىقتى. قار ناھايىتى قېلىن چۈشكەن ئىدى. لېكىن بوران توختىغان بولسىمۇ، تۇرۇپ-تۇرۇپ يەردىكى قارلار ئۇچۇپ قوياتتى.

— نىمىدېگەن سوغاق! — دەپ شۇركۇنۇپ كەتتى بالا.

— ھېچقىسى يوق، ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى، — دېدى بوۋاي گودۇڭشىپ. — ئويلىمىغان بىر ئىش بوپتۇ! تۈنجى قېتىم ماشىنا ھەيدەپ چىقىشىغىلا چاتاق چىقىپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى، بىرەر بالاغا ئۇچرىماپتۇ.....

ئۇلار 5 قوي بار ئېغىلغا كىردى. بوۋاي تۆۋرۈكتىكى چىراقنى سىپاپ يۇرۇپ تېپىپ، ياندۇردى. قويلار بۇلۇڭدا يورۇققا قاراپ دۈپۈرلىشىپ، مەرەپ كەتتى.

— تۇتە، ماڭا يورۇتۇپ بەر، — دېدى بوۋاي نەۋرىسىگە چىراقنى بېرىپ، — بىز قارا قوينى ئولتۇرەيلى. مېھمان ئويگە لىق تولدى، ئۇلار ئورنىدىن تۇرغىچە بىز گوشنى پىشۇرۇپ قويايلى.

بالا بوۋىسىغا چىراق تۇتۇپ بەردى. بوران ئېغىلنىڭ يوچۇقلىرى-

دىن تېخىچىلا ھۆشقىتاتتى، ھويلا تېخىچىلا قاراڭغۇ ھەم سوغاق ئىدى. بوۋاي بوسۇغا تۇۋىگە بىر تۇتام پاكىز ئوتنى تاشلاپ، ئارقى-دىن قارا قوينى شۇ يەرگە يېتىلەپ كەلدى. ئۇ قارا قوينى ياتقۇزۇپ چۈشەشتىن ئاۋال ئويلىنىۋالدى-دە، زوڭزايدى.

— چىراقنى قويۇپ قويۇپ، سەنمۇ ئولتۇر. — دېدى ئۇ نەۋرىسىگە. ئىككى قولىنى جۈپلەپ مەيدىسىگىچە كوتىرىپ، پىچىرلىدى: — ئۇلۇغ ئەجدادىمىز مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانا. سېنىڭ خەتەرلىك چاغدا باللىرىمىزنى قۇتقۇزغانلىقىڭ ئۈچۈن، ئەجداتلىرىمىزنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاق سۈتۈڭ ئۈچۈن، رەھىمدىل كوڭلۈڭ ئۈچۈن. مېھرىۋان كوزلىرىڭ ئۈچۈن، بۇ قارا قوينى ساڭا ئاتىدىم. تاغ-ئوتكەللىرىدە، دولقۇنلۇق دەريالاردا، تېيىلغاق چىغىر يوللاردا بىزنى تاشلىۋەت-مىگەيسەن. ئوز تۇپرىغىمىزدا بىزنى مەڭگۇ تاشلىۋەتمىگەيسەن، بىز مەڭگۇ سېنىڭ باللىرىڭ. ئامىن!

ئۇ دۇئا قىلغاندەك، پېشانىسىدىن ئىڭىكىگىچە سىلىدى. بالىمۇ شۇنداق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بوۋاي قوينى يىقىتىپ، پۇت-قولىنى چۈشىدى. غىلاپىدىن ئاسىياچە قەدىمىي پىچاقنى سۇغۇرۇپ ئالدى.

بالا چىراقنى تۇتۇپ تۇردى.

ھاۋا ئاخىر ئېچىلىپ كەتتى. قۇياش چىقىپ يۈرگەن بولۇتلار ئىچىدىن ئالدىراپ-تېنەپ 2 قېتىم بېشىنى چىقاردى. ئەتراپتا كىچىككىچە چىققان شىۋىرغاننىڭ ئىزلىرى تۇراتتى: ھەممىلا يەردە قار دوۋىلىرى، قالايمىقان بولۇپ كەتكەن چاتقاللار، قاردا يادەك ئېگىلىپ كەتكەن كىچىك دەرەخلەر، سۇنغان قاخشال دەرەخلەر ياتاتتى. دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدە، ئورمانلىق گويا دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك

جىمجىت تۇراتتى، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى قار يىغىلىپ تىك بولۇپ قالغاچقا، دەريا يۈزى توۋەنلەپ قالغاندەك كورۇنەتتى. سۇنىڭ شاقىراشلىرىمۇ پەسىيىپ قالغان ئىدى.

قۇياش جىم تۇرمايتتى — بىر دەم كورۇنەتتى، بىر دەم موكۇۋا- لاتتى. بالا ھەنىنىۋا قورقۇنچ ۋە ئەندىشىنى ئۇنتۇدى. تۇنۇگۇن كېچىدىكى ئەنسىزلىك ئۇتۇپ كەتكەن ئىدى، شىۋىرغان توختىغان ئىدى، قار دوۋىلىرى ئۇنىڭغا كاشىلا قىلماي، ئەكسىچە، ئۇنى قىزىقتۇراتتى. ئۇ ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا يۇگۇرەيتتى، كالىلەك-كاللەك قار پارچىلىرى ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا چاچرايتتى. ئويگە ئادەم لىق تولغان ئىدى، يىگىتلەر ئويغاندى، ئۇلار ئۇنلۇك پاراڭ سىلىشاتتى ۋە چاقچاق قىلىشاتتى، ئوزلىرىگە پىشۇرۇپ قويغان قوي گوشىنى ئىشتەي بىلەن يېيىشەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بالىنى خوشال قىلاتتى.

بۇ چاغدا قۇياشمۇ موكۇپ يۇرمىدى. ئاسمان سۇزۇلۇپ، يوپ- يوروق بولۇپ كەتتى. قارا بۇلۇتلار ئاستا-ئاستا تارقىلىپ، ھاۋامۇ ئىللىشقا باشلىدى. تولىمۇ بالدۇر يېغىپ قالغان قار تېزلا ئېرىپ كەتتى. بولۇپمۇ چوڭ-كىچىك يوللاردىكى قارلار تېز ئېرىپ كەتتى.

شوپۇرلار بىلەن قاچىلاش ئىشچىلىرى يولغا چىقماقچى بولغاندا، بالا ھاياجانلىنىشقا باشلىدى. مېھمانلار ھويلىغا چىقىپ، ئورمان قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئىگىلىرى بىلەن خوشلاشتى، ئوزلىرىنى كۇتۇۋالغان- لىقىغا رەخمەت ئېيتتى. مومىن بوۋاي بىلەن سېيىدەخمەت ئۇلارنى ئاتلىق ئۇزىتىپ ماڭدى. بوۋاي بىر قولتۇق ئوتۇن ئېلىۋالدى، سېيى- دەخمەت توڭلاپ قالغان ماتورغا سۇ قايناتىپ قۇيۇش ئۇچۇن چوڭ بىر چېلەك ئېلىۋالدى.

كوپچىلىك ھەممىسى ھويلىدىن چىقتى.
—بوۋا، مەنمۇ بارىمەن، مېنىمۇ ئېلىۋالغىن!—دەپ بوۋىسىغا ئېتىلدى بالا.
—كورۇپ تۇرۇپسەن، مېنىڭ قولۇمدا ئۇتۇن تۇرسا، سىپىدەخ-مەتنىڭ قولىدا چىلەك تۇرسا، سېنى ئېلىۋېلىشقا كىمنىڭ چولىسى. يەنە كېلىپ، سەن ئۇ يەرگە بېرىپ نىمىش قىلىسەن؟ قارلىق يولدا ماڭالمايسەن،—دىدى بوۋاي.
بالا دومسىيىپ، قاپىغىنى تۈردى. شۇ ئەسنادا قۇلىبېك گەپ قىلدى:
—بىز بىلەن بىللە بارغىن!—دىدى-دە، بالىنىڭ قولىدىن تارتتى،—قايتىپ كەلگىچە، بوۋاڭ بىلەن ئاتقا مىنىپ قايتارسەن.
ئۇلار ئاچالغا—ئارچا ئوتلىغىدىن چۇشىدىغان ھىلىقى يول ئېغىزىغا ماڭدى. ئۇ يەردىكى قار ھىلىمۇ ناھايىتى قېلىن ئىدى. بۇ قاۋۇل يىگىتلەر بىلەن قارلىق يولدا بىللە مېڭىش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس ئىدى، بالا ھېرىشقا باشلىدى.
—كەل، ھاپاش قىلىۋالاي،—دەپ تەكلىپ بەردى قۇلىبېك. ئۇ بالىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۇنى چەبدەسلىك بىلەن دۈمبىسىگە ئېلىۋالدى. ئۇنىڭ ھەركىتى شۇنداق چەبدەس ئىدىكى، گويا ئۇنى ھەر كۈنى ھاپاش قىلىپ ئۆگىنىپ كەتكەندەك ئىدى.
—يارايسەن، قۇلىبېك،—دىدى ئۇنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان بىر شوپۇر.
—مەن بۇرۇن ئۇكىلىرىمنى دائىم ھاپاش قىلاتتىم،—دىدى قۇلىبېك ماختىنىپ،—مەن بالىلارنىڭ چوڭى ئىدىم. بىز ئوغۇل-قىز بولۇپ جەمى ئالتە بالا ئىدۇق. ئانام ئېتىزدا ئىشلەيتتى. دادامنۇ

ئىشلەيتتى. ھازىر سىڭىللىرىمنىڭ ھەممىسى بالىلىق بولۇپ كەتتى. مەن ھەربىر سەپتىن قايتقاندا بويتاق ئىدىم، ئۇ چاغدا تېخى ھىزمىتىم يوق ئىدى. مېنىڭ چوڭ سىڭلىم ماڭا: سەن بىزنىڭكىدە تۇرغىن، سەن بالىلارغا بەكلا ياخشى قارايسەن، دىدى. مەن ئۇنىڭغا: بولمايدۇ، مەن ھازىر ئۆزەمنىڭ بالىسىغا قارىشىم كېرەك، دىدىم......

ئۇلار ئەنە شۇنداق تاغدىن-باغدىن سوزلىشىپ مېڭىۋەردى. بالا قۇلىبېكنىڭ مەزمۇت دۇمبىسىدە چايقالماي ئولتۇرۇپ، ناھايىتى ھوزۇر ھىس قىلاتتى.

"مېنىڭمۇ مۇشۇنداق بىر ئاكام بولغان بولسا، — دەپ خىيال سۈردى ئۇ، — ھىچكىمدىن قورقمايتتىم. ئەگەر ئاروزقۇل يەنە بوۋامنى تىللاشقا ياكى بىراۋغا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان بولسا، قۇلبېك سەل تەرىنى تۈرۈپ قاراپلا قويسا، ئۇ شۇ زامات غىلىڭ قىلالمىغان بولاتتى."

تۈنۈگۈن كېچە قېپقالغان قۇرۇق ئوت بېسىلغان ماشىنىلار ئاچالغا تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا تۇراتتى. ماشىنىلار قارغا كومۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى قىشتا دالىدا قالغان ئوت دوۋىلىرىگە ئوخشايتتى. بۇ ماشىنىلار قىمىرلاتقىلى بولىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

لېكىن گۈلخان يېقىلىپ سۇ ئىسسىتىلدى. يىگىتلەر رۇكايتكا بىلەن ماشىنىنى ئوت ئالدۇروشقا كىرىشتى، ماتورغا جان كىرىپ، پۇشۇلداشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىش ئاسانلىشىپ كەتتى. ئالدىدىكى ماشىنا ئارقىسىدىكى ماشىنىنى سورەپ ئوت ئالدۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئوت ئالغان، قىزىغان ھەر بىر ماشىنا نوۋەت بىلەن ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىكىنى سورەپ ئوت ئالدۇردى.

ھەممە ماشىنا ئوت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، يىگىتلەر ئىككى ماشىنىنى قاتار قىلىپ، كېچىدە ئېرىققا ئۆكتۈرۈلۈپ كەتكەن ماشىنىنى سۆرىدى. بار ئادەمنىڭ ھەممىسى ماشىنىنى چوڭ يولغا ئىتتىرىشىپ بەردى. شاكىچىكمۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ ئىتتىرىشىپ بەردى. ئۇ ھامان بىرسى: "سەن نىمانداق قىستۇرۇلۇۋېلىپ پۇتىمىزغا پۇتلىشىسەن؟ ماڭ، نېرى تۇر!" دەپ قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلاتتى. لېكىن ھېچكىم ئۇنداق دىمىدى، ھېچكىم ئۇنى قوغلىمىدى. بۇ، ئېھتىمال، قولىبىك ئۇنىڭ ياردەملىشىپ بېرىشىگە ماقۇل بولغانلىغىدىن بولسا كېرەك. قولىبىك بولسا، بۇ يەردە ھەممىدىن نوچى ئىدى، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ھورمەت قىلاتتى.

شوپۇرلار يەنە بىر قېتىم خوشلاشقاندىن كېيىن ماشىنلار قوزغالدى. باشتا ئاستىراق مېڭىپ، كېيىن ئىتتىكلەپ كەتتى. ماشىنلار قارلىق تاغدىكى يولدا ئۇزۇن سەپ تارتىپ كېتىۋاتاتتى. مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئوغۇللىرى يۈرۈپ كەتتى. بالىنىڭ خىيالىدا، ئۇلار مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانىنىڭ ئۇزلىرىنىڭ ئالدىدىكى يولدا غايىبانە يۈگۈرەپ كېتىۋاتقانلىغىنى بىلمەيتتى. بۇغا ئانا كالوننىنىڭ ئالدىدا ناھايىتى تېز سەكرەپ، چېپىپ كېتىپ باراتتى. جاپالىق يولدا، ئۇ ئۇلارنى بالا-قازا ۋە بەختسىزلىكتىن، تاغ يېرىلىپ، قار كوچۈپ بېسىۋېلىشتىن، شۋىرغاندا، تۇماندا قېلىشتىن ۋە باشقا ئاپەتتىن قوغدايتتى. ھالبۇكى، قانچىلىغان ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن كوچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى جەريانىدا، قىرغىزلار مۇشۇ ئاپەتلەر تۇپەيلىدىن قانداق كۆلپەتلەرنى تارتمىغان؟ مومىن بوۋاينىڭ تاڭ يورۇغان چاغدا مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانىغا ئاتاپ قارا قوينى قۇربانلىق قىلغاندا ئۇنىڭدىن تىلىگەنلىرىمۇ دەل مۇشۇلار

ئەمەسمىدى؟

ئۇلار مېڭىپ كەتتى. بالىمۇ ئۆز خىيالىدا ئۇلار بىلەن بىللە كەتتى. ئۇ قۇلبېك بىلەن كابىنكىدا ئولتۇراتتى. "قۇلبېك ئاكا، — دېدى بالا ئۇنىڭغا، — ئالدىمىزدىكى يولدا مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانا چېپىپ كېتىۋاتىدۇ." "نېمە؟" "راست. مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن. ئەنە. ئاۋۇ شۇ!"

— سەن نېمىنى ئويلاۋاتىسەن؟ نېمىشقا قېتىپلا تۇرىسەن؟ — مومىن بوۋايىنىڭ گېپى ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى، — ئاتقا مىنگىن، ئۆيگە قايتايلى ئەمدى. — ئۇ ئات ئۈستىدىن ئېگىشىپ نەۋرىسىنى ئىگەرگە ئالدى، — توڭلاۋاتامسەن؟ — بوۋاي جۇۋىسىنىڭ پېشى بىلەن نەۋرىسىنى توڭمايدىغان قىلىپ يوگىدى.

ئۇ چاغدا بالا تېخى مەكتەپكە بارمىغان ئىدى.

ئەمدىلىكتە بولسا، ئۇ ھەر بىر قاتتىق ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، ئەنسىزلىك بىلەن:"ئاغرىپ قالدىممۇ نېمە، نېمانچە بىئارام بولىمەن، ئەتىلىككە مەكتەپكە قانداق بارارمەن؟....." دەپ ئويلايتتى. ئارقىدىنلا، ئۇ غۇۋا ھالدا، ئۆزىنى ئايال مۇئەللىمى داسكىغا يازغان "ئات. ئاتا. تاقا" دىگەن سوزلەرنى دەپتىرىگە كوچۈرۈپ يېزىۋاتقاندەك ھىس قىلدى. ئۇ ھازىر 1 — سىنىپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، بۇ خەتلەرنى دانە — دانە قىلىپ پۈتۈن دەپتىرىگە تولدۇرۇپ يازاتتى. "ئات. ئاتا.تاقا. ئات. ئاتا.تاقا." ئۇ چارچاپ قالدى، كوزلىرى ئىمىر — چىمىر بولۇپ كەتتى ھەمدە ئۆزىنى قىزىپ كەتكەندەك، ئىنتايىن قىزىپ كەتكەندەك ھىس قىلىپ، يوتقىنىنى تېپىپ ئېچىۋەتتى. ئۇ ھېچنېمە يېپىنماي ئۇچۇق يېتىپ توڭلاپ كەتكەن چېغىدا،

يەنە ھەر قىسما چۈشىلەرنى كوردى. بىر تۈرۈپ، ئۇ بىلىققا ئوخشاش مۇزدەك دەريادا ئۈزەتتى، ئاق پاراخوتقا قاراپ ئۈزەتتى، لېكىن قانچە ئۈزۈپمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىشالمايتتى. بىر تۈرۈپ، شۇىرغاندا قالاتتى، قۇرۇق ئوت بېسىلغان ماشىنىلارنىڭ چاقلىرى قارلىق تۇمان قاپلىغان قويۇن ئىچىدە، تىك تاغ يولىدا قۇرۇق پىقىرايتتى. ماشىنىلار گويا ئادەملەر ھوڭگۇرەك ئېيتىپ يىغلىغاندەك ھوكىرەيتتى، لېكىن چاقلىرى بولسا يەنىلا بىر ئىزدا پىقىرايتتى. ئەسەبىلەرچە پىقىراۋاتقان چاقلاردىن ئۇچقۇن چىقاتتى. چاق ئاخىرى بولماي كويۇشكە باشلىدى، ئوت چاقنىڭ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقاتتى. مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانا قۇرۇق ئوت بېسىلغان ماشىنىنى مۈڭگۈزى بىلەن ئىتتىرىپ تاققا چىقىرىپ قوياتتى. بالا بولسا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭغا ياردەملەشكەچكە، ئۇ ئىسسىق تەرگە چومۇپ كەتتى. تۇيۇقسىز، ئوت بېسىلغان ماشىنا بوۋاق بالىنىڭ بوشۇگىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانىنىڭ ئوزىگە: "تېز بولايلى، بوشۇكنى بېكەي ھاماڭ بىلەن ئاروزقۇل تاغاڭغا ئاپىرىپ بېرەيلى" دېگىنىنى ئاڭلىدى. ئۇلار يۈگۈرەشكە باشلىدى. ئۇ يېتىشەلمىدى. بىراق ئۇنىڭ ئالدىدا، قاراڭغۇلۇقتا بوشۇكتىكى كىچىك قوڭغۇراق توختىماي جىرىڭلايتتى. ئۇ شۇ ئاۋازنىڭ كەينىدىن يۈگۈرەيتتى.

ئۇ ئويغىنىپ كەتتى، پەلەمپەيدىكى ئاياق تىۋىشىنى ۋە ئىشىكنى ئاچقان ئاۋازلارنى ئاڭلىدى. مومىن بوۋاي بىلەن مومىسى قايتىپ كەلگەن ئىدى، ئۇلار خېلىلا تىنجىپ قالغاندەك كورۈنەتتى. يات ئادەملەرنىڭ ئورمان قاراۋۇلخانىسىغا كېلىشى بىلەن، ئاروزقۇل بىلەن بېكەي ھامىسىمۇ جىمىپ قالغاندەك ئىدى. بىراق ئاروزقۇلنىڭ ھاراقتىن ئاچچىغىنى چىقىرىپ، ھېرىپ ئۇخلاپ قالغان بولۇشىمۇ

مۇمكىن ئىدى. ھويلىدا نە ۋايجان-ۋايەيلەر، نە تىل-ئاھانەتلەر ئاڭلانمايتتى.

تۇن يېرىمىغا ئاز قالغاندا، ئاي تاغدىن كوتىرىلىپ چىقتى. ئۇ خۇددى ئىگىز مۇزلۇق چوققىسىغا ئېسىپ قويىغان ساغۇچ تەخسىگە ئوخشايتتى. ھىچقاچان ئېرىمەيدىغان مۇز بىلەن قاپلانغان تاغ چوققىلىرى قاراڭغۇدا چوخچىيىپ تۇراتتى، دولقۇنغا ئوخشاپ تۇرغان تاغ قىرلىرى ئاينىڭ نۇرىدا كۈمۈشتەك چاقنايتتى. ئەتراپتىكى تاغلار، تىك قىيالار ۋە قىمىر قىلماي تۇرغان قاپ-قارا ئورمانلارنى جىمجىتلىق قاپلىغان ئىدى. پەقەت تاغ ئاستىدىكى دەريا سۈيىلا قىرغاقتىكى تاشلارغا ئۇرۇلۇپ شاقىرايتتى.

ئاينىڭ خىرە نۇرى دەرىزىدىن قىيپاش چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ نۇر بالىغا كاشىلا قىلاتتى. ئۇ كوزىنى قىسقان پېتى ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئورۇلەتتى. بىرنەچچە قېتىم موممىسىغا پەردىنى تارتىپ قويۇشنى ئېيتماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئېغىز ئاچمىدى، چۈنكى موممىسى بوۋىسىغا كايىۋاتاتتى.

— ئەخمەق، — دەيتتى موممىسى ئۇخلاشقا يېتىۋېتىپ پەس ئاۋازدا، — ئەگەر سەن خەقلەر بىلەن قانداق ئوتۇشنى بىلمىسەڭ، ئەڭ ياخشىسى ئۈنچىقمايلا قوي. باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلا. سەن ئوزەڭنىڭ ئۈنىڭ قولىدىكى كىشى ئىكەنلىكىڭنى بىلىشىڭ كېرەك. سېنىڭ مائاشىڭنى شۇ بېرىۋاتىدۇ. ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، ئۈنى ھەر ئايدا بېرىۋاتىدۇ. مائاشىڭ بولمىسا، سەن ئادەم بولغان بولامسەن؟ مۇشۇنچىلىك ياشقا كىرگەن بولساڭمۇ ساڭا ئەقىل كىرمەپتۇ......

بوۋاي جاۋاپ بەرمىدى. موممىمۇ ئۈنچىقمىدى. كېيىن توساتتىنلا كۈتۈلمىگەندە يەنە:

— ئەگەر بىر ئادەم مائاشىدىن مەھرۇم قىلىنسا، ئۇ ئادەم ھىساپ-لانمايدۇ، باشقا بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ! — دەپ تووۋلىدى.

بوۋاي يەنىلا ھېچنىمە دەپ جاۋاپ قايتۇرمىدى.

بالا ئۇخلىيالمىدى. بېشى ئاغرىپ، ئوي-پىكرى چېچىلدى. مەكتەپنى يادىغا ئېلىپ، ئۇ ئەنسىرىگەلى تۇردى. ئۇ ئەسلا دەرس-تىن قېلىپ باقمىغان ئىدى، ناۋادا ئەتىلىككە جېلىسايدىكى مەكتەپكە بارالماي قالسا قانداق بولىدۇ؟ بالا يەنە، ئەگەر ئاروزقۇل بوۋامنى خىزمىتىدىن ھەيدىۋېتىپ قالسا، مومام بوۋامغا كۈن بەرمەيدۇ. ئۇ چاغدا بىز قانداق قىلارمىز؟ دەپ ئويلايتتى.

نېمىشقا كىشىلەر مۇشۇنداق تۇرمۇش كەچۈرىدىغاندۇ؟ نېمىشقا بەزىلەر ۋەھشى، بەزىلەر ئاقكۆڭۈل كېلىدۇ؟ نېمىشقا بەزىلەر بەخت-لىك، بەزىلەر بەختسىز بولىدۇ؟ نېمىشقا بەزىلەردىن ھەممە خەق قورقىدۇ، بەزىلەردىن ھېچكىم قورقمايدۇ؟ نېمىشقا بەزىلەرنىڭ بالىسى بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ بالىسى بولمايدۇ؟ نېمىشقا بەزىلەر باشقا بىراۋنىڭ مائاشىنى بەرمەسمۇ بولىۋېرىدۇ؟ ئېھتىمال، ئەڭ ياخشى ئادەملەر ئەڭ يۇقۇرى مائاش ئالىدىغانلار بولسا كېرەك! بوۋامنىڭ مائاشى ئاز بولغاچقا، ھەممە ئادەم ئۇنى بوزەك تېپىۋاتىدۇ. ھەي، قانداق قىلغاندا بوۋاممۇ كۆپرەك مائاش ئالىدىغان بولار؟ بەلكىم ئۇ چاغدا ئاروزقۇلمۇ بوۋامنى ھورمەتلەيدىغان بولۇپ قالار.

مۇشۇنداق خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىنى قوچۇپ، بېشىنى تېخىمۇ ئاغرىتىۋەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىغا يەنە كەچقۇرۇنلۇغى دەريانىڭ ئۇ قې-تىدىكى سايدا كورگەن بۇغىلار كىرىۋالدى. ئۇلار ئۇ يەردە كېچىنى قانداق ئۆتكۈزىدىغاندۇ؟ ئۇلار تاشلىق سوغاق تاغدا، قاپ-قاراڭغۇ ئورمان ئىچىدە تەنھا ياتامدىغاندۇ؟ ئۇ يەر بەكلا قورقۇنچلۇق

ئەمەسمىدۇ؟ مۇبادا ئۇلارغا بورە ھۇجۇم قىلىپ قالسا قانداق قىلىدىغاندۇ؟ كىم يەنە خىسلەتلىك بوشۇكنى مۇڭگۈزى بىلەن كوتىرىپ بىكەي ھامامغا ئەكىلىپ بېرەر؟

بالا قورقۇنچ ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۇخلاپ قالدى، ئۇخلاۋېتىپمۇ مۇڭگۈزلۈك بۇغا ئانىنىڭ ئاروزقۇل بىلەن بىكەي ھامىمىغا ئاق قېيىن ياغىچىدىن ياسالغان بىر بوشۇك ئەكىلىپ بېرىشىنى تىلىدى. ”ئۇلارغا پەرزەنت بەرگەيسەن، بالا ئاتا قىلغايسەن!“ دەپ مۇڭگۈزلۈك بۇغا ئانىغا ئىلتىجا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىراق بىر يەردە بوشۇكتىكى قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلاۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. مۇڭگۈزلۈك بۇغا ئانا مۇڭگۈزىگە خىسلەتلىك بوشۇكنى ئىلىپ ئالدىراپ چېپىپ كېلىۋاتاتتى......

## (7)

سەھەردىلا بالىنى بىر قول سىلاپ ئويغىتىۋەتتى. بوۋاي ھېلىلا كوچىدىن كىرگەن بولغاچقا، قولى مۇزدەك ئىدى. بالا ئىختىيارسىز ھالدا تۈگۈلۈۋالدى.

— يېتىۋەر، يېتىۋەر، — بوۋاي قولىنى ھورداپ نەۋرىسىنىڭ پېشانىسىنى سىلىدى، ئارقىدىن ئالقىنى بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىنى، قوسىقىنى تۇتتى ۋە: — ئاغرىپ قالدىڭمۇ نىمە، — دىدى بوۋاي غەم قىلىپ، — سەن قىزىپ قاپسەن. مەن تېخى ھېلىلا سېنى مەكتەپكە بارىدىغان ۋاخ بولۇپ قالىمۇ نىمشقا يېتىۋېرىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ-

تىمەن.

— مانا هازىر قوپىمەن، — دەپ بالا بېشىنى كوتەردى، ئۇنىڭغا ئالدىدىكى ھەممە نەرسە پىقىراۋاتقاندەك. قۇلاقلىرى غوڭۇلداۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— قوپمىغىن، — بوۋاي نەۋرىسىنى ياستۇققا ياتقۇزۇپ قويدى، — سەندەك ئاغرىپ قالغان بالىنى كىم مەكتەپكە ئاپىرىدىكەن؟ قېنى تىلىڭنى چىقارغىنا، كورۇپ باقاي.

بالا ئۇزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى:

— خانىم تىللايدۇ. خانىم دەرسكە كەلمەيدىغانلارنى بەك يامان كورىدۇ.....

— تىللىمايدۇ. مەن بېرىپ ئېيتىپ قويىمەن. قېنى. تىلىڭنى چىقىرە.

بوۋاي بالىنىڭ تىلىغا ۋە كېكىرتىكىگە سىنچىلاپ قارىدى. ئۇزاققىچە تومۇرىنى تۇتتى. بوۋاي ئېغىر ئىشلارنى قىلىپ قېتىپ كەتكەن بارماقلىرى بىلەن ئۇتتەك قىزىپ، تەرلەپ تۇرغان نەۋرىسىنىڭ بىلىكىدىن ئۇنىڭ يۇرىكىنىڭ سوقۇشىنى ئۇستىلىق بىلەن پەملىدى. ئۇ ناھايىتى ئىشەنچلىك ھالدا نەۋرىسىگە تەسەللى بەردى:

— خۇدايىم رەھىم-شەپقەتلىك. ئازراقلا زۇكام بولۇپ قاپسەن، شامال تېگىپ قاپتۇ. ھېچقىسى يوق، بۇگۈن يوتقاندىن چىقماي ياتقىن، ئاخشاملىققا مەن قوي يېغىنى قىزىتىپ تاپىنىڭنى ۋە مەيدەڭنى ياغلاپ قويسام، تازا بىر تەرلەيسەن. خۇدايىم بۇيرۇسا، ئەتە ئەتىگەندە تۇرۇپ كېتىسەن-دە، قۇلانغا ئوخشاش چاپىسەن!

مومىن ئوزىنىڭ تۇنۇگۈنكى ئىشلىرىنى ۋە يۇز بېرىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئويلاپ، تەرى يەنە

تۇرۇلدى. ئۇ نەۋرىسىنىڭ يوتقىنىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ، چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى.

— خالىغىنىڭنى قىل! — دېدى بوۋاي ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ ئۆزىگە ئۆزى. — سەن قاچاندىن تارتىپ ئاغرىپ قالدىڭ؟ نىمىشقا بالدۇرراق گەپ قىلمايسەن؟ — دېدى ئۇ يەنە نەۋرىسىگە. — ئاخشام ئاغرىپ قالغانمىدىڭ يا؟

— كەچقۇرۇن ۋاقتى ئىدى. نېرىقى قىرغاقتىكى بۇغىلارنى كورگەندىن كېيىن مەن سېنىڭ يېنىڭغا يۈگۈرەپ كەلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن مۇزلاشقا باشلىدىم.

بوۋاي نىمىشقىدۇ بىر خىل ئەپۇ سورىغاندەك ئاھاڭ بىلەن سوزلىدى:

— بوپتۇ..... سەن يېتىۋەرگىن، مەن چىقىپ كەتتىم.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، نەۋرىسى ئۇنى قىچقاردى:

— بوۋا، بىزنىڭ ئۇ يەردە كورگىنىمىز ھىلىقى مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانىنىڭ ئوزى شۇ-ھە؟ ھىلىقى ئېقى، سۇتتەك ئاپپىغى، كوزلىرى مۇنداق قارايدىغىنى. بەئەينى ئادەمنىڭكىگە ئوخشايدىغىنى.....

— بۇ بالىنىڭ ئەخمەقلىغىنى، — دەپ مومىن بوۋاي زورىغا كۈلۈمسىرىدى، — بوپتۇ، سەن دىگەندەكمۇ بولسۇن. بەلكىم شۇدۇر، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ، — بۇغا ئانىنىڭ خىسلىتىنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ، ئۇنى كىم بىلسۇن؟.....بىراق مېنىڭچە.....

بوۋاي سوزىنى تۈگەتمىدى. ئىشىك تۈۋىدە موماي پەيدا بولدى. ئۇ ئالدىراپ كىرىپ كەلدى، ئۇ بەزى خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان ئىدى.

— ھوي، بوۋاي، ئاۋۇ ياققا بارغىن، — دېدى موماي ئىشىكنىن كىرىپلا. مومىن بوۋاي شۇ زامات بېشىنى سىلىپ، يەنە بىچارە قىيا-

پەتكە، روھسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، — ئۇ يەردە ئۇلار دەريادىكى ياغاچلارنى ماشىنا بىلەن سورەپ چىقارماقچى بولۇشۇۋېتىپتۇ، شۇڭا سەنمۇ بارغىن، نىمە قىلىدىسە شۇنى قىلغىن.....ۋاي خۇدايىمەي، سۈتنى پىشۇرماپتىمەنغۇ تېخى! — دەپ موماي تۇيۇقسىزلا ئېسىگە ئالدى-دە، ئۇچاققا ئوت قالاشقا باشلىدى، چىنە-قاچىلار جاراڭ-جۇرۇڭ قىلىپ كەتتى.

بوۋاي قوشۇمىسىنى تۈردى. ئۇ گەپ قايتۇرماقچى، بىر نەرسە دىمەكچى بولدى. لېكىن موماي ئۇنى ئېغىز ئاچقۇزمىدى.

— ھوي ماڭا نىمانداق تىكىلىسەن؟ — دەپ كايىپ كەتتى موماي. — نىمشقا تېخىچىلا مۇنداق كاجىلىق قىلىسەن؟ بىزدەك ئادەملەر كاجىلىق قىلساق بولمايدۇ، ھۇ شور پىشانە! سەن ئۇلارغا قارشىلىق قىلغۇدەك قانداق ئادەمتىڭ؟ قاراپ باق، ئاروزقۇلنى ئىزلەپ كېلىدىغانلار قانداق ئادەملەر؟ ئۇلارنىڭ ماشىنىلىرىچۇ تېخى؟ بۇنداق ماشىنا ئون تال ياغاچنى بېسىپ تاغدا ماڭالايدۇ! ئۇقامسەن؟ ئارۇزقۇل بولسا ھازىر ھەتتا بىزنى كوزىنىڭ قىرىغىمۇ ئىلىپ قويمايۋاتىدۇ. مەن قانچە نەسىھەت قىلسامۇ، يەتتە پۇكۇلۇپ، توققۇز تازىم قىلسامۇ، قىزىڭنى ئىشىگىگە يېقىن يولاتمايۋاتىدۇ. سېنىڭ تۇغماس قىزىڭ ھازىر سېپىدەخمەتلەرنىڭ ئويىدە ئولتۇرىدۇ. يىغلاپ قاپاق-لىرىمۇ ئىششىپ كېتىپتۇ. ئۇ سېنى — ئۇزىنىڭ كاللىسى يوق دادىسىنى قاغاۋاتىدۇ!......

— بولدى قىل، بەس! — بوۋاي تاقەت قىلالمىدى، ئىشىككە قاراپ كېتىۋېتىپ، — بالا ئاغرىپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا قىزىق سۈت ئىچ-كۈزۈپ قويغىن، — دىدى.

— ئىچكۈزۈپ قويىمەن، ئۇنىڭغا قىزىق سۈت ئىچكۈزۈپ قويىمەن،

بولدى، كېتىۋەرگىن، خۇدايىمغا ئامانەت، — دەپ بوۋايىنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە غودۇڭشىدى: — زادى ئۇنىڭغا قانداق جىن چاپلاشقاندۇ؟ ئۇ ھېچكىم بىلەن تاكاللاشمايدىغان، ھەرقانداق ۋاقىتتا نىمە دېسە ماقۇل دەيدىغان ئادەم ئىدى، ئەمدى ئۇشتۇمتۇتلا مۇنداق قىلىۋاتقىنىنى، يەنە كېلىپ ئاروزقۇلنىڭ ئېتىنى مىنىۋېلىپ، چېپىپ يۈرگىنىنى بۇنىڭ. بۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ كاساپىتىڭدىن بولۇۋاتىدۇ، — ئۇنىڭ يىرتقۇچلارنىڭكىدەك كوزى، خۇددى نەشتەر-دەك، بالا تەرەپكە قادالدى. — مۇشۇنداق بىر نىمىنى دەپمۇ قاراملىق قىلغان بارمۇ!......

ئانچە ئوتمەي، ئۇ ئۇستىدە قايماق لەيلەپ تۇرغان قىزىق سۇتنى بالىغا تۇتتى. سۇت ئۇنىڭ ئاغزىنى كويدۇرۇۋەتتى. موماي بولسا ئۇنى ئىچىشكە قىستىدى:

— ئىچە، قورقماي قىزىغىدا ئىچ. زۇكامنى قىزىق نەرسە بىلەنلا چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ.

بالىنىڭ ئاغزى كويۇپ كەتكەچكە كوزىدىن تاراملاپ ياش ئېقىپ كەتتى. مومىسى بىردىنلا مۇلايىملىشىپ قالدى:

— ئەمىسە سوۋۇسۇن، ئازراق سوۋۇسۇن......ئەجەپ ئىش بولدى، قېرىشقاندەك سېنىڭ مۇشۇنداق چاغدا ئاغرىپ قالغىنىڭنى قارا! — دەپ ئۇھ تارتىپ قويدى.

بالىنىڭ خېلى بۇرۇنلا تەرىتى قىستاپ كەتكەن ئىدى. ئۇ سورۇلۇپ ئورنىدىن تۇردى-دە، پۇتۇن بەدىنىنىڭ بىرقىسىملا بولۇپ، بوششىپ ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. مومىسى پەملىدى بولغاي:

— نىمە بولدۇڭ، سىيگىڭ كەلدىمۇ؟ — دىدى.

— ھەئە، — دېدى بالا جاۋاپ بېرىپ.
— توختاپ تۇر، مەن ساڭا ئەكېلىپ بېرەي. موماي بالىغا گار-شۇكنى ئەكېلىپ بەردى.
بالا ئاستا ئارقىغا ئورۇلۇپ، گارشۇكقا سىيدى. ئۇ ناھايىتى ھەيران قالدى. سۈيدۈگى شۈنچىلىك سېرىق، شۈنچىلىك ئىسسىق ئىدى.
ئەمدى ئۇ ئۆزىنى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. بېشىنىڭ ئاغرىغىمۇ پەسەيدى.
ئۇ يوتقاندا جىمغىنا يېتىپ، مومىسىنىڭ ئۆزىنى كۈتكەنلىكىگە رەخمەت ئېيتتى. ئۇ ئەتە ئەتىگەندە جەزمەن ئويغىنىپ كېتىمەن، چوقۇم مەكتەپكە بارىمەن دەپ ئويلىدى. ئۇ تېخى مەكتەپكە بارغاندا، ئورمانلىقتا كورگەن ئۈچ بۇغا توغرىسىدا قانداق سوزلەپ بېرىشنى، يەنى بۇ بۇغىلار ئىچىدىكى ئاق بىرىسىنىڭ مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانا ئىكەنلىگىنى؛ ئۇنىڭ خېلى چوڭ بولۇپ قالغان، تېمەن بىر بۇغىچىغى بارلىغىنى؛ بۇلار بىللە بىللەن بۇلارنى بورىدىن قوغدايدىغان، ئۆزى قاۋۇل، مۈڭگۈزى يوغان، ناھايىتى كۈچلۈك بىر قوڭۇر رەڭ ئەركەك بۇغا بارلىغىنى سوزلەپ بېرىشنى ئويلىدى. ئۇ يەنە كوپچىلىككە، ئەگەر بۇغىلار بۇ يەردىن كېتىپىلا قالمىسا، مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانا جەزمەن ئاروزقۇل تاغىسى بىلەن بېكەي ھامىسىغا بىر خىسلەتلىك بوشۇك ئەكېلىپ بېرىدىغانلىغىنى ئېيتىپ بېرىشنىمۇ ئويلىدى.

*  *  *

ئەتىگەندە بۇغىلار سۇ بويىغا كەلدى. كۈزنىڭ قىسقا كۈنلىرىدىكى قۇياش چوققىلار ئۈستىدە ئەمدىلا يېرىم-ياتا كورۈنگەن چاغدا، ئۇلار ئورماندىن چىقىپ كەلگەن ئىدى. قۇياش بارغانسېرى ئىگىز

كوتىرىلدى، قۇياش ئاستىدىكى تاغلارنىڭ ئارىلىرىمۇ بارغانسېرى يورۇپ، ئىللىشقا باشلىدى. بىر كېچىلىك قاتتىق ئۇيقۇدىن كېيىن، ئورمان قايتىدىن جانلىنىپ، رەڭگا ـ رەڭ بولۇپ كەتتى.

بۇغىلار دەرەخلەر ئارىسىدىن چىقىپ، ئالدىرىماي ـ تەمكىن ماڭاتتى، دەرەخلەر ئارىسىدىكى بوشلۇقتا توختاپ ئاپتاپ سىناتتى، شاخلاردىكى شەبنەم چۈشكەن يوپۇرماقلارنى تېتىپ كورەتتى. ئۇلار يەنىلا ئاشۇ تەرتىپ بىلەن ــ ئالدىدا يوغان مۈڭگۈزلۈك ئەركەك بۇغا، ئوتتۇرىدا بۇغىچاق، ئەڭ ئارقىدا بەللىرى يوغان كەلگەن مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانا ماڭاتتى. بۇغىلار كېلىۋاتقان يالغۇز ئاياق يول تۈنۈگۈن ئاروزقۇل بىلەن مومىن بوۋا نەس ياغاچنى دەرياغا چۈشۈرگەن يول ئىدى. ياغاچنى سورىگەندە تاغدىكى قارا توپىدا قالغان ئىزلار خۇددى يېڭىلا ھەيدەلگەن چىملىق يەرگە ئوخشاش تۇراتتى. بۇ يالغۇز ئاياق يول سايغا باراتتى، ياغاچ ئاشۇ يەردە دەريا تېگىدىكى تاشلار ئارىسىغا قىسىلىپ قالغان ئىدى.

بۇ يەر تېيىز ساي بار بولۇپ، سۇ ئىچىشكە ئەپلىك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇغىلار بۇ تەرەپكە كەلگەن ئىدى. ئاروزقۇل، سېيدەخمەتلەر بىلەن بىللە ياغاچ توشۇشقا كەلگەن ئىككىيلەنمۇ ياغاچنى ئاغامچا بىلەن دەريادىن تارتىپ چىقىرىش ئۈچۈن قانداق قىلغاندا ماشىنىنى يېقىنراق ھەيدەپ كەلگىلى بولىدىغانلىقىنى كورۈپ باقماقچى بولۇپ بۇ يەرگە كېلىۋاتاتتى. مومىن بوۋاي ئىككىلەنگەن ھالدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ كوپچىلىكنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتاتتى. ئۇ تۈنۈگۈنكى ماجرادىن كېيىن ئەمدى قانداق قىلارىنى، ئوزىنى قانداق تۇتۇشنى، نىملەرنى قىلىشنى بىلمەيتتى. ئاروزقۇل ئۇنىڭ ئىشلىشىگە يول قويارمۇ؟ تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاش، ياغاچنى ئاتقا سورەتمەكچى بولغان

چاغـدا ئۇنى قوغـلىۋېتەرمۇ؟ ناۋادا ئۇ: "سەن بۇ يەرگە نـېمىشـقا كەلدىڭ؟ ساڭا دىمىدىممۇ، سەن ئاللىقاچان ئىشتىن بوشىتىلـدىڭ!" دەپ قالسا، كوپچىلىكنىڭ ئالدىدا راسا تىللاپ، ئۇيـىگە ھەيدىۋەتـسىچۇ؟ بوۋاي قاتـتىق ئەندىـشىگە چومـگەن ھالدا كېلىۋاتاتـتى، ئۇ قىيىن-قىستاققا ئۇچرايدىغاندەك بولسىمۇ، يەنىلا مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسـىدىن موماي كېـلىۋاتاتـتى. ئۇنىڭ ئەگىـشىپ كېلىشىدە گويا قىزىقىشتىن باشقا سەۋەپ يوقتەك كورۈنسىمۇ، لېكىن ئەمىلىيەتتە ئۇ بوۋايـنى يالاپ كېلىۋاتاتـتى. ئۇ چېپىلغاق مومـىنى ئاروزقۇل بىلەن ئەپ بولۇپ قېلىشقا زورلايتتى، ئۇنى ئامال قىلـىپ ئاروزقۇلنىڭ كەڭچىلىك قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۈندەيتتى.

ئاروزقۇل خوجايىنلارچە تەكەببۇرلۇق بىلەن ناھايىتى كورەڭلەپ ماڭاتتى. مېڭىپ كېتىۋېتىپ قاتتىق ھاسىرايتتى، خىرىلدايتتى، ئىكـكى يېقىـغا سۇرلۇك قارايتـتى. ئۇ ھـاراقـنى كوپ ئىچىۋەتـكەنلىكى ئۇچۇن بېشى ئاغرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئىگىـسىدىن تاياق يېگەن سادىق ئىتتەك ئەگىشىپ كېلىۋاتقان مومىن بوـۋاينى كورگەندە، ئىنتىقامىنى ئېلىۋالغاندەك ھىس قىلدى. "ھىچگەپ يوق، ئىش بۇنىڭـلىق بىلەن تۈگـمەيدۇ تېخـى. مەن ھازىـر ساڭا قاراپمۇ قويمايمەن. مەن ھازىر سېنى يوق دەپلا ھىساپلايمەن. سەن تېخى ئوزەڭ كېلىپ ئايىغىـمغا باش ئۇرىسـەن." ئاروزقۇل تۈنۈگۈن كېچە خوتۇنى ئوزىنىڭ ئايىغى ئاستىدا جېنىنىڭ بېرىچە چىقىـرىغان چاغدىكى ئەھۋالنى كورەڭلىگەن ھالدا ئويلىدى، ئۇ چاغدا، ئۇ خوـتۇننى تەپـكەن، ئىشىكتىن تېپـىپ چىقىرىۋەتـكەن ئىـدى. "ئۇلار بېرىۋەرسۇن. بۇلارغا ياغاچنى بېرىپ يولغا سالغاندىن كېيىن، ئاتاـبالا ئىككىـنى بىر يەرگە ئەكېـلىپ سوقۇشتۇرىـمەن. ھـازىر قىزى

دادىسىنىڭ كوزىنى ئويۇۋېتىشمۇ مۇمكىن. هازىر ئۇ بەئەينى بىر چىشى بورىدەك ياۋايىلىشىپ كەتتى." ئاروزقۇل كەلگەن كىشلەر بىلەن پاراڭلاشقاچ كېتىۋېتىپ، سوز ئارىلىغىدا مانا مۇشۇنداق ئويلايتتى.

كەلگەن ئادەمنىڭ ئىسمى كوكېتاي ئىدى. ئۇ تېنى ساق، ئوزى قارا كەلگەن بىر سەھرالىق ئادەم بولۇپ، كول بويى رايوندىكى كول-خوزنىڭ بوغالتىرى ئىدى. ئۇ ئاروزقۇل بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان دوست ئىدى. ئون ئىككى يىل بۇرۇن كوكېتاي ئوزىگە بىر ئوي سالماقچى بولغاندا ياغاچنى ئاروزقۇل ھەل قىلىپ بەرگەن ئىدى. يوغان توم ياغاچنى ئۇنىڭغا شال تىلىدىغانغا ئەرزەن باھادا سېتىپ بەرگەن ئىدى. كېيىن بۇ سەھرالىق ئادەم چوڭ ئوغلىنى ئويلىمەكچى بولۇپ، ئوغلى بىلەن كېلىنىگە ئوي سېلىپ بېرىدىغان چاغدىمۇ ئاروزقۇل ئۇنى ياغاچ بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى. هازىر كوكېتاي كى-چىك ئوغلى بىلەن بولەك بولماقچى بولغانلىغى ئۇچۇن، ئوي سېلىشقا ياغاچ كېرەك بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا يەنە كونا دوستى ئاروزقۇل-نى ياردەمگە چاقىردى. تۇرمۇش نىمىدىگەن جاپالىق-ھە! بىر ئىش-نى تۇگەتكەندىن كېيىن، ئەمدى ياخشى بولدى، خاتىرجەم ياشاي-مەنغۇ دەپ ئويلايسەن. بىراق تۇرمۇشتا ئۇشتۇمتۇت يەنە بىر يېڭى ئىش چىقىپ قالىدۇ. هازىر ئاروزقۇلدەك مۇشۇنداق ئادەم بولمىسا، قانداقلا قىلغان بىلەنمۇ ئىش ئەپلەشمەيتتى......

—خۇدايىم بۇيرۇسا، بىز پات ئارىدىلا سېنى يېڭى ئوينىڭ پۇتكەن-لىگىنى مۇبارەكلەشكە چاقىرىمىز. سەن بارساڭ، پۇخادىن چىققۇچە ئىچىشىمىز،—دېدى كوكېتاي ئاروزقۇلغا.

ئاروزقۇل مەمنۇنلۇق بىلەن تاماكا چېكىپ تۇرۇپ:

—رەخمەت. مېھمان بولۇشقا چىللىساڭ، چوقۇم بارىمەن، چىللى-

مساڭمۇ يۈزۈمنى قىلىن قىلىپ تۇرۇۋالمايمەن. ۋاقتى كەلگەندە چا-قىرغىلى كەلسەڭلا، مەن بارىمەن. مەنمۇ سىنىڭكىگە تۈنجى قېتىم مېھمانغا بىرىۋاتمايمەنغۇ. مېنىڭچە بولغاندا، سەن ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرۇپ، كەچ-قۇرۇن قاراڭغۇ چۈشكەندىرەك ئېلىپ كەتسەڭ قانداق؟ ئاساسلىقى، سوۋخوزدىن ئوتكىچە سېزىلىپ قالمىسا دەيمەن. بولمىسا، ناۋادا سېزىلىپ قالسا......—دىدى.

—دۇرۇس، دىدى كوكېتاي ئىككىلىنىپ، —بىراق كەچ كىرگەنچە يەنە خېلى ئۇزاق ساقلاش كېرەك. بىز تۇيدۇرماي مېڭىۋەرمەمدۇق. يولدىمۇ بەرىبىر بىزنى تەكشۇرۇپ يۈرىدىغان پوس بولمىغاندىكىن......بىراق، مۇبادا ساقچىغا ياكى باشقا بىرەر ئادەمگە يولۇقۇپ قالساق......

—شۇ گەپ ئەمەسمۇ، —دەپ گودۇڭشىدى ئاروزقۇل ئاشقازىنى بارام قىلغانلىقى ۋە بېشى ئاغرىغانلىقى ئۈچۈن قوشۇمىسىنى تۇرۇپ، —ئومۇمنىڭ ئىشى بىلەن يولدا يۈز يىللاپ چاپساڭ، ساڭا بىرەر ئىتمۇ يولۇقمايدۇ، بۇ يۈز يىل ئىچىدە بىرەر قېتىم ئۆزەڭ ئۈچۈن ياغاچ بېسىپ ماڭدىڭمۇ، پىشكەللىك باسقىنى باسقان. ھامان شۇنداق بولىدۇ......

ئۇلار جىمىپ قالدى، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئويلايتتى. ئاروزقۇلنىڭ شۇ تاپتا ياغاچنى ئىلاجسىز دەرياغا تاشلىۋەتكەن تۈنۈگۈنكى ئىشتىن سەپرايى ئىنتايىن ئورلىمەكتە ئىدى. "ئۇنداق بولمىغان بولسا، ياغاچنى بۇرۇنلا تەييارلاپ تۈنۈگۈن كېچىدىلا ماشىنىغا بېسىپ قويغان بولاتتۇق-دە، تاڭ سۈزۈلگەن ھامان ماشىنىنى يولغا سېلىۋېتەتتۇق......ھەي، قېرىشقاندەك، تۈنۈگۈنكى كۈندە شۇنداق ئىش بولغىنىنى! بۇنىڭ ھەممىسى ئاشۇ مومىن دىگەن مۇناپىق

قىرىنىڭ كاساپىتىدىن، ئۇنىڭ ئىسيان كوتىرىشكە، بوي سۇنماسلىق پىكرىگە كەلگەنلىگىدىن بولدى. خەپ! باشقىسىغۇ مەيلى، لېكىن بۇ ئىشتا سېنى ئۇنداق بولۇشقا قويۇۋەتمەيمەن......“

بۇلار دەريا بويىغا كەلگەندە، بۇغىلار نېرىقى قاتتا سۇ ئىچىۋاتاتتى. بۇ كىشلەر راستىنلا غەلىتىلا ئىدى — ئالدىرىشاتتى، ۋاقىرىشاتتى. ئۇلار ئوز ئىشى ۋە ئوز گېپى بىلەن بولۇپ كېتىپ، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى بۇغىلارنى پەقەت كورمىدى.

بۇغىلار ئەتىگەنلىك شەپەق نۇرىدا قىپ-قىزىل بويالغان چاتقاللار ئارىسىدا، پاك-پاكىز سايدا ھوشۇغىنچە سۇ كېچىپ تۇراتتى. ئۇلار مۇزدەك سۇنى بىردەم-بىردەم، ئالدىرىماي، توختاپ-توختاپ ئىچەتتى. قۇياش نۇرى بارغانسېرى ئىللىپ، ئەتراپ يورۇپ كېلىۋاتاتتى. بۇغىلار سۇ ئىچكەچ قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىدىن ھوزۇرلىناتتى. تاغدىن چۇشكىچە شاخلاردىن دۇمبىسىگە چۇشكەن شەبنەم تامچىلىرى ئاستا-ئاستا قۇرۇپ، دۇمبىسىدىن سۇس ھور كوتىرىلەتتى. بۇ جىمجىت، ئىنتايىن كوكۇللۇك بىر ئەتىگەن ئىدى.

كىشلەر بۇغىلارنى مۇشۇ كەمگىچە بايقىمىدى. ئۇلاردىن بىرسى ماشىنىنىڭ يېنىغا كەتتى، قالغانلىرى قىرغاقتا قالدى. بۇغىلار قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ ئاندا-ساندا ئاڭلىنىپ تۇرغان كىشلەرنىڭ ئاۋازىغا سەزگۇرلۇك بىلەن قۇلاق سالاتتى، چاتما كوزۇپ سورىگەن ماشىنا قارشى تەرەپتىكى قىرغاقتا كورۇنگەندە، ئۇلار سىلكىنىپ قويدى. ماشىنىنىڭ گۇرۇلدىشى گاھ ئورلەپ، گاھ تۇۋەنلەپ تۇراتتى. بۇغىلار سىلكىنىپ قويدى-دە، بۇ يەردىن كەتمەكچى بولدى. لېكىن ماشىنا ئۇشتۇمتۇتلا توختىدى، گوكىرىگەن ئاۋازمۇ بېسىقتى. شۇنىڭ بىلەن بۇغىلار قەدىمىنى ئاستىلىتىپ ئېھتىيات بىلەن مېڭىشقا

باشلىدى — نېرىقى قاتتىكى كىشىلەر قاتتىق سوزلەيتتى، ئاغزىغا كەلگەن بىر نىمىلەرنى دەيتتى.

بۇغىلار سايدىكى يالغۇز ئاياق يولدا ئاستا كېتىۋاتاتتى، دۇمبىسى ۋە مۇڭگۈزلىرى چاتقاللار ئارىسىدىن پات-پات كورۇنۇپ قالاتتى. كىشىلەر ئۇلارنى تېخىچىلا بايقىمىدى. بۇغىلار سايدىكى دەرەخلىقتىن چىقىپ، كەڭ كەتكەن قۇرغاق ساينى كېسىپ ئوتۇشكە باشلىغان چاغدا، قىزغۇچ قۇم ئۇستىدە، يوپ-يورۇق كۇن نۇرى ئاستىدىلا كىشىلەر ئۇلارنى ئوچۇق كوردى. كىشىلەر تۇرغان يېرىدە ئېغىزلىرىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— قاراڭلار، قاراڭلار، ئاۋۇ نىمە! — دەپ ھەممىدىن ئاۋال توۋلىدى سېيىدەخمەت، — كىيىك! ئۇلار قەيەردىن كەلگەندۇ؟

— نىمىگە ۋاقىرايسەن، نىمە دەپ سۇرەن سالىسەن! ئۇ كىيىك ئەمەس، مۇڭگۈزلۇك بۇغا. بىز تۇنۇگۇن كورگەن، — دىدى ئاروزقۇل پىسەنت قىلمىغان ھالدا، — ئۇلار نەدىن كېلەتتى؟ بەلكىم، باشقا بىر يەردىن كەلگەندۇ.

— ۋاي-ۋاي-ۋاي، نىمىدىگەن چىرايلىق! — دىدى بەستلىك كەلگەن ۋە ئىنتايىن خوشال بولۇپ كېتىپ قىن-قىنىغا پاتماي قالغان كوكېتاي ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن كوينىگىنىڭ ياقىسىنى ئېچىپ تۇرۇپ، — تۇكلىرى نىمىدىگەن جۇلالىق، سەمرىپ كېتىپتۇ.....

— ئاۋۇ چىشى بۇغا نىمىدىگەن نوچى! قارا ئۇنىڭ مېڭىشلىرىنى، — دىدى شوپۇر كوزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئارقىدىنلا، — ياپىر، ئىككى ياشلىق بايتالدەك تۇرىدۇ. مېنىڭ تۇنجى قېتىم كورۇشۇمدە.

— ئەركىكىنى دىمەيسەن تېخى! قارىغىنا، ئۇنىڭ مۇڭگۈزى

نىمدىگەن يوغان! پەقەت ئۇنىڭلا مۇشۇنداق مۇڭگۇزى بولىدۇ. ئۇلار ھېچنىمىدىن قورقمايدىكەن. ئۇلار نەدىن كەلگەندۇ، ھە، ئاروزقۇل؟ — دەپ سورايتتى كوكېتاي، ئۇنىڭ چوشقىنىڭ كوزىدەك كىچىك كوزلىرى ئاچكۆزلۈك بىلەن پاقىرايتتى.

— بەلكىم ئۇۋۇ ئۇۋلاش مەنئى قىلىنغان رايوندىن كەلگەندۇ، — دەپ خوجايىنلىق غۇرۇرى بىلەن كورەڭلىگەن ھالدا جاۋاپ بەردى ئاروزقۇل، — تاغنىڭ نېرىقى يېقىدىن كەلگەن. نىمىشقا قورقمايدۇ؟ ھېچنىمىدىن ئۈركۈپ باقمىغانلىغى ئۈچۈن قورقمايدۇ.

— ھەتتىگىنەي، مۇشۇ تاپتىزە بىر مىلتىق بولغان بولسا! — دىدى سېيدەخمەت ئۇشتۇمتۇتلا، — ئۇلاردىن ئىككى سېنتنېردەك گوش چىقار، ھە؟

ھىلىغىچە بىرچەتتە قورۇنۇپ تۇرغان مومىن بۇ چاغدا تاقەت قىلىپ تۇرالماي:

ساڭا نىمە بولدى، سېيدەخمەت، بۇغىنى ئېتىش مەنئى قىلىنغان، — دىدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

ئاروزقۇل خۇنۇك كوزلىرى بىلەن بوۋايغا بىر ئالىيىپ قويدى. "سەن تېخى مېنىڭ ئالدىمدا كېتىۋاللىق قىلغۇدەك بولدۇڭما!" دەپ ئويلىدى ئۇ زەردە بىلەن. ئۇ ئەڭ سېسىق سوزلەر بىلەن بوۋايىنى تىللىماقچى بولغان بولسىمۇ، ئوزىنى تۇتۇۋالدى. قانداقلا قىلمىسۇن بۇ يەردە يات خەق بار-دە.

— يىتىم ئاقساقاللىق قىلماي قوي، — دىدى ئۇ ئاچچىق بىلەن مومىنگە قاراپمۇ قويماي، — بۇغا ئېتىش بۇغا بېقىلىدىغان يەردە مەنئى قىلىنىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە بۇغا بېقىلمايدۇ. بىزنىڭ كارىمىز نىمە، بىلدىڭمۇ؟ — ئۇ نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان مومىنگە قادى-

لىپ قاراپ قويدى.

مومىن:

— بىلدىم، — دەپ ئىنتائەتمەنلىك بىلەن جاۋاپ بەردى ۋە بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە بىر چەتكە ماڭدى. بۇ چاغدا موماي يەنە ئاستا ئۇنىڭ يېڭىنى تارتىپ قويدى.

— سەن ئەڭ ياخشىسى ئۇندىمەي قوي، — دېدى ئۇ ئەيىپلەپ پەس ئاۋازدا. كوپچىلىك ھەممىسى قانداقتۇ ئۇڭايسىزلانغاندەك بېشىنى ساڭگىلىتىشتى.

كىشىلەر تىك يالغۇز ئاياق يولدا كېتىۋاتقان ھايۋانلارنى يەنە قايتا كۆزىتىشكە باشلىدى. بۇغىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تىك قىرغاققا چىقىشتى. قوڭۇر رەڭ ئەركەك بۇغا كۈچلۈك مۈڭگۈزلىرىنى مەغرۇر چايقاپ ئالدىدا كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ كەينىدە مۈڭگۈزى يوق بۇغىچاق كېتىۋاتاتتى. مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋاتاتتى. پاكىز، سېغىز توپىلىق يار ئۈستىدە بۇغىلار ناھايىتى ئوچۇق ھەم چىرايلىق كورۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەركىتى، ھەر بىر قەدىمى كوز ئالدىڭىزدا روشەن ئەكس ئېتەتتى.

— ھەي، نىمىدىگەن چىرايلىق! — دېدى شوپۇر قاتتىق ھەيران بولۇپ. ئۇ پال كوز بىر يىگىت بولۇپ، تۇرقى ناھايىتى مۇلايىم كورۈنەتتى، — ئىست، ئاپاراتنى ئېلىۋالماپتىمەن، بولمىغان بولسا......

— بولدى قوي، چىرايلىق بولسىمۇ، — دېدى ئاروزقۇل نارازى بولغان ھالدا ئۇنىڭ سوزىنى بولۇپ، — تۇرىۋەرمىگىن. چىرايلىق دەپ قاراپ تۇرۇش بىلەن قوساق تويمايدۇ. بول، ماشىناڭنى ئايلاندۇرۇپ، ئارقىسىنى قىرغاققا توغرىلا، ئىمكان قەدەر سۇغا كىرگۈزگىن.

سىپىدەخمەت، سەن ئوتوگۇڭنى سال! — ئۇ كوڭلىدە ئوزىنىڭ
ھوقۇقىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا بۇيرۇق چۇشۇرەتتى. — سەن، —
دىدى شوپۇرغا كورسىتىپ، — ئاغامچىنى ياغاچنىڭ ئۇچىغا باغلىغىن.
تېزرەك بول، يەنە ئىش بار.

سىپىدەخمەت ئوتوگىنى پۇتىدىن كۇچەپ تارتتى. ئۇنىڭ ئوتوگى
سەل كىچىك كېلىپ قالغان ئىدى.

— سەن نىمىگە قاراپ تۇرىسەن، بېرىپ ئۇنىڭغا ياردەملەشكىن،
— دىدى موماي بوۋاينى ئاستا نوقۇپ. — سەنمۇ ئوتوگۇڭنى سېلىپ،
سۇغا كىرگىن، — دەپ زەردە بىلەن بوۋايغا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى
پەس ئاۋازدا.

مومىن بوۋاي ئىتتىك بېرىپ سىپىدەخمەتنىڭ ئوتوگىنى تارتىپ
قويدى، ئوزىمۇ ئوتوگىنى تېزلا يەشتى. بۇ چاغدا ئاروزقۇل بىلەن
كوكېتاي ماشىنىغا قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى.

— ماۋۇ ياققا ھەيدە. ماۋۇ ياققا .

— سەل سولغا. سەل سولغا. بولدى!

— يەنە سەل سولغىراق ماڭغۇز.

يالغۇز ئاياق يولدا كېتىۋاتقان بۇغىلار تۇۋەنىدىكى ماشىنىنىڭ
بىر قىسما گۇكىرىشىنى ئاڭلاپ قەدىمىنى تېزلەتتى. ئۇلار ئۇركۇپ
ئارقىسىغا قاراپ قويدى-دە، تىك قىرغاققا سەكرەپ چىقىپ، كوزنى
يۇمۇپ ئاچقىچە ئاق قېيىنلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

— ھەي، يوقاپ كەتتى!...... — كوكېتاي گويا قولىغا كىرگەن
نەرسە چىقىپ كەتكەندەك، ئەپسۇسلانغان ھالدا ئۇشتۇمتۇت ۋاقىرى-
ۋەتتى.

— كېرەك يوق، ئۇلار قېچىپ كېتەلمەيدۇ! — دىدى ئاروزقۇل

كوكېتاينىڭ كوڭلىدىكىنى پەملەپ ھەمدە ئۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن بولغان ھالدا لاپ ئۇرۇپ، — بۇگۈن كەچ كىرگىچە كەتمە، مەن سېنى مېھمان قىلىمەن. بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى، مەن سېنى تازا ئوبدان مېھمان قىلاي.— ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ، دوستىنىڭ مۈرىسىنى قېقىپ قويدى. ئارزۇقۇلمۇ كوڭۇل ئېچىشنى بىلىدۇ.

— خوپ، ئۇنداق بولسا مەن سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلايمەن، سەن دىگەن ساھىپخان، مەن بولسام مېھمان، — دىدى تېنى ساغلام كەلگەن كوكېتاي بوي سۇنۇپ، كۈلۈمسىرىگەن چاغدا ئۇنىڭ بىر قاتار يوغان سېرىق چىشلىرى كورۈندى.

ماشىنا قىرغاققا كېلىپ توختىدى، ئارقا چاقىنىڭ يېرىمى سۇغا كىردى. شوپۇر قارامىلىق قىلىپ ماشىنىنى يەنە ئىچكىرى ھەيدەشتىن قورقتى. ئەمدى ياغاچنى ئاغامچا بىلەن باغلاشلا قالدى، ئاغامچا يېتىدىغانلا بولسا، ياغاچنى سۇدىكى تاشلار ئارىسىدىن سورەپ چىقىرىش ئانچە تەسكە چۇشمەيتتى.

ئاغامچا سىمدىن ئېشىلگەن بولۇپ ھەم ئۇزۇن، ھەم ئېغىر ئىدى. ئۇنى سۇنىڭ ئىچىدە سورەپ ياغاچقا يەتكۇزۇشكە توغرا كېلەتتى. شوپۇرغا ئۇتۇگىنى سېلىشقا ئانچە خوشياقمىدى، ئۇ دەرياغا ئەندىشە بىلەن قارىدى. ئۇ ئوتۇكنى سېلىۋېتىپ سۇغا كىرسەم ياخشىراق بولارمۇ، ياكى ئوتۇك بىلەنلا كىرسەم بولارمۇ، دەپ ئىككىلىنىپ قالدى. "بەلكىم يالاڭاياق كىرگىنىم ياخشىراق بولار، — دەپ ئويلىدى ئۇ.—سۇ يوتىغا كەلگۇدەك چوڭقۇر تۇرسا، ھامىنى ئوتۇكنىڭ قونچىدىن كىرىپ كېتىدۇ. ھازىر سېلىۋەتمىسەم، كېيىن كۈن بويى ھول ئوتۇكنى كىيىپ يۇرىمەن." لېكىن ئۇ دەريا سۇيىنىڭ ھازىر ناھايىتى سوغاق ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلاپ يەتتى. مومىن بوۋاي بۇ پۇرسەتنى

غەنىمەت بىلدى ۋە:

— بالام، سىز ئوتتۇرغۇزمىزنى سالماڭ، — دەپ ئىتتىك شوپۇرنىڭ يېنىغا باردى، — سېيدەخمەت بىلەن ئىككىمىز كىرىمىز.

— تەكەللۇپ قىلماڭ، بوۋا، — دىدى شوپۇر خىجالەت بولغان هالدا.

—سىز دىگەن مېهمان، بىز بولساق مۇشۇ يەرلىك، سىز بىرىپ كابىنكىدا ئولتۇرىۋېرىڭ! —دەپ مومىن بوۋاي ئۇنى كوندۇردى.

ئۇ سېيدەخمەت بىلەن يوگەكلىك سىم ئاغامچىغا كالتەكنى ئوتكۈزۈپ، سۇغا كىرىپ سورەپ ماڭغاندا، سېيدەخمەت جىنىنىڭ بىرىچە چىقىرىۋەتتى:

—ۋاي جان! بۇ سۇ ئەمەس مۇز ئىكەن!

ئاروزقۇل بىلەن كوكېتاي كەڭ قوساقلىق بىلەن كۆلۈپ تۇرۇپ، ئۇنى رىغبەتلەندۇردى:

—سەل چىدىغىن! بىزدە سېنى ئىسسىتىپ قويىدىغان نەرسە بار!

مومىن بوۋاي لام-جىم دىمىدى. ئۇ ھەتتا سوغاقنىمۇ سەزمىدى. ئىمكان قەدەر باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماسلىق ئۇچۇن، ئۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، سۇ ئاستىدىكى سىلىق تاشلار ئۇستىدە يالاڭاياق مېڭىۋاتاتتى. ئۇ ئىچىدە خۇدادىن: ئاروزقۇلنىڭ ئۇزىنى قايتۇرۇۋەتمەسلىكىنى، قوغلىۋەتمەسلىكىنى، خەقنىڭ ئالدىدا تىللىماسلىقىنى، ئوزىدەك بىر نادان، بەختسىز بوۋايىنى ئەپۇ قىلىشىنى تىلەيتتى......

ئاروزقۇل ھىچنىمە دىمىدى. ئۇ گويا بوۋايىنىڭ خوشامىتىگە پەقەت دىققەت قىلمىغاندەك، ئۇنىڭغا كوز قىرىنىمۇ تاشلاپ قويمىدى. ئەمما

كوڭلىدە، بۇ ئىسيان كوتەرگەن قىرىنى ئاخىر باش ئەگدۇردۇمىغۇ دەپ كورەڭلەيتتى. "مانا مۇشۇنداق، — دەپ ئويلايتتى ئاروزقۇل قىتماللىق بىلەن ئاستىرتىن كۇلۇپ قويۇپ، — ئومىلەپ كىلىپ ئايىغىمغا باش ئۇردى. ھەي، ئىست، مىنىڭ چوڭراق ھوقۇقۇم يوق بولۇپ قالدى، بولمايدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن ياخشى ئادەملەرنىمۇ مۇتلەق بوي سۇندۇرغان بولاتتىم. ئۇنىڭدىن ياخشى ئادەملەرنىمۇ يەردە ئومىلەتكەن بولاتتىم. ناۋادا ماڭا بىرەر كولخوزنى ياكى سوۋخوزنى بولسىمۇ بەرگەن بولسا، مەن ئۇنى جەزمەن ئوبدان باشقۇرغان بولاتتىم. ئۇلار ئادەملەرنى يامان ئۇگىتىپ قويدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق، كولخوز رەئىسىگە ھورمەت قىلمىدى، سوۋخوز باشلىقىغا ھورمەت قىلمىدى، دەپ ئاغرىنىدۇ تىخى.....ھازىر ئاددى بىر پادىچىمۇ رەھبەرلەر بىلەن تەڭ تۇرۇپ سوزلىششكە پىتىنىدىغان بولۇپ قالدى، بۇنداق رەھبەرلەر ھوقۇق تۇتقۇچىلىقى يوق ئەخمەقلەر! ئۇلارغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشقا بولامدۇ؟ بۇرۇن، كىشىلەرنىڭ كاللىسى يەرگە تاۋۇزدەك دومىلاپ چۇشكەن، لىكىن ھىچكىم بىر نەرسە دىيەلمىگەن زامانلار بولغان ئىدىغۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئەكسىچە، كىشىلەر سىنى تىخىمۇ ھورمەتلەيتتى، تىخىمۇ كوپ مەدھىيىلەيتتى. مانا مۇشۇلا توغرا بولغان-دە! ئەمدى بۇگۇنكى كۇنىدىچۇ؟ ھەتتا يارامسىزلارنىڭ يارامسىزلىرىمۇ توساتتىن تاكاللىششقا پىتىنىدىغان بولۇپ قالدى. بوپتۇ، سەن مىنىڭ ئالدىمدا ئومىلەۋەر!" ئاروزقۇل تۇرۇپ-تۇرۇپ ئىچى قارىلىق بىلەن مومىن بوۋاي تەرەپكە قاراپ قويۇپاتتى.

بوۋاي مۇزدەك سۇنى كىچىپ، ئىگىشكەن ھالدا سىيدەخمەت بىلەن بىللە سىم ئاغامچىنى سورەيتتى. بوۋاي ئاروزقۇلنىڭ ئۇزىنى

كەچۈرگەندەك تۇرغانلىقىنى كورۇپ خاتىرجەم بولدى. "سەن مەندەك بىر بوۋاينى ئەپۇ قىلغىن، تۇنۇگۇن يۇز بەرگەن ئىشنى ئەپۇ قىلغىن. — دەيتتى ئۇ ئىچىدە ئارزۇقۇلغا. — تۇنۇگۇن مەن زادى تاقەت قىلالمىغانلىقىم ئۇچۇن ئاتقا مىنىپ نەۋرەمنىڭ مەكتىۋىگە بارغان ئىدىم. ئۇ يىتىم بالا بولغاچقا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماي مۇمكىن ئەمەس. بۇگۇن بولسا ئۇ مەكتەپكە بارمىدى، نىمە ئۇچۇندۇر ئاغرىپ قاپتۇ. ئىسىڭدىن چىقىرىۋەتكىن، مىنى ئەپۇ قىلغىن، يەنە كىلىپ سەن بىلەن ئىككىمىز يات خەق ئەمەس. سىڭگچە، مەنزە سەن بىلەن قىزىم ئىككىڭلارنىڭ بەختىلىك بولۇشۇڭلارنى ئۇمىت قىلمايمەنمۇ؟ ئەگەر خۇدايىم رەھىم قىلىپ قالسا، مەن سىنىڭ خوتۇنۇڭنىڭ يەنى مىنىڭ قىزىمنىڭ يىگى بوۋىغىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلايدىغان بولسام، جەزمەن خۇدايىمغا تەشەككۇر ئىيتىمەن، خۇدايىم مۇبادا مىنىڭ جىنىمنى دەرھال سۇغۇرۇپ ئىلىپ كىتىدىغان ئىش بولسىمۇ، مەن جەزمەن بەختلىك هالدا يىغلايمەن، مەن قەسەم قىلىپ بىرىشتىن قورقمايمەن. پەقەت قىزىمنى بوزەك تاپمىساڭلا بولغىنى، مىنى ئەپۇ قىلغىن. خىزمەتكە كەلگەندە، پەقەت تىنىمدا جىنىم بولىدىكەن، تىنماي ئىشلەۋىرىمەن. پەقەت سەن بىر ئىغىز گەپ قىلىپلا قويىدىغان بولساڭ، مەن ھەممىنى بىجا كەلتۇرىمەن......"

موماي قىرغاقتا تۇرۇپ: "كوپرەك كۆچە، بوۋاي! قارا، ئۇ سىنى ئاللىقاچان ئەپۇ قىلدى. مىنىڭ دىگىنىم بويىچە ئىشلىسەڭلا، ھەممىسى ئىش ئوڭشىلىپ كىتىدۇ" دىگەندەك قىلىپ ھە دەپ بوۋايغا قاراپ قول ئىشارىتى ۋە غەلىتە قىلىقلارنى قىلاتتى.

* * *

بالا ئۇخلاپ قالدى. ئۇ پەقەت مەلۇم بىريەردە مىلتىق ئاۋازى

ئاڭلانغان چاغدىلا بىر قېتىم ئويغاندى. ئەمما ئۇ بىر دەمدىلا يەنە ئۇخلاپ قالدى. تۈنۈگۈن كېچىدىكى ئۇيقۇسىزلىق ۋە كېسەل ئازا-ۋىدىنمىكىن، بۈگۈن ئۇ ناھايىتى تاتلىق، خاتىرجەم ئۇخلىدى. ئۇ چۈشىدىمۇ كارۋاتتا پۇت-قولىنى سوزۇپ ئەركىن، ئازادە ياتقانلى-غىنى، قىزىپمۇ كەتمەي، مۇزلاپمۇ كەتمەي ناھايىتى راھەت ياتقانلىغىنى ھىس قىلدى. ئەگەر مومىسى بىلەن بېكەي ھاممىسى بولمىغان بولسا، ئۇ ئېھتىمال يەنە خېلى ئۇزاق ئۇخلىغان بولاتتى. بۇ ئىككىيلەن گەرچە شۇنچە پەس ئاۋازدا سوزلەشكەن بولسىمۇ، چىنە-قاچىلارنى جاراڭلىتىۋەتكەچكە، ئۇ ئويغىنىپ كەتتى.

—سەن ئاپقۇرا بىلەن داسنى ئالغىن، —دىدى موماي تاشقىرى-قى ئويدە خوشال ھالدا پەس ئاۋاز بىلەن، —مەن چىلەك بىلەن غەلۋىرنى ئالاي. ۋايجان، بىلمىم! ھېرىپ كېتىپتىمەن، جىق ئىشلارنى قىلىپ كېتىپتىمەن-ھە! لېكىن خۇداغا شۈكرى، مەن بەكلا خوشال.

—ۋايەي، دىمەيلا قويۇڭ ئانا، مەنمۇ ناھايىتى خوشال. تۈنۈگۈن ئۇلۇۋالىدىغان يەرگە كەلگەن ئىدىم، گۈلجامال بولمىغان بولسا، ئال-لىقاچان ئۇلۇۋالغان بولاتتىم.

—يەنە گەپ قىلىپ تۇرغىنىڭنى، —دىدى موماي ئۇنىڭغا چۈشەن-دۈرۈپ، —قارىمۇچنى ئالدىڭمۇ؟ يۈر، خۇدايىم ئوزى سوغات ئەۋەتىپ سىلەر ئىككىڭلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويدى. يۈر، يۈر!

ئىشىكتىن چىققىچە بېكەي ئىشىك ئالدىدا مومايدىن بالىنى سورىدى:

—ئۇ ھېلىغىچە ئۇخلاۋاتامدۇ؟

—يەنە بىزە ئۇخلىۋالسۇن، —دىدى موماي جاۋاپ بېرىپ، —تاماق پىشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قىزىق بىر چىنە بېرەيلى.

بالا ئەمدى ئۇخلىيالمىدى. ھويلىدىن ئاياق تىۋىشى ۋە گەپ قىلىشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى. بىكەي ھامىمىسى كۈلمەكتە ئىدى، گۈلجامال بىلەن مومايمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۈلەتتى. باشقا ناتونۇش ئاۋازلارمۇ بار ئىدى. "بۇلار ئېھتىمال كېچىسى كەلگەن كىشىلەر بولسا كېرەك، — دەپ پەرەز قىلدى ئۇ، — دىمەك، ئۇلار تېخى كەتمەپتۇ-دە." مومىن بوۋاينىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايتتى، ئۇزىمۇ كورۈنمەيتتى. ئۇ قەيەردىدۇ؟ نىمە قىلىۋاتىدىغاندۇ؟

بالا تاشقىرىدىكى ئاۋازلارغا قۇلاق سالاتتى، بوۋىسىنى كۈتەتتى. ئۇنىڭ بوۋىسىغا تونۇگۈن كورگەن بۇغىلار توغرىلىق سوزلەپ بەرگۈسى كەلدى. ھايت-ھۇيت دىگۇچە قىش كېلىپ قالىدۇ، ئورماندا بۇغىلار يەيدىغانغا كوپرەك قۇرۇق ئوت تەييارلاپ قويۇش لازىم. ئۇلارغا ئادەمدىن پەقەت قورقماسلىقنى ھەتتا دەريادىن ئوتۇپ بۇ ھويلىغا كېلىشنى ئۇگىتىپ قويۇش كېرەك. بۇ يەرگە كەلسە، ئۇ ئۇلارغا ئوزلىرى ئەڭ ياخشى كورىدىغان نەرسىلەرنى بېرىدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ نىمىنى ئەڭ ياخشى كورىدىغانلىقىنى بىلىشكە تەشنا ئىدى. ئەڭ ياخشىسى بۇغىچاقنى كوندۇرۇپ ئالغان بولسا، نەگە بارسا ئۇنى ئارقىسىدىن ئەگەشتۇرۇپ يۇرگەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى-ھە! بەلكىم ئۇ ئۇزىنىڭ ئارقىسىدىن مەكتەپكىمۇ ئەگىشىپ بارار؟......

بالا بوۋىسىنى كۈتتى، لېكىن ئۇ كەلمىدى. ئۇشتۇمتۇت سېيىدەخمەت كەلدى، نىمشقىدۇر ئۇ ناھايىتى مەمنۇن، خوشال كورۇنەتتى. ئۇ ئىغاڭلىغان ھالدا ئوزىچە كۈلەتتى. ئۇ يېقىن كەلگەندە ئۇنىڭ تىنىقىدىن قويۇق ئىسپىرت پۇرىقى كەلدى. بالا بۇنداق سېسىق، ئاچچىق پۇراقنى بەك يامان كورەتتى، بۇ پۇراق ئۇنىڭغا ئاروزقۇلنىڭ

ئوكتەملىكىنى ۋە بوۋىسى بىلەن بىرگەي ھاممىسىنىڭ قايغۇسىنى ئەسلىتەتتى. لېكىن سېيدەخمەت ئاروزقۇلغا ئوخشمايتتى، ئۇ ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ قالغاندا مۇلايىم، خۇشخۇي بولۇپ كېتەتتى، گەرچە مەسىلىگى يېشلىگەندە ئەقىللىق بولۇپ كېتىشى ناتايىن بولسىمۇ، ياخشى مىجەزلىك، دوت چېلىش بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالاتتى. مۇنداق چاغلاردا، ئۇ مومىن بوۋاي بىلەن توۋەندىكىدەك سوزلىشىپ كېتەتتى:

— ساراڭدەك نىمىگە كۈلسەن، سېيدەخمەت؟ سوقۇشۇپ پۇخادىن چىقتىڭمۇ؟

— ئاقساقال، مەن سىنى مۇشۇنداق ياخشى كورىمەن. راستىنى ئېيتسام، ئاقساقال، مەن سىنى ئۇزەمنىڭ دادىسىدەك ياخشى كورىمەن.

— ھەي، بولدى قوي! باشقا ئادەم بولسا، سىنىڭدەك چېغىدا ئاللىبۇرۇنلا ماشىنا ھەيدەشنى ئۈگىنىۋالغان بولاتتى، سەن بولساڭ تىلىڭنىمۇ يىغالمايسەن. مەن سىنىڭدەك ياشتا بولغان بولسام، ھىچبولمىغاندا تىراكتورغا بولسىمۇ چىقىپ ئولتۇرۇپ كورگەن بولاتتىم.

— ئاقساقال، ھەربىردىكى ۋاقتىمدا كوماندىر ماڭا سەن ئۇنداق ئىشقا يارىمايسەن دىگەن ئىدى. ئەمما مەن پىيادە ئەسكەر ئىدىم، ئاقساقال، ئەگەر پىيادە ئەسكەر بولمايدىغان بولسا، نەگىلا بارغان بىلەنمۇ ئىشنى ئەپلەشتۈرگىلى بولمايدۇ......

— پىيادە ئەسكەر! سەن پىيادە ئەسكەر ئەمەس، ھورۇنسەن! ئەمما سىنىڭ خوتۇنۇڭ ......ھەي، خۇدانىڭ كوزى يوق ئىكەن! سىنىڭدەكتىن يۈزى بولسىمۇ بىر گۈلجامالغا تەڭ كېلەلمەيدۇ!

— لېكىن بىزنىڭ بۇ يەردە بوۋا مەنمۇ بىرلا، ئۇمۇ بىرلا.
— ھەي، ساڭا نىمە دىسە بولىدىكىن ـ تاڭ ......بەستىڭ كالدەك، كاللاڭ بولسا......— مومىن بوۋاي ئۇمىتسىزلىنىپ قولىنى سىلكىيتتى.

— ھى ھى، ھى، — دەپ كۈلەتتى سېيىدەخمەت خىڭىلدىغان ھالدا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ.

كېيىن ئۇ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ، قەيەردىندۇ بىر يەردىن ئاڭلىۋالغان غەلىتە بىر ناخشىنى ئېيتاتتى:

قىپ ـ قىزىل تاغدىن چۈشتۇم،
قىپ ـ قىزىل ئاتقا مىنىپ،
ھەي، قىپ ـ قىزىل سودىگەر ئىشكىنى ئاچ،
بەزمە قىلايلى قىپ ـ قىزىل شاراپ ئىچىپ!

قوڭۇر رەڭ تاغدىن چۈشتۇم،
قوڭۇر رەڭ كالا مىنىپ،
ھەي قوڭۇر رەڭ سودىگەر ئىشكىنى ئاچ،
بەزمە قىلايلى قوڭۇر رەڭ شاراپ ئىچىپ......

ئۇ مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئايىغىنى چىقارماي ئېيتىۋېرەتتى، چۈنكى ئۇ تاغدىن چۈشكىچە توگە، خوراز بولامدۇ، چاشقان، تاشپاقا بولامدۇ، ئەيتاۋۇر ماڭالايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىلا مىنىپ چىقاتتى. مەس بولۇپ قالغان سېيىدەخمەت بالىنى ھەتتا ساق ۋاقتىدىكىدىنمۇ بەكرەك خوش قىلاتتى.

شۇڭا، ھاراق ئىچىۋالغان سېيىدەخمەت پەيدا بولغاندا بالا ئۇنىڭغا قاراپ ناھايىتى سەممى كۈلۈپ قويدى.

— ھوي! — دەپ تووۇلىۋەتتى سېيدەخمەت ھەيران بولۇپ، — ئۇلار ماڭا سېنى ئاغرىپ قالدى دېگەن ئىدى، لېكىن سەن تامامەن ساق ئىكەنسەن. نېمىشقا ھويلىغا چىقىپ يۈگۈرمەيسەن؟ ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، — ئۇ بالىنىڭ كارۋىتىغا ئۆزىنى تاشلىدى، ھاراق پۇرىغى بىلەن يېڭى سويۇلغان خام گوشنىڭ پۇرىغى بالىنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلدى. ئۇ بالىنى سىلاشقا، سۆيۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يىرىك ساقاللىرى بالىنىڭ يۈزىنى ئاغرىتىۋەتتى.

— بولدى، بولدى، سېيدەخمەت ئاكا، — دەيتتى بالا ئۇنىڭغا يالۋۇرغاندەك، — بوۋام قەيەردە قالدى؟ سەن ئۇنى كورمىدىڭمۇ؟

— سېنىڭ بوۋاڭ ئاۋۇ يەردە، ئاۋۇ يەردە، — دېدى سېيدەخمەت نائىلىنىق ھالدا قولىنى پولاڭلىتىپ. — بىز...... ياغاچىنى سۇدىن سورەپ ئەپچىقتۇق. شۇڭا ئىسسىنىش ئۈچۈن ئازراق ھاراق ئىچتۇق. ئەمدىچۇ، ئۇ گوش پىشۇرۇۋاتىدۇ. سەن ئىلدام ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، كىيىمڭنى كىيگىن، بىللە بوۋاڭنىڭ يېنىغا بارىمىز. سەن بۇنداق ياتساڭ قانداق بولىدۇ؟ بۇ قىلىغىڭ توغرا ئەمەس! ھەممە كىشى ئۇ يەردە تۇرسا، سەن يالغۇز ئۆزەڭ بۇ يەردە ياتامسەن.

— بوۋام مېنى ئورنۇڭدىن تۇرما دېگەنتى، — دېدى بالا.

— بولدى قوي، ئۇ ھەرگىز بۇنداق دېمىگەن! جۇر، بېرىپ كورۇپ باقايلى. بۇنداق ئىش كۆندە بولىۋەرمەيدۇ. بۈگۈن زىياپەت بولىدۇ. قاچىمۇ ماي، قوشۇقمۇ ماي، ئېغىزمۇ ماي بولىدۇ! ئىلدام ئورنۇڭدىن تۇرغىن!

ئۇ مەسىلەرچە قوپال ھەركەت بىلەن بالىنى كىيىندۇرۇشكە باشلىدى.

— مەن ئۆزەم كىيىمەن، — بالا بېشى سەل-پەل قېيىۋاتقانلى-

غىنى ھىس قىلىپ، ئۇنى رەت قىلماقچى بولدى. لېكىن مەس بولۇپ قالغان سېيدەخمەت ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى. ئۇ ئۆزىچە ياخشى ئىش قىلىۋاتىمەن، بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك كۈندە — قاچىمۇ ماي، قوشۇقمۇ ماي، ئېغىزمۇ ماي بولىدىغان كۈندە، ئۇلار بالىنى ئۆيدە يالغۇز تاشلاپ قويماسلىقى كېرەك ئىدى دەپ ئويلايتتى......

بالا سېيدەخمەتنىڭ كەينىدىن دەلدەڭشىگەن پېتى ئۆيدىن چىقتى. بۈگۈن تاغدا شامال چىقىپ، بۇلۇتلۇق كۈن بولغان ئىدى. بۇلۇتلار ئاسماندا تېز ئۈزەتتى. ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشكىچىلىك بولغان ئەسنادا ھاۋا ئىككى قېتىم قاتتىق ئۆزگەردى قۇياش نۇرى ئادەمنىڭ كوزىنى چاقنىتىپ تۇرغان ئوچۇق ھاۋا ئادەمنىڭ كەيپىنى قاچۇرۇپ تۇتۇلۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇ بىرئاز بېشى ئاغرىۋاتقاندەك ھىس قىلدى. بىرلا بوران چىقىپ، ئوت كويۈۋاتقان يەردىكى كۈلنى ئۇچۇرۇپ ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇردى. ئۇنىڭ كوزى ئېچىشىپ كەتتى. "بۈگۈن ئۇلار كىر يۇيىدىغان بولسا كېرەك" دەپ ئويلىدى ئۇ. چۈنكى ئادەتتە، جىق كىر يۇيىدىغان كۈنلەردىلا ھويلىغا ئوت يېقىپ، داش قازاندا سۇ قاينىتىپ، ئۈچ ئائىلە ئىشلىتەتتى. بۇ قازاننى بىر ئادەم قوزغىيالمايتتى، ئۇنى بېكەي ھاما بىلەن گۈلجامال ئىككىيلەن بىر بولۇپلا كوتىرەلەيتتى.

بالا كىر يۇيىدىغان كۈننى ناھايىتى ياخشى كورەتتى. بىرىنچىدىن، تالاغا ئوت يېقىلغاندا ئۇ ئوت ئوينىيالايتتى، بۇنداق قىلىش ئۆينىڭ ئىچىدە مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىككىنچىدىن، يۇيۇلۇپ بولغان كىيىملەرنى بولۇپ-بولۇپ يېيىپ قويۇش ناھايىتى قىزىق بولاتتى. ئاغامچىغا يېيىلغان ئاق، كوك، قىزىل كىيىملەر ھويلىنى بىزەۋېتەتتى.

بالا يەنە ئاغامچىغا يېپىقلىق تۇرغان كىيىملەرنىڭ يېنىغا ئاستا بېرىپ، مەڭزىنى هول كىيىملەرگە تەككۈزۈشكە ئامراق ئىدى.

بۇ قېتىم هويلىدا هېچقانداق كىيىم كۆرۈنمەيتتى. ئەمما قازاننىڭ ئاستىدا كۆيۈۋاتقان ئوت ناهايىتى ئۇلۇغ ئىدى، لىق گۆش سېلىنغان قايناۋاتقان قازاندىن قويۇق هور چىقىپ تۇراتتى. گۆش پىشقان ئىدى: گۆشنىڭ مەزىلىك پۇرىقى بىلەن كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ تۈتۈنى دىماققا ئۇرۇپ، ئادەمنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرەتتى. بېكەي هامما قىزىل كۆينەك، يېڭى ئوتۇك كىيىپ، گۈللۈك كەمزۇلىنى يېپىنچاقلىغان هالدا قازانغا ئېگىشىپ چومۇچ بىلەن كۆپۈكنى ئېلىۋاتاتتى. مومىن بوۋاي ئۇنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئوت قالاۋاتاتتى.

— ئەنە، سېنىڭ بوۋاڭ، بارە! — دېدى سېيدەخمەت بالىغا. ئارقىدىن ئۇ يەنە ناخشا باشلىدى:

قىپ - قىزىل تاغدىن چۈشتۇم،
قىپ - قىزىل ئاتقا مىنىپ......

بۇ چاغدا، بېشىنى پاكىز قىردۇرغان، قولىدا پالتا كوتەرگەن، يەڭلىرىنى شۇمەيلىگەن ئاروزقۇل ياغاچ ئۆيىدىن چىقىپ كەلدى.

— سەن نەگە كەتتىڭ؟ — دەپ قاتتىق تولدى ئۇ سېيدەخمەتنى توختىتىپ، — مېهمان بۇ يەردە ئوتۇن يېرىۋاتسا، — ئۇ ئوتۇن يېرىۋاتقان شوپۇرغا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، — سەن ناخشا ئېيتىپ يۈرىسەن.

— ماقۇل، مانا هازىر بارىمەن، — دېدى سېيدەخمەت شوپۇر

تەرەپكە قاراپ كېتىۋېتىپ، — قېنى، بۇرادەر، مەن ئۇزەم يارأي.
بالا ئوتنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان بوۋىسىغا يېقىن كەلدى. ئۇ بوۋىسىنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن ئىدى.
— بوۋا!
بوۋىسى ئاڭلىمىدى.
— بوۋا! — دەپ يەنە بىر تەكرارلىدى ۋە بوۋىسىنىڭ مۈرىسىنى نوقۇپ قويدى بالا. بوۋاي كەينىگە بۇرۇلدى، بالا ئۇنىڭ غەرق مەس چىرايىنى كۇرۇپ، تونۇيالماي قالدى. بوۋىسىمۇ مەس بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ بوۋىسىنىڭ قاچانلاردا مەس بولغىچە هاراق ئىچىپ باققانلىغىنى ئەسكە ئالالمايتتى، ئاندا-ساندا ئىچكەن تەقدىردىمۇ، ئىسسىق كول مويسىپىتلىرىنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن ئوتكۇزۇلىدىغان نەزىرلەردە ئىچەتتى، ئۇنداق چاغلاردا هەممە ئادەمگە هەتتا ئاياللارغىمۇ ۋوتكا بېرىلەتتى. بۇگۇنكىدەك بۇنداق سەۋەپسىزلا هاراق ئىچىپ مەس بولۇپ قالدىغان ئىشنى بوۋىسى ئەسلا قىلىپ باقمىغان ئىدى.
بوۋاي گويا بالىغا ناهايىتى يىراقتىن تىكىلىپ تۇرغاندەك، غەلىتە هەم قوپال كوزى بىلەن قارىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ يۇزى هەم قىزىپ، هەم قىزىرىپ كەتكەن ئىدى، ئۇ بۇ بالىنىڭ ئوزىنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىگىنى تونۇغاندا، ئۇنىڭ يۇزى تېخىمۇ بەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۇزى دەرهال پوكاندەك قىزاردىيۇ، لېكىن شۇ زامات يەنە تاتىرىپ كەتتى.
— نىمە بولدۇڭ؟ — دەپ ئۇ بوغۇق ئاۋازى بىلەن سورىدى ۋە نەۋرىسىنى قۇچىغىغا تارتتى، — نىمە بولدۇڭ؟ ساڭا نىمە بولدى؟ — گويا گەپ قىلىش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويغاندەك، مۇشۇ ئىككى

ئىغىز گەپتىن باشقا گەپ ئۇنىڭ ئاغزىغا كەلمىدى. ئۇنىڭدىكى ھايا-جانلىق نەۋرىسىگىمۇ ئۆتتى.

— ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ بوۋا؟ — دەپ سورىدى نەۋرىسى ئەندىشە قىلىپ.

— ياق، ياق، ھېچنېمە بولمىدىم! — دىدى مومىن بوۋاي چۈشە-نىكسىز قىلىپ، — سەن نېرى كەت، ئازراق ئويناپ كەل. مەن بۇ يەردە ئوت قالاۋاتىمەن......

ئۇ گويا پۈتۈن دۇنيانى چۆرۈۋەتكەندەك، نەۋرىسىنى غاچىلا قىلىپ ئىتتىرىۋېتىشكە تاس قالدى، ئۇ يەنە ئورۇلۇپ ئوتقا قارىۋالدى. ئۇ تىزلىنىپ، ھېچيەرگە قارىماي ئولتۇراتتى، ئۇ كوزلىرىنى ئالدى-دىكى ئوتتىن ئالمايتتى. بوۋاي نەۋرىسىنىڭ ئەس-ھۇشىنى يوقاتقان ئادەمدەك بىر دەم ئايلىنىپ، ھويلىنى ياقىلاپ، ئوتتۇن يېرىۋاتقان سىپىدەخمەت تەرەپكە قاراپ كەتكەنلىكىنىمۇ كورمىدى.

بالا بوۋىسىغا نىمە بولغانلىغىنىمۇ، ھويلىدا نىمە ئىش بولۇۋاتقان-لىغىنىمۇ بىلمەيتتى. ياغاچ ئويگە يېقىن بارغاندىلا، ئۇ بىرمۇنچە قىپ-قىزىل گوشنىڭ يەرگە سېلىنغان بىر پارچە ھايۋان تېرىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلىغىغا دىققەت قىلدى. تېرىنىڭ چورىسى-دىن ھىلىمۇ تارام-تارام قان تەپچىپ تۇراتتى. نېرىراقتا، يۇندا توكىدىغان يەردە بىر ئىت غىڭشىپ ئۇچەي-قېرىنىنى چىشلەپ تارتى-ۋاتاتتى. گوشنىڭ يېنىدا بويى ئىگىز، يۈزلىرى قارامتۇل كەلگەن بىر ناتونۇش ئادەم بىر پارچە تاشقا ئوخشاش زوكزىيىپ ئولتۇراتتى. بۇ كوكېتاي ئىدى. ئۇ ئاروزقۇل بىلەن بىللە پىچاقتا گوش بولۇۋا-تاتتى. ئۇلار ھېچنىمىگە قارىماي، چوك-چوك قىلىپ پارچىلانغان ئۇستىخانلىق گوشلەرنى بىرنەچچە ئۇلۇش قىلىپ تېرە ئۈستىگە

ئالدىرىماي تاشلايتتى.

— بەكلا خوشال بولۇپ كەتتىم! بۇ يۇراق نىمىدىگەن ئىسىل! — دەيتتى قارامتۇل، بەستلىك كەلگەن سەھرالىق بىر پارچە گوشنى يۇراپ تۇرۇپ تووەن بوم ئاۋاز بىلەن.

— ئېلىۋەر، ئېلىۋەر، ئۇزەڭنىڭ ئۇلۇشىگە قوشۇپ قوي! — دىدى ئاروزقۇل ئۇنىڭغا مەرتلەرچە تەكلىپ بېرىپ، — بۇنى سەن كەلگەن كۇنى خۇدايىم ئۇزىنىڭ پادىسىدىن ئاجرىتىپ بىزگە ئەكېلىپ بەردى. بۇنداق ئىش ھەر كۇنى بولىۋەرمەيدۇ.

ئاروزقۇل ھاسىرايتتى، پات-پات ئورنىدىن تۇرۇپ، چىڭقىلىپ كەتكەن قوسىغىنى سىلاپ قويىاتتى، ئۇ گويا بەك تۇيۇنۇپ كەتكەندەك كورۇنەتتى ھەمدە ئۇنىڭ يۇخادىن چىققۇچە ئىچىۋالغانلىغى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ قاتتىق ھاسىرايتتى، دېمىنى بېسىۋېلىش ئۇچۇن پات-پات بوينىنى سوزۇپ قويىاتتى. ئۇنىڭ گوشلۇك، ئىنەكنىڭ ئىششىپ قىزىرىپ كەتكەن ئەمچىكىدەك تۇرغان يۇزى قانائەتتىن ۋە مەسلىكتىن پاقىرايتتى.

بالا بىردىنلا تام تۇۋىدە تۇرغان مۇڭگۇزلۇك بۇغا بېشىنى كورۇپ قېتىپلا قالدى، پۇتۇن بەدىنى تىترەپ كەتتى. كېسىلگەن بۇغا بېشى توپىدا ياتاتتى. بۇغىنىڭ بېشىدىن ئاققان قان سىڭىپ كەتكەن توپىدا پارچە-پارچە قارا داغ پەيدا بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ بۇغا بېشى يولدىن بىر تەرەپكە تېپىۋېتىلگەن پۇتاقلىق كوتەككە ئوخشايتتى. باشنىڭ يېنىدا تىزىدىن كېسىۋېلىنغان تۇياقلىق توت پاچاق تۇراتتى.

بالا بۇ قورقۇنچلۇق مەنزىرىگە ئەنسىزلىك بىلەن قارىدى. ئۇ ئۇزىنىڭ كوزلىرىگە ئىشەنمىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا مۇڭگۇزلۇك بۇغا

ئانىنىڭ بېشى ياتاتتى. ئۇ قېچىپ كەتمەكچى بولدى، لېكىن ئىككى پۇتى ئۇنىڭ گېپىگە كىرمەيتتى. ئۇ ئاق بۇغىنىڭ سەتلىشىپ قالغان جانسىز بېشىغا ھاڭۋاقتىلارچە قاراپ تۇرۇپ قالدى. بۇ — تۇنۇگۈنكى ھېلىقى مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانا. تۇنۇگۈن قارشى قىرغاقتىن ئۇنىڭغا رەھىمدىللىك بىلەن تىكىلىپ قارىغان ئاق بۇغا ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزى كۆڭلىدە سۆزلەشكەن، مۈڭگۈزى بىلەن، قوڭغۇرىغى بار بىر خىسلەتلىك بوشۇك ئەكېلىپ بېرىشنى تىلىگەن ھېلىقى ئاق بۇغا ئىدى. لېكىن ئەمدى بولسا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىردىنلا ھېچنىمىگە ئوخشىمايدىغان بىردۆۋە گۆشكە، سويۇپ ئېلىنغان بىر پارچە تېرىگە، كېسۋېتىلگەن پاچاق ۋە يىراققا چۆرۈۋېتىلگەن كاللىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

ئۇ كېتىشى لازىم ئىدى، لېكىن تېخىچىلا تاياقتەك قېتىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىگىنى، نىمىشقا يۈز بەرگەنلىگىنى چۈشەنمەيتتى. قارامتۇل، بەستلىك كەلگەن سەھرالىق، ھېلىقى گۆش بولۇۋاتقان ئادەم پىچىغىنىڭ ئۇچى بىلەن گۆش دۆۋىسى ئىچىدىن بىر بۇغا بۈرىگىنى سانچىپ ئېلىپ، بالىغا ئۇزاتتى.

— ئالە شاكىچىك، كاۋاپ قىلىپ پىشۇرساڭ، شۇنداق تەملىك بولىدۇ! — دىدى ئۇ.

بالىدا ئىنكاس بولمىدى.

— ئالە! — دەپ بۇيرۇق بەردى ئوروزقۇل.

بالا ئىختىيارسىز ھالدا قولىنى سوزدى. ئۇ يەنىلا ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا تۇراتتى. مۇزدەك قولىدا مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانىنىڭ ھىلىمۇ ئىسسىقى كەتمىگەن بۈرىگىنى چىڭ سىقىملىدى. بۇ چاغدا، ئوروزقۇل ئاق بۇغىنىڭ بېشىنى مۈڭگۈزىدىن تۇتۇپ كۆتەردى.

— قالتىس ئېغىر ئىكەن، — دىدى ئۇ دەڭسەپ كۆرۈپ. —

مۇڭگۈزنىلا بىرمۇنچە كەلگۈدەك.

ئۇ بۇغا بېشىنى دوشىگە قىيسايتىپ قويۇپ، پالتىنى ئېلىپ چاپتى.

— نېمىدېگەن قالتىس مۇڭگۈز بۇ! — دەپ توۋلىدى ئۇ. قارس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ پالتىنىڭ بىسى مۇڭگۈزنىڭ تۈۋىگە قادالدى، — مەن بۇنى بوۋاڭغا بېرىمەن، — دېدى ئۇ بالىغا قاراپ كوزىنى قىسىپ. — ئۇ ئۆلگەن ھامان بىز مۇشۇ مۇڭگۈزنى ئۇنىڭ قەۋرىسى ئۈستىگە قويۇپ قويىمىز. خەقنىڭ ئۇنى ھورمەت قىلمىدىڭلار دېگەنىنى كورىمىز. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق قىلاتتۇق! مۇنداق بىر جۇپ بۇغا مۇڭگۈزى تۇرغان يەردە، بوگۇنلا ئولۇپ كەتسىمۇ گۇنا بولمايدۇ! — ئۇ قاقاقلاپ كۇلدى پالتىنى كوتىرىپ دەللەۋىتىپ.

مۇڭگۈزنى چېپىپ ئاجرىتالمىدى. ئەسلىدە ئۇنى كېسىۋېلىش ئانچە ئوڭاي ئەمەس ئىدى. غەرق مەس بولۇۋالغان ئاروزقۇل پالتىنى پەقەت جايىغا ئۇرالمىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ساراڭلىقى تۇتتى. بۇغىنىڭ بېشى دوشىدىن دومىلاپ چۇشۇپ كەتتى. ئاروزقۇل ئۇنى يەردە تۇرغۇزۇپ چاپتى. بۇغىنىڭ بېشى قاڭقىپ يانغا چۇشتى، ئۇ پالتا بىلەن قوغلاپ يۇرۇپ يەنە چاپتى.

بالا دىر-دىر تىترەيتتى، پالتا ھەر بىر چۇشكىنىدە، ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئارقىسىغا بىر سەنتۈرۈلەتتى، لېكىن ئۇنىڭدا ئوزىنى بۇ يەردىن ئېلىپ كەتكۈدەك دەرمان يوق ئىدى. خۇددى قورقۇنچلۇق چۇش كورگەندىكىدەك، بىر خىل قورقۇنچلۇق ۋە چۇشىنىكسىز كۇچ ئۇنى يەرگە مىخلاپ قويغان ئىدى، ئۇ ۋەھىمە ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. مۇڭگۈزلۇك بۇغا ئانىنىڭ ئەينەك شارچىغا ئوخشايدىغان، ئەمدى چىمچىقلىمايدىغان كوزى پالتىدىن بىزەمۇ قورقمايتتى، مىت قىلمىمۇ قويمايتتى، قورقۇپ يۇمۇلۇپمۇ قالمايتتى. ئۇنىڭ بېشى ئاللىبۇرۇنلا مەينەت

بولۇپ كەتكەن ۋە توپىدا بۇلغانغان بولسمۇ، لېكەن كوزلىرى تېخە-چىلا پاكىز ئىدى، يەنە كېلىپ ئولۇش ئالدىدىكى ھەيران-لىق بىلەن دۇنياغا قاراۋاتقاندەك كورۇنەتتى. بالا غەرق مەس بولۇۋالغان ئاروز-قۇلنىڭ پالتىنى مۇشۇ بىر جۇپ كوزگە ئۇرۇپ تاشلىشىدىن ئەنسە-رەيتتى. بۇغىنىڭ مۇڭگۇزى يەنىلا ئاجرالمىدى. ئاروزقۇل تېخىمۇ ئەسەبىلىشىپ، غالجىرلىشىپ كەتتى، ئۇ پالتىنىڭ بىسى بىلەنلا ئەمەس، پالتىنىڭ چۇلدىسى بىلەنمۇ بۇغىنىڭ بېشىغا كەلسە-كەل-مەس ئۇرغىلى تۇردى.

— بۇنداق قىلساڭ مۇڭگۇزنى كاردىن چىقىرىسەن. پالتىنى ماڭا بەرگىن! — دېدى سېيدەخمەت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— يوقال، ئوزەم چاپىمەن! كاردىن چىقىرىسەن دىگەن قانداق گەپ! — دەپ ۋاقىرىدى ئاروزقۇل پالتىنى كوتىرىپ بوغۇق ئاۋاز بىلەن.

— بوپتۇ، خالىغىنىڭچە قىل! — دەپ چىرتىتىدە تۇكۇرۇپ قويۇپ ئويگە كىرىپ كەتتى سېيدەخمەت. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھىلىقى قارامتۇل، بەستلىك كەلگەن سەھرالىق ئوزىگە بولۇنگەن بىر خالتا گوشنى يۇدۇپ كىرىپ كەتتى.

ئاروزقۇل ياغاچ ئوينىڭ سىرتىدا مەسلەرچە جاھىللىق بىلەن مۇڭ-گۇزلۇك بۇغا ئانىنىڭ بېشىنى چېپىۋەردى. ئۇ گويا ئۇزاقتىن بۇيان كۇتۇپ كەلگەن ئەنتىنى ئېلىۋاتقاندەك ئىدى.

”ھۇ مۇتەھەم! سەن تېخى بىشەملىك قىلغۇچىلىك بولدۇڭما! — دەيتتى ئۇ تۇكۇرۇگىنى چاچرىتىپ، مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانا گويا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغاندەك. ئۇ ئوتۇگى بىلەن بۇغىنىڭ بېشىنى تېپەت-تى. — ياق، سېنىڭ كەپىرلىك قىلىشىڭغا يول قويمايمەن! — دەپ

پالتىنى ئىگىز كۆتىرىپ ئۇستى-ئۇستىلەپ چاپاتتى ئۇ، — سېنى ئەي-ۋاشقا كەلتۈرەلمىسەم. ئىسمىنى يوتكىۋېتىمەن. سېنىڭ ھەددىڭمۇ! سېنىڭ ھەددىڭمۇ!" دەپ پالتىسىنى ئايلاندۇراتتى. بۇغىنىڭ بېشى ئاجرىدى، ئۇششاق سوڭەك پارچىلىرى چاچراپ كەتتى.

پالتا دەل بۇغىنىڭ كوزىگە تەككەندە بالا چىقىرىۋەتتى. ئۇ بۇغى-نىڭ تەتۈر ئورۇلۇپ قالغان كوز قارچۇغىدىن قاپ-قارا، قويۇق بىر سۇيۇقلۇق چاچراپ چىققانلىقىنى كوردى. كوز تۇگىدى، يوقاپ كەتتى، كاۋاك بولۇپ قالدى......

"سېنىڭكىدىن قاتتىق باشىمۇ چىقۇېتىمەن! سېنىڭكىدىن قاتتىق مۇڭگۈزنىمۇ سۇندۇرۇۋېتىمەن!" دەپ ھوكۇرەيتتى ئاروزقۇل بىگۇنا بۇغىنىڭ بېشىغا ھە دەپ ئوزىنىڭ نەپرىتى ۋە ئوچمەنلىگىنى توكۇپ.

ئاخىرى، ئۇ بۇغىنىڭ بېشىنى چوققىسىدىن چېكىسىگىچە ياردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پالتىنى تاشلاپ، بۇغىنىڭ بېشىنى دەسسەپ تۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن مۇڭگۈزىنى تۇتۇپ، يىرتقۇچ ھايۋاندەك، جان-جەھلى بىلەن تارتىشقا باشلىدى. مۇڭگۈز خۇددى يىلتىزىدىن سۇن-دۇرۇلغان دەرەختەك قاراسلاپ ئاجرالدى. بۇ دەل بالا مۇڭگۈزلۈك بۇغا ئانىغا، ئاروزقۇل بىلەن بېكەي ھامىمامىغا خىسلەتلىك بوشۇكنى ئېسىپ ئەكېلىپ بەر دەپ قاتتىق يالۋۇرغان ھېلىقى بىر جۈپ مۇڭگۈز ئىدى.

بالىنىڭ كوڭلى بۇزۇلدى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، قولىدىكى بورەكنى يەرگە قويۇپ قويدى-دە، پۇتىنى سورەپ كېتىپ قالدى. ئۇ ئوزىنىڭ يىقىلىپ چۇشۇشىدىن ياكى كوپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا كوڭلى ئاينىپ دەرھال ھو قىلىپ تاشلىشىدىن غەم قىلاتتى. ئۇ چىرايى تاتارغان، پىشانىسىدىن سوغاق تەر چىققان ھالدا ئوتىنىڭ

يېنىدىن ئۆتتى. ئوت لاۋۇلداپ كويۇۋاتقاچقا، قازاندىن قويۇق قىزىق ھور كۆتىرىلمەكتە ئىدى. ئوتنىڭ يېنىدا بەختسىز مومىن بوۋاي كۆپچىلىككە ئارقىسىنى قىلىپ، ئوتقا قارىغان پېتى ئولتۇراتتى. بالا بوۋىسىنى چوچۇتمىدى. ئۇنىڭ تېزرەك بېرىپ يوتقانغا پۈركۈ-نۈپ يېتىۋالغۇسى كەلگەن ئىدى. ئۇ ھېچنىمىنى كۆرمەسلىكنى، ھېچنىمىنى ئاڭلىماسلىقنى، ھەممىنى ئۇنتۇشنى ئويلايتتى.

ئۇدۇلدىن بېكەي ھامىمىسى چىقىپ كەلدى. ئۇ گەرچە قويۇق ئەڭلىك سۈرتۈۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يۈزىدىكى ئارۇزقۇل ئۇرۇپ كۆكەرتىۋەتكەن يەرلەر ھېلىمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۆزى ناھايىتى جۇدەپ كەتكەن ئىدى، لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ يەنە خۇشال كۆرۈنەتتى، بۇ خۇشاللىق ئۇنىڭ تۇرقىغا ئانچە ماس كەل-مەيتتى. بۈگۈن ئۇ ”چوڭ زىياپەت“ ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ بالىنى توختاتتى ئۇ.

— بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ.

— ۋىيەي، سۆيۈملۈك ئاغرىقىم، — دېدى ئۇ توساتتىنلا قاتتىق ھاياجانلىنىپ بالىنى چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ تۇرۇپ.

ئۇمۇ مەس بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭدىن يىرگىنىشلىك ھاراق پۇرىقى كەلدى.

— بېشىڭ ئاغرىۋاتامدۇ، — دېدى ئۇ يېقىملىق ۋە مۇجمەل ھالدا. — ۋاي جېنىم، بىر نەرسە يېگۈڭ كەلگەندۇ تايىنلىق.

— ياق، يېگۈم يوق. ئۇيقۇم كېلىۋاتىدۇ.

— ئەمىسە جۇر، مەن سېنى يولەپ ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ قوياي. لېكىن سەن نېمىشقا ئۆزەڭ يالغۇز بېرىپ ئۇخلىماقچى بولدۇڭ؟ مېھ-مانلار بىلەن ئۆزىمىزنىڭكىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇش-

ماقچى بولۇۋاتىدۇ. گوش پىشىپ قالدى.ــ شۇنداق دەپلا ئۇ بالىنى سورەشتۇرۇپ ماڭدى. ئۇلار يەنە ئوتنىڭ يېنىدىن ئوتۇپ كېتىۋات-قاندا، ئاروزقۇل ياغاچ ئويىدىن چىقتى، ئۇنىڭ تەرلەپ قىزىرىپ كەتكەن يۈزى ئىنەكنىڭ ئىششىپ قىزىرىپ كەتكەن ئەمچىكىگە ئوخ-شايتتى. ئۇ كورەڭلىگەن هالدا، ئاجرىتىۋالغان بۇغا مۈڭگۈزىنى مومىن بوۋاينىڭ يېنىغا تاشلىدى. بوۋاي قورقىنىدىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ئاروزقۇل ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي، بىر چىلەك سۇنى كوتىرىپ ئېلىپ، سۇنى ئىچكەچ ئوزىنىڭ ئۇستۇبېشىنى چايقىدى.

ــ ئەمدى سەن ئولسەڭمۇ بولىدۇ!ــ ئۇ بوۋايغا شۇنداق دىدى-دە، چىلەكنى ئېلىش ئۇچۇن يەنە ئېڭىشتى. بالا بوۋىسىنىڭ پەس ئاۋازدا:

ــ رەخمەت، بالام، رەخمەت. هازىر ئولۇپ قالسامۇ قورقىنچى-لىك يېرى قالمىدى. ئەلۋەتتە، بۇ مەن ئۇچۇن شەرەپ ۋە هورمەت، شۇنداق دىيىشكە بولىدۇكى......،ــ دىگەن گېپىنى ئاڭلىدى.

ــ مەن ئويگە كىرىپ كېتىمەن،ــ دىدى بالا چىداپ تۇرالماي، ئۇنىڭ پۇتۇن بەدىنى بوشىشىپ كەتكەندەك بولدى.

بېكەي هاممىسى ئۇنى قويۇپ بەرمىدى.

ــ سەن ئۇ يەردە ئوزەڭ يالغۇز قالساڭ، مەزىسى بولمايدۇ،ــ دىدى-دە، بالىنى تارتىپ ئوزىنىڭ ئويىگە ئەكىرىپ، بۇلۇڭدىكى بىر كارۋاتقا ياتقۇزۇپ قويدى.

ئاروزقۇلنىڭ ئويىدە هەممە نەرسە يىيىش-ئىچىشكە تەق قىلىپ قويۇلغان ئىدى. پىشۇرىدىغاننى پىشۇرۇپ، قورۇيدىغاننى قورۇپ بولۇشقان ئىدى. بۇلارنىڭ هەممىسىنى موماي بىلەن گۈلجامال خوشال-

لىق بىلەن ھازىرلىغان ئىدى. بېكەي ھاما بولسا ئوي بىلەن ھويلىغا قالانغان ئوت ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. ئاروزقۇل بىلەن قارامتۇل، بەستلىك كەلگەن كوكېتاي رەڭلىك كورپە ئۈستىدە تەكيىگە يېنچە يولىنىپ، گوش كەلتۈرۈلگىچە چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. نىمىشقىدۇ ئۇلار بىر دەمدىلا تەكەببۇرلىشىپ، ئوزلىرىنى بەگلەردەك تۇتۇشقا باشلىدى. سېيىدەخمەت ئۇلارغا چاي قۇيۇپ بېرىۋاتاتتى.

بالا ھەم قورۇنغان، ھەم جىددىلەشكەن ھالدا بۇلۇڭدا جىمجىت ياتاتتى. ئۇنىڭغا يەنە تىترەك ئولاشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن قوپۇشىغىلا كوڭلى ئايىنىپ ياندۇ-رۇۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلدى. شۇڭا ئۇ كېكىرتىكىگە تىقىلغان بىر نەرسىنى زورىغا بېسىپ، قىمىرلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئاياللار سېيىدەخمەتنى ھويلىغا قىچقاردى، ئارقىدىنلا ئۇ تاغدەك قىلىپ ئىگىز دوۋىلەنگەن، ئىسسىق ھور چىقىپ تۇرغان چوڭ بىر داس گوشنى كوتەرگەن پېتى ئىشكتە پەيدا بولدى. ئۇ بۇ بىر داس نەرسىنى ئاران كوتىرىپ كىرىپ، ئاروزقۇل بىلەن كوكېتاينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئاياللارمۇ باشقا ھەر خىل يىمەكلىكلەرنى كوتىرىپ كىرىپ كەلدى.

كوپچىلىك ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇپ، پىچاق ۋە تەخسىلەرنى تەق-لىدى. سېيىدەخمەت بۇ چاغدا ئىستاكانلارغا ۋوتكا قۇيۇپ كوپچە-لىككە تۇتتى.

— مەن ۋوتكىغا قوماندان بولاي، — دىدى ئۇ بۇلۇڭدىكى ھاراق بوتۇلكىلىرىغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

مومىن بوۋاي ھەممىدىن كېيىن كىردى. بوۋاينىڭ بۈگۈنكى

تۇرقى ئادەتتىكىدىنمۇ غەلىتە ۋە مىسكىن كورۇنەتتى. ئۇ بەكلا بىچارە ئىدى! ئۇ ئۇدۇل كەلگەن بىر يانغىلا قىسىلماقچى بولغان ئىدى، لېكىن قارامتۇل، بەستلىك كەلگەن كوكېتاي ئۇنى سېخىلىك بىلەن ئۇز يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى:

— ماۋۇ ياققا كېلىڭ، ئاقساقال.

— رەخمەت. مەن مۇشۇ يەردىلا ئولتۇراي، بىز ئۇز ئويىمىزدە تۇرساق، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ تەكلىۋىنى رەت قىلماقچى بولۇپ.

— لېكىن، ھەر نىمە دېگەن بىلەن سىز ھەممىمىزدىن چوڭ-دە، — دەپ كوكېتاي كېپىدە چىڭ تۇردى ۋە ئۇنى ئوزى بىلەن سېيدەخمەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئولتۇرغۇزدى، — بىر رۇمكا ئىچىڭ، ئاقساقال. سىزنىڭ بۇ قېتىمقىدەك ئۇتتۇغىڭىز ئۇچۇنمۇ سىز تۇنجى بولۇپ سوز باشلىشىڭىز كېرەك.

مومىن بوۋاي تىڭىرقىغان ھالدا بىرنەچچە قۇرۇق يوتىلىپ قويدى.

— مۇشۇ ئويىنىڭ تېچلىقى ئۇچۇن، — دېدى ئۇ ئارانلا، — نەدە تېچلىق بولسا، شۇ يەردە بەخت بولىدۇ بالىلىرىم.

— دۇرۇس! دۇرۇس! — دەپ كوپچىلىك ئۇنىڭ سوزىنى قۇۋۋەتلەشتى ۋە هاراقنى ئاغزىغا قۇيۇشتى.

— سىز نىمىشقا ئىچمەيسىز؟ ياق، بۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ! كۇيوغلىڭىز بىلەن قىزىڭىزنىڭ بەختىنى تىلەيسىزۇ، ئۇزىڭىز ئىچمەيسىز؟ — دەپ ئەيىپلىدى كوكېتاي ئوڭايسىزلىنىپ تۇرغان مومىن بوۋايىنى.

— ماقۇل، بەخت ئۇچۇن بولغاندىكىن، ماڭا نىمىتى، — دېدى بوۋاي ئالدىراپ. كوپچىلىكنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ، لىپمۇ-لىپ

دىگۇدەك بىر ئۇستاكان ۋوتكىنى ئۇ بىراقلا كوتىرىۋەتتى. ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، ئىغاڭلاشقا باشلىدى.

— مانا بۇسى جايىدا بولدى!

— بىزنىڭ بوۋايغا باشقا بوۋايلار تەڭ كېلەلمەيدۇ.

— سىلەرنىڭ بۇ بوۋاي يارايدىكەن!

كوپچىلىك ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى، ھەممە رازى بولدى، بوۋاينى ھەممە ماختاشتى.

ئۆي بەك ئىسسىپ كەتتى. بالا چىدىسىغۇسىز ئازاپ ئىچىدە ياتاتتى، ھە دەپ ئۇنىڭ بېشى قاياتتى. ئۇ كوزىنى يۇمۇپ ياتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا مەسىلەرنىڭ مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانىنىڭ گوشىنى مالاچلىتىپ يېيىشلىرى، چايناشلىرى، ھاسىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ گوشىنىڭ ئۇبدانراق يەرلىرىنى بىر بىرىگە ئۇتۇنۇشلىرى، ماي بولۇپ كەتكەن ئىستاكانلارنى سوقۇشتۇرغانلىرى، غاجىلاپ بولغان سوڭەكلەرنى قاچىغا تاشلىغانلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— بۇ گوش ئەمەس، گوشمۇ بۇنداق مەزىلىك بولمايدۇ! — دىدى كوكېتاي تەرىپلەپ.

— نىمە، تاغ ئىچىدە ئولتۇرۇپمۇ مۇنداق گوشنى يىمەيدىغانغا بىز ئەخمەقمىدۇق؟ — دىدى ئاروزقۇل.

— دۇرۇس، بىز مانا مۇشۇنىڭ ئۇچۇنلا تاغ ئىچىدە تۇرۇۋاتىمىز، — دىدى سېيدەخمەت گەپكە قوشۇلۇپ.

ھەممەيلەن مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانىنىڭ گوشىنى ماختىدى. مومىسى، بېكەي ھامىسى، گۈلجامال، ھەتتا مومىن بوۋايمۇ ماختىدى. ئۇلار بالىغىمۇ تەخسىدە گوش ۋە باشقا يىمەكلىكلەرنى ئەكېلىپ بەردى، لېكىن ئۇ رەت قىلدى. مەس بولۇپ قالغان كىشىلەر ئۇنىڭ

سالامەتلىگى ياخشى ئەمەسلىگىنى كورۇپ، ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردى.

بالا چىشىنى چىڭ چىشلەپ ياتاتتى، مۇشۇنداق قىلسا، ئۇنىڭغا كوڭلى ئاينىشنى ئاسانراق باسقىلى بولىدىغاندەك بىلىنەتتى، لېكىن ئۇنى ئۇنىڭ ئۆزىنى يارامسىز ھېس قىلىشى، مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بۇ كىشىلەرگە نىسبەتەن ھېچ قانداق ئامال قىلالمىغانلىغى ھەممىدىن بەك ئازاپلايتتى. ئۇ بالىلارغا خاس ھەقسىزلىقنى غەزەپ ۋە ئۈمىتسىزلىك ئىچىدە خىلمۇ-خىل قىساس ئېلىش ئۇسۇللىرىنى — قانداق قىلغاندا ئۇلارنى جازالاپ، ئۇلارنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىگىنى ئۆزلىرىگە تونۇتۇپ قويغىلى بولىدىغانلىغىنى ئويلايتتى. لېكىن ئۇ قۇلبېكنى ياردەمگە چاقىرىشنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن باشقا، ھېچقانداق ياخشى چارە تاپالمىدى. دۇرۇس، ماتىروس كىيىمىنى كىيىۋالغان، ھىلىقى شۇۋىرغانلىق كېچىسى نۇرغۇن ياش شوپۇرلار بىلەن بىللە قۇرۇق ئوت بېسىشقا كەلگەن ئاشۇ يىگىتنى چاقىرىپ كېلىش كېرەك. ئۇ ئۆزى تونۇيدىغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئاروزقۇلنى بوي سۇندۇرالايدىغان ھەمدە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ ھەنىنۋا ھەققەتنى ئېيتىپ بېرەلەيدىغان بىردىنبىر ئادەم ئاشۇ ئىدى.

قۇلبېك ئۇنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلىسىلا جەزمەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىپ، ئاپتوماتىنى توغرىسىغا ئاسقان پېتى كابىنىكىدىن سەكرەپ چۈشۈپ: "قېنى ئۇلار؟" دەپ سورايدۇ. "ئاۋۇ يەردە!" دىگەن جاۋاپ بىلەن تەڭ ئىككىسى ئاروزقۇلنىڭ ئويىگە ئېتىلىپ بېرىپ، ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئاچىدۇ. "مىدىرلىما! كوتەر قولۇڭنى!" دەپ قۇلبېك ئىشىك ئالدىدا ئاپتوماتىنى تەڭلەپ تۇرۇپ ھەيۋەت

بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى قورقىنىدىن جان-پېنى چىقىپ، ئۆلتۈرگان يېرىدە داڭ قېتىپ قالىدۇ. گوش ئۇلارنىڭ گېلىغا تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇلار يەپ تويغان، ئىچىپ مەس بولغان بولۇپ، يۈزلىرىمۇ، ئېغىزلىرىمۇ غىچ ماي بولۇپ كەتكەن ئىدى، ئۇلار ماي قوللىرىدا سوڭەكلەرنى تۇتقان پېتى، قىمىر قىلالماي تۇرۇپ قالىدۇ.

"ئىلدام بول، تۇر ئورنۇڭدىن، ھايۋان!" دەپ قۇلبېك ئاپتوماتنى ئاروزقۇلنىڭ چېكىسىگە تەڭلەيدۇ. ئاروزقۇل لاغىلداپ تىترەپ، قۇلبېكنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، دۇدۇقلىغان ھالدا: "مېنى كەچۈ......رۈڭلار، مېنى ئۆلتۈر......مەڭلار!" دەيدۇ. لېكىن قۇلبېك ئۇنىڭغا رەھىم قىلماي: "ماڭ چىق، ھايۋان! سېنىڭ ئىشىڭ تۈگىدى!" دەپ توۋلايدۇ ھەمدە ئاروزقۇلنىڭ سېمىز كاسىسىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى تېپىپ، ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۆلتۈرگانلارنىڭ ھەممىسى قورقىنىدىن زۇۋانىمۇ سۇرمەي، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھويلىغا چىقىدۇ.

"ئىلدام بول، تامنىڭ تۈۋىگە بېرىپ تۇر!—دەپ ئاروزقۇلغا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ قۇلبېك،—سەن مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانىنى ئۆلتۈرگەنلىگىڭ، ئۇنىڭ بوشۇك ئاسىدىغان مۈڭگۈزىنى چېپىۋەتكەنلىگىڭ ئۈچۈن، سېنى ئۆلۈم جازاسىغا ھوكۈم قىلىمەن!" ئاروزقۇل توپىغا يىقىلىدۇ. "مېنى ئۆلتۈرمەڭلار، مېنىڭ بالامۇ يوق. بۇ دۇنيادا ئۆزەم يالغۇزلا بىر ئادەم. ئوغلۇممۇ يوق، قىزىممۇ يوق......" دەپ ئۆملەيدۇ، دات-پەريات سالىدۇ، نالە قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئادەتتىكى زالىملىق ئەپتى ئەمدى يوقتۇ؟ بىچارە، ئەرزىمەس توخۇ يۈرەك! بۇنداق ئادەم ئۆلتۈرۈشكىمۇ ھەرگىز

ئەرزىمەيدۇ.

"بوپتۇ، ئۇنى ئولتۇرمەيلى، — دەيدۇ قۇلبىككە بالا، — لېكىن ئۇ بۇ يەردىن كەتسۇن، ئىككىنچى قايىتىپ كەلگۈچى بولمىسۇن. بۇ يەردە ئۇنىڭ لازىمى يوق. ئۇ يوقالسۇن!"

ئىنتايىن سېمىز، مەگزىدىكى گوشلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان ئاروز-قۇل ئورنىدىن تۇرۇپ. چۇشۇپ كەتكەن ئىشتىنىنى يۇقۇرى تارتىپ، بېشىنى كوتىرىشكىمۇ جۇرئەت قىلالماي بەدەر تىكىۋېتىدۇ. لېكىن قۇلبېك ئۇشتۇمتۇت ئۇنى قىچقىرىپ: "توختا! بىز ساڭا ئاخىرقى بىر ئېغىز گەپنى قىلىپ قويماقچىمىز. سەن مەڭگۇ پەرزەنت كورەلمەيسەن. سەن بىر ياۋۇز، يارامسىز ئادەم. بۇ يەردە سېنى ھېچكىم ياخشى كور-مەيدۇ. ئورمان سېنى ياخشى كورمەيدۇ، ھەر بىر تۇپ دەرەخ، ھەتتا ھەر بىر تال گىيامۇ سېنى ياخشى كورمەيدۇ. سەن دىگەن فاشىست. ماڭ، مەڭگۇ قايتىپ كەلمە. يوقال، چاپسان يوقال!" دەيدۇ. ئاروز-قۇل بۇرۇلۇپمۇ قويماي تىكىۋېتىدۇ. قۇلبېك "پەخەس بىزل! پەخەس بول!" دەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاقاقلاپ كۇلىدۇ، يەنە تېخى ئۇنى قورقۇتۇپ ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي ئوقمۇ ئاتىدۇ.

بالا خوشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي كېتىدۇ. ئاروزقۇلىنىڭ قارىسى يۇتكەندە، قۇلبېك خىجىللىق ئىچىدە ئىشىك ئالدىدا تۇرغان باشقىلارغا: "سىلەر نېمىشقا مۇشۇنداق ئادەم بىلەن بىللە ياشايسىلەر؟ ئۇزا تارتىشنى بىلمەيدىكەنسىلەر!" دەيدۇ.

بۇ چاغدا بالا خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بولىدى. ھەقىقانى سوت ئاياقلاشتى. ئۇ ئوزىنىڭ خىيالىغا شۇنچىلىك ئىشىنەتتىكى، ھەتتا ئوزىنىڭ قەيەردە ياتقانلىقىنىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئاروزقۇلنىڭ ئويىدە ھاراق ئىچىشۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.

تۇيۇقسىز كوتىرىلگەن كۆلكە ئۇنى بەختلىك مەنزىلدىن قايتۇرۇپ كەلدى. بالا كوزىنى ئىچىپ تىكىشاشقا باشلىدى. مومىن بوۋاي ئويدە يوق ئىدى. ئۇ ئىھتىمال قاياققىدۇ بىر ياققا كەتكەن بولسا كېرەك. ئاياللار قاچا-قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، چاي ئەكېلىشكە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. سېيدەخمەت يوغان ئاۋازى بىلەن نىمىنىدۇ سوزلەۋاتاتتى. كىشلەر ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاتتىق كۇلۇشمەكتە ئىدى.

—كېيىن قانداق بولدى؟

—ئېيتساڭچۇ!

—ياق، گېپىمنى ئاڭلا، ئېيتقىنا، يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ بەرگىنە، — دەپ تەلەپ قىلاتتى ئاروزقۇل جېنىنىڭ بېرىچە كۇلۇپ تۇرۇپ، — سەن ئۇنىڭغا نىمە دىدىڭ؟ ئۇنى قانداق قورقۇتتۇڭ؟ ۋاي-ۋۇي، ئادەمنى ئەجەپمۇ كۇلدۇرۇۋەتتىڭ!

—خوش، شۇنداق قىلىپ، —دەپ سېيدەخمەت ئېيتىپ بولغان ھىكايىسىنى خوشاللىق بىلەن يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ بەردى: —بىز بۇغىلارغا يېقىن كەلسەك، ئۇلار ئورمانىنىڭ چېتىدە تۇرۇپتۇ، ئۇچەلىسى بار ئىكەن. بىز ئاتلارنى ئەمدىلا دەرەخقە باغلاپ تۇرساق، بوۋاي تۇيۇقسىز مېنىڭ قولۇمنى تارتىپ تۇرۇپ: "بۇغىنى ئاتساق بولمايدۇ. بىز ھەممىمىز بۇغا ئەۋلاتلىرى، مۇڭگۇزلۇك بۇغا ئانىنىڭ بالىلىرى!" دىدى. ئۇ تېخى كىچىك بالىدەك ماڭا تىكىلىپ، كوزلىرى بىلەن مەندىن تىلىدى. مېنىڭچۇ، كۇلگۇم كېلىپ دېمىم ئۇزۇلۇپ قېلىشقا تاس قالغان بولسىمۇ، كۇلمىدىم. ئەكسىچە، ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن: "سەن نىمە قىلماقچى، تۇرمىگە چۈشكۈڭ كېلىپ قالدىمۇ؟" دىدىم. "ياق" دىدى ئۇ. "بىلىپ قوي، بۇ دىگەن

باي - اويـلار زۇلـمەتلـك زامانلاردا كەمـبەغەلـلەرنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئويلاپ تاپقان ئەپسانە!“ دىدىم. بۇ چاغدا ئۇ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ: ”نىمە دىدىـڭ؟“ دـدى. ”مېنىڭ دەيـدىغـنىم مانا شۇ، بۇنداق بىمەنە گېپىڭـنى قوي، بولمىسا يېشىڭـنىڭ چوڭىيىپ قالغانـلىغىغا قارىماي، ئەرز يېزىپ ئۈستۈڭـدىن شكايەت قىلىمەن“ دىدىم.

—ھا - ھا - ھا، — ئولتۇرغانلار تەڭلا قاتـتىق كۈلۈشۈپ كەتـتى. ئاروزقۇل ھەممىدىن قاتتىق كۈلـدى. ئۇنىڭ كۈلكىـسىدىن ھەققەـتەنمۇ كورەڭلىك چىقىپ تۇراتتى.

—شۇنداق قىلىپ، بىز تۇيدۇرماي بۇغىلارغا يېقىنلاپ باردۇق. ئۇلارنىڭ ئورنىدا باشقا ھايۋان بولىدىغان بولسا، ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەن بولۇپ، سايىـسىنىمۇ كورەلمىگەن بولاتـتۇق، دوتـلۇكـتە تەگدىشى يوق بۇ بۇغىلار بولسا قاچمىدى، بىزدىن قورقمايدىغاندەك تۇراتتى. ئوبدان بولدى، بۇنـداق بولسا تېخىـمۇ ئوبـدان بولـدۇ دەپ ئويلىدىم مەن، — دەپ سوزلەيتتى تەڭشـلىپ قالغان سېيىدەخـمەت پو ئېتىپ، — مەن مىلـتىقنى ئېلـىپ ئالـدىدا ماڭدـم. بوۋاي كەينىمدىن ماڭدى، شۇ چاغدا مەن ئۇشتۇمتۇت ئىككىلىنىپ قالدىم. مەن ئومرۇمدە ھەتتا بىرەر قۇشقاچنىمۇ ئېتىپ باقمـغان ئىدىم، شۇ تاپتا، ئەگەر بىر پاي ئوق بىلەن تەككۇزەلمەي قالـسام، ئۇلار شۇـئان جاڭگالغا قېچىپ كىرىـپ كېتەتـتى، ئۇ چاغـدا ئۇلارنى ئىزلەپ تاپالمىغان، قوغلاپ يېتەلمىگەن بولاتتىـڭ. ئۇلار تاغدىن ئارتىلـىپ قېچىپ كېتەتتى. بۇنداق ئوۋنى قولدىن چىقىرىـپ قويۇشنى كىمـمۇ خالىسۇن؟ بىزنىڭ بوۋاي بولـسا ئوۋچى ئىـدى، ئېيـىق ئوۋلـغان ئوۋچى ئىـدى. شۇڭـا مەن ئۇنىـڭغا: بوۋاي، مىـلتىقـنى مە، سەن ئاتقىن، دىدىـم. ئۇ زادى ئۇنىـماي، ئوزەڭ ئات دەپ تۇرىۋالدى.

مەن، مېنىڭ مەس بولۇپ قالغانلىقىمنى كورمىدىڭمۇ؟ دىدىم-دە، خۇددى تۇرالماي قالغاندەك. دەلدۈگۈنۈشكە باشلىدىم. ئۇ مېنىڭ ياغاچنى دەريادىن سورەپ چىقارغاندىن كېيىن سىلەر بىلەن بىللە بىر بوتۇلكا هاراق ئىچكىنىمنى كورگەن ئىدى. شۇڭا مەن يالغانلاتتىن ئاشۇنداق بولۇۋالدىم.

— ها-ها-ها.....

— تەككۈزەلمەي قالسام، بۇغا قېچىپ كېتىدۇ، ئىككىنچى كەلمەيدۇ. بىز قۇرۇق قول كەتسەك بولمايدۇ. بۇنى ئوزەڭمۇ بىلىسەن. بولمىسا ئوزەڭ بىل. بىزنى بۇ يەرگە نىمىشقا ئەۋەتكەن؟ دىدىم. ئۇ ئۇنچىقمىدى، لېكىن مىلتىقنىمۇ ئالمىدى. مەن: بوپتۇ، خالىغىنىڭچە بولسۇن دىدىم-دە، كېتىشكە تەمشەلگەندەك قىلىپ مىلتىقنى تاشلاپ قويدۇم. ئۇ ماڭا ئەگىشىپ ماڭدى. مەن ئۇنىڭغا: مەن ئۇچۇن هېچ ۋەقەسى يوق، ئاروزقۇل مېنى هەيدىۋەتسە، سوۋخوزغا بېرىپ ئىشلەۋېرىمەن، سەنچۇ، مۇشۇنچىلا ياشىنىپ قالغان ئادەم نەگە بارارسەن؟ دىدىم. ئۇ گەپ قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ مەن قەستەن ئاستا ناخشا ئېيتقىلى تۇردۇم:

قىپ-قىزىل تاغدىن چۈشتۈم،
قىپ-قىزىل ئاتقا مىنىپ،
هەي،قىپ-قىزىل سودىگەر ئىشكىنى ئاچ.....

— ها-ها-ها.....

— ئۇ مېنى راستىلا مەس بولۇپ قاپتۇ دەپ چۈمپۈتتى-دە، مىلتىقنى ئېلىشقا ماڭدى. مەنمۇ ئارقىدىن ماڭدىم. بىر گەپ

قىلىشىۋاتقان چاغدا بۇغىلار سەل يىراققا كېتىپ قاپتۇ. ھەمانا قارا، ئۇلار يىراقلاپ كەتسە قوغلاپ يېتەلمەيسەن. ئۇلار ئۈركۈپ قاچمىغان چاغدا ئېتىۋالغىن دىدىم. بوۋاي مىلتىقىنى ئالدى، بىز تۈيدۈرماي ئارقىدىن باردۇق. ئۇ خۇددى مەتۇ بولۇپ قالغاندەك، ھە دەپ:"مىنى كەچۈرگىن، مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانا، مىنى كەچۈرگىن......" دەپ پىچىرلايتتى. مەن بولسام: پەخەس بول، ئەگەر تەككۈزەلمەي قالساڭ، سەنمۇ بۇغىلار بىلەن بىللە قېچىپ خالىغان يەرىڭگە كەتكىن، ئەڭ ياخشىسى قايتىپ كەلمىگىن، دىدىم.

— ھا-ھا-ھا.....

بەتبۇي ھاراق پۇرىغى ۋە ئەسەبىلەرچە كۈلكە ساداسى ئىچىدە، بالا ئۆزىنى بارغانسېرى قىزىپ، بارغانسېرى دىمى تۇتۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك ھىس قىلدى، ئۇنىڭ بېشى خۇددى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك لوقۇلداپ ئاغرىيتتى. ئۇنىڭغا بىرسى پۇتى بىلەن بېشىغا تېپىۋاتقاندەك، پالتا بىلەن بېشىنى چاناۋاتقاندەك، بىرسى پالتا بىلەن ئۇنىڭ كۆزىنى چەللەۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇ بېشىنى سىلكىپ، كۈچىنىڭ بېرىچە ئۆزىنى قاچۇرماقچى بولاتتى. قىزىپ ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدە ماغدۇر قالمىغان ئىدى، ئۇ تۇيۇقسىزلا مۇزدەك دەرياغا چۈشۈپ كەتكەندەك بولدى، ئۇ بىلىققا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ قۇيرۇغى بەدىنى، قاناتلىرى — ھەممىسى بېلىقنىڭكىگە ئوخشايتتى، پەقەت بېشىلا ئۆزىنىڭ بولۇپ، يەنىلا ئاغرىپ تۇراتتى. ئۇ تىپ-تىنچ، قاراڭغۇ، سوپ-سۈزۈك سۇ ئاستىدا ئۈزۈشكە باشلىدى ھەمدە مەڭگۇ بېلىق بولۇپ يۈرۈۋېرىشنى، ئىككىنچى تاغ ئىچىگە قايتىپ بارماسلىقنى ئويلىدى. "مەن كەتمەيمەن، — دەيتتى ئۇ ئۆزىگە. — يەنىلا بېلىق بولغان ياخشى ئىكەن، بېلىق بولغان ياخشى ئىكەن......"

بالىنىڭ كارۋاتتىن چۈشۈپ تالاغا چىقىپ كەتكەنلىكىگە ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. ئۇ ئەمدىلا بىر بولۇكغا يېتىپ بېرىپ، ياندۇرۇشقا باشلىدى، بالا تامنى تۇتۇپ ئىگرىدى، يىغلىدى ھەمدە ئوكسىگەن ھالدا مۇجمەل قىلىپ:

”ياق، يەنىلا بېلىقتا ئايلىنىپ قالغىنىم تۈزۈك. مەن بۇ يەردىن ئۆزۈپ كېتىمەن. يەنىلا بېلىقتا ئايلىنىپ قالغىنىم ياخشى!“ دېدى.

ئاروزقۇلنىڭ ئويىدە مەسىلەر ئەسەبىلەرچە كۆلۈشمەكتە، چىقىراشماقتا ئىدى. بۇ ۋەھشى كۆلكە ئاۋازى بالىنىڭ بېشىنى تېخىمۇ ئايلاندۇرۇپ، چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىتاتتى ۋە ئۇنى قىيناپتتى. ئۇنىڭ ھس قىلىشچە، ئۇ ئىنسانىيەتچىلىك قىلىپىدىن چىققان مانا مۇشۇ كۆلكە ئاۋازىنى ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن مەيۈسلەنمەكتە ئىدى. ئۇ ئازراق دېمىنى ئېلىۋېلىپ، ھويلىنى بويلاپ ماڭدى. ھويلىدا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى، ئوچۇپ قالغان ئوتنىڭ يېنىدا، ئۇ ئولۇكتەك مەس بولۇپ ياتقان مومىن بوۋايغا پۈتلىشىپ كەتتى. بوۋاي توپىغا مىلىنىپ، مۈڭگۈزلۈك بۇغا ئانىنىڭ چېپىپ تاشلانغان مۈڭگۈزى بىلەن بىر يەردە ياتاتتى. يېنىدا بىر ئىت بۇغا بېشىنىڭ پارچىسىنى غاجىلىماقتا ئىدى. مۇشۇنىڭدىن باشقا ھويلىدا ھېچكىم يوق ئىدى.

بالا ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. دەريا بويىغا بېرىپ سۇغا قەدەم تاشلاپ كىردى. تېپىلىپ يىقىلىپ كېتىشىگە قارىماي، تېيىز سايدا يۈگۈرۈپ ماڭدى، مۇزدەك سۇدا توڭلاپ تىترەپ كەتتى. سۇ چوڭقۇر، ئېتىنىك ئاقىدىغان يەرگە كەلگەندە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ جىددى ئېقىم ئىچىدە تىرمىشىپ، ئېقىپ كەتتى، ئاستا-ئاستا نەپەسى بوغۇلۇپ قېتىپ قالدى.

ئۇ دەريادا ئاقاتتى، ئۇنىڭ يۈزى بىردەم يۇقۇرىغا، بىر دەم تۆۋەنگە بولاتتى. ئۇ بىردەم تاشلارغا تاقىشىپ تۇرۇپ قالاتتى، بىر-دەم جىددى ئېقىمدا ئوقتەك ئاقاتتى.

بالىنىڭ دەريادا بېلىقتا ئوخشاش ئۈزۈپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ھويلىدىن مەسنىڭ ناخشا ئاۋازى كېلەتتى:

دۈمچەك - دۈمچەك تاغدىن چۈشتۈم،
دۈمچەك بىر توگىگە مىنىپ.
ھەي، دۈمچەك سودىگەر ئىشىكنى ئاچ،
بەزمە قىلايلى ئاچچىق شاراپ ئىچىپ......

* * *

سەن بۇ ناخشىنى ئاڭلىيالمايسەن. سەن ئۈزۈپ كەتتىڭ ئۇكا، سەن ئۆزەڭنىڭ چوچىگى ئىچىدە ئۈزۈپ كەتتىڭ. سەن ئۆزەڭنىڭ مەڭگۇ بېلىقتا ئايلىنالمايدىغانلىغىڭنى، مەڭگۇ ئىسسىق كولگە ئۈزۈپ بارالمايدىغانلىغىڭنى، ئاق پاراخوتنى كورەلمەيدىغانلىغىڭنى، ئۇنىڭغا: "سالام، ئاق پاراخوت، مانا مەن!" دىيەلمەيدىغانلىغىڭنى بىلەمسەن؟ سەن ئۈزۈپ كەتتىڭ.

مەن ھازىر مۇنداق بىرلا نەرسىنى ئېيتىپ قويالايمەن — سەن ئۆزەڭنىڭ بالىلىق قەلبىڭ كېلىشەلمەيدىغان نەرسىنى ئىنكار قىلدىڭ. بۇ بولسا دەل مەن ئۈچۈن بىر تەسەللى. سېنىڭ ھاياتىڭ يالت قىلىپلا ئوچۇپ قالغان چاقماقتەكلا ئوتۇپ كەتتى. چاقماق ئاسماننى سىجاپ ئوتۇپ كېتىدۇ، لېكىن ئاسمان مەڭگۇ شۇنداق تۇرىۋېرىدۇ. بۇمۇ مەن ئۈچۈن بىر تەسەللى. ماڭا تەسەللى

بولىدىغان نەرسە يەنە شۇكى، خۇددى ئۇرۇق ئىچىدە تورەلمە بولغىنىغا ئوخشاش، ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ بالىلىق ۋىجدان بولىدۇ، — تورەلمە بولمىسا، ئۇرۇق كوكلىيەلمەيدۇ. دۇنيادا بىزنى نىملەرنىڭ كۇتۇپ تۇرغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ئىنسانلار تۇغۇلۇپ ۋە ئولۇپ تۇرىدىغانلا بولسا، ھەقىقەت مەڭگۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ......

بالا، سەن بىلەن ۋىدالىشىدىغان چاغدا، سىنىڭ سوزۇڭنى تەكرار-لاپ قويماقچىمەن: ”سالام، ئاق پاراخوت، مانا مەن!“

本书根据人民文学出版社1979年2月北京第1版湖北第1次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاپ خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1979 ـ
يىل 2 ـ ئايدا بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى خۇبېي
1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

Чингиз Айтматов

**БЕЛЫЙ ПАРОХОД**

**ئاق پاراخوت**

[سوۋېت ئىتتىپاقى] چىنگىز ئايتماتوۋ
تەرجىمە قىلغۇچىلار: دىلبەر ياقۇپ، ئەزىزجان مەخسۇت، ئىسمائىل ئىبراھىم
تەرجىمىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: خوجائابدۇللا ئوسمان
مەسئۇل كوررېكتور: نۇربىيە ئەزىز
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1981 ـ يىل 12 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1981 ـ يىل 12 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 0.33 يۈەن
(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلدۇ)

# 白 轮 船

（维吾尔文）

〔苏〕 钦吉斯·艾特玛托夫著

地力拜尔，艾则孜江，司马义译

霍加阿布都拉校订

责任校对：努尔毕娅

民族出版社出版 新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：850×1168毫米1/32 印张 7 1/8

1981年12月第1版

1981年12月北京第1次印刷

印数：0001—6,300册 定价：0.33元

书号： M10049(4)118

内 部 发 行

封面设计　王　琮

内部发行

书号　M10049(4)118

定价　0.35元